شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىجتىمائىي پەن بويىچە
مۇنەۋۋەر بولۇپ باھالانغان ژۇرنال


# تەڭرىتاغ

◎ 120 مىڭ يۈەنلىك مۈكاپاتقا ئېرىشكەن كاتتا ئىگە.
ر - دا چيۇ جۇاڭ كەنتىنىڭ كەچۈرمىشلىرى

◎ ياپونىيە ۋە ئۇيغۇر دوكتورلار
◎ يىلان ھەققىدە چۆچەك

6
1999


ائىلە، مۇھەببەت ۋە تۇرمۇش سۈرەتلىرى
« لىيىغان بۇلاق » قا سەپەر



ISSN 1004-17
9 771004 174004

# TANGRITAG

# مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتى شىنجاڭ شۆبىسى




مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ، پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ، شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇدىرى ، ئۇيغۇرچە « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئىدرىس بارات

مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا بىۋاسىتە قاراشلىق مەھكىمە -ئىدارە دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن بولۇپ ، 56 مىللەتكە يۈزلەنگەن « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە ، موڭغۇلچە ، ئۇيغۇرچە ، قازاقچە ، چاۋشيەنچە نەشرلىرىنى تەھرىرلەپ نەشر قىلىش ، تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان .

1991 - يىلى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى ئۇيغۇرچە ، قازاقچە « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىنى ئۇرۇمچىدە ئىش ئورنى تەسىس قىلىپ چىقىرىشنى ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى .

شىنجاڭ شۆبىسى ئۇيغۇرچە ، قازاقچە « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىنى تەھرىرلەش ، نەشر قىلىش ، تارقىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل ، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدۇ . ھازىر شىنجاڭ شۆبىسىدە مۇدىر ئىشخانىسى ، ئۇيغۇر بۆلۈمى ، قازاق بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، ئۇيغۇر ، قازاق ، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتلەردىن خىللانغان 11خادىم بار . شىنجاڭ شۆبىسىدە پارتىيە ياچېيكىسى ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان .

ئۇيغۇرچە « مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلى مىللەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىشتەك روشەن تەشۋىقات ئالاھىدىلىكى بىلەن كەڭ بىلىمخۇمار ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولماقتا .


شىنجاڭ شۆبىسىدىكى بارلىق خادىملار باغدا

# تەڭرىتاغ

# 6
# 1999

# TÄNGRITAG

باش مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا

## تەھرىر ھەيئەتلەر

مۇرات مەتنىياز، ئىمىن ئەھمىدى، ئازات سۇلتان، بوغدا ئابدۇللا، ماخمۇتجان ئىسلام، مۇختار مەخسۇت، تۇردى ھاشىم، غوپۇر نۇر، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ھەبىبۇللا ئىلياس، ھەبىبۇللا مۇھەممەت، پولات ھېۋزۇللا، ئەركىن نۇر، ھەبىبۇللا سادىر، ئەكبەر ئېلى.

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن نۇر
مۇھەررىرلەر: ئەكبەر سالىھ
سەنەۋەر ئۆمەر
گالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ
تارقىتىش خادىمى: ئىمىر ھەسەن
ژۇرنىلىمىز قانۇن مەسلىھەتچىسى:
ئابلىمىت رەھىم

( قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

## ئەدەبىي خاتىرە

ياپونىيە ۋە ئۇيغۇر دوكتورلار ........................ كېرەم روزى يارقىن 4

## ئەدەبىي ئاخبارات

دا چيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ........................ فېڭ جى
........................................ سەمەت دۇگايلى تەرجىمىسى 78

## ھېكايىلەر

يىلان ھەققىدە چۆچەك ........................................ ئېلتىكىن 20
بىر ھويلىدا ئۈچ چوكان ........................ . ئابدۇرېھىم مەنسۇرى 48

## شېئىرلار

ئەزىزى، ئەكبەر نىياز پەتتارى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت، مۇتەللىپ خۇرسەندى، مۇھەممەتجان 26

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تەرىپىدىن چىقىرىلىدى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلىدى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16-نومۇر
تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782-خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
CN65 —1012/1
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 _ 52
پارچە سېتىلىشى: 4.40 يۈەن



1999/6
ئومۇمىي 77 - سان


# مۇندەرىجە


ئەمەت، غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت ........................ 26

## ئەسەر ۋە بەس - مۇنازىرە

«لېيغان بۇلاق» قا سەپەر ........................ ئەزىزى 31

## روماندىن پارچە

لېيغان بۇلاق ........................ جالالىدىن بەھرام 42

## ئائىلە، مۇھەببەت ۋە تۇرمۇش سۆرەتلىرى

چاقنى بۇزغان تانسى، قىزنى بۇزغان ئانسى ........................ ئەلپىدا 65

## يۇزمۇ - يۇز

ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسىر ئاخىرىدا ئېيتقانلىرى ........ ئەكرەم ئابدۇمجىت، نۇرئەخمەت غوپۇر 68


**ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# ياپونىيە ۋە ئۇيغۇر دوكتورلار

(ئەدەبىي خاتىرە)

كېرەم روزى يارقىن

*كېرەم روزى يارقىن 1952 - يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1959 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئۇنىڭدىن كېيىن 5 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. 1970 - يىلدىن 1972 - يىلغىچە قۇتۇبى نەسىللىك كالا فېرمىسىدا قايتا تەربىيە ئالغان. 1972 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شىنجاڭ بىناكارلىق تەتقىقات ئورنىدا ئىشلىگەن. 1984 - يىلى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن شىنجاڭ قاتناش يەن تەتقىقات ئورنىغا يۆتكىلىپ كەلگەن. 1994 - يىلدىن 1996 - يىلغىچە شىئەن تاشيول قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇتۇشىدا مەخسۇس تېما بويىچە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان.*

*كېرەم روزى يارقىن 1980 - يىلدىن باشلاپ ئېشتىن سىرت ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «تارىم»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 50 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلغان. ئۇ يېقىندا «ئۇچار كۇنلۇك» ناملىق ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلەر توپلىمىنى نەشرگە تاپشۇردى. ئۇ ھازىر شىنجاڭ قاتناش يەن تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، پروفېسسور دەرىجىلىك ئالىي ئىنژېنېرى.*

1999 - يىلى 26 - ئىيۇلدىن 9 - ئاۋغۇستقىچە ياپونىيە ماشىنسازلىق ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن يەن تەتقىقات ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ جەرياندا ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ۋە ئىشلەۋاتقان بىر قىسىم شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش، تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە ياپونىيىدىكى ئىككى جەمئىيەتنىڭ جۇڭگو شىنجاڭ ۋە ياپونىيە دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئويناۋاتقان رولىنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ ھەقتە ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە بۇ ماقالىنى يازدىم.

## ئىلىم مۇنبىرىدىكى يۇرتداشلار

28 - ئىيۇل ياپونىيە ۋاقتى سائەت توققۇز، مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئىككىنچى كۈنى. زال ھەرقايسى دۆلەت ۋە ساھەلەردىن كەلگەن مۇتەخەسسىس، پروفېسسور، ئالىملار بىلەن تولغان بولۇپ، مەن 6 - رەتتىكى ئورۇندا ئولتۇراتتىم. مەن قولۇمدىكى مۇندەرىجىنى ۋاراقلاپ تۇرۇپ كۆزۈم مۇھەممەتئىمىن غېنى دېگەن ئىسىمگە چۈشۈپ قالدى - دە، «بۇ كىمدۇ، بەلكىم بىرەر مۇسۇلمان دۆلىتىدىن كەلگەن بىرسى بولسا كېرەك» دەپ تۇرۇشۇمغا ئېگىز بوي، قاڭشارلىق، كۆزلىرىدىن ئۈمىد ۋە جاسارەت چاقناپ تۇرغان 35 ياشلار چامىسىدىكى بىر ياش سەھنىگە چىقىپ، ياپونچە ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن ياپون تىلىدا ئۆزىنىڭ ئىلمىي ماقالىسىنى بايان قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئىلمىي دوكلاتىنى تاماملىغاندىن كېيىن سورالغان سوئاللارغا قىلچە تەمتىرىمەستىن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىپ، يىغىن ئەھلىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇ سەھنىدىن چۈشۈپ چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلىغىنىچە مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ، غۇلاچلىرىنى كەڭ يېيىپ: «بارىكاللا، سۆيۈملۈك

قېرىنداش، مۇندەرىجىدىن ئىسمىڭىزنى، ئىدارىڭىزنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشاللانغان ۋە ھاياجانلانغانىدىم، ھالبۇكى تۈنۈگۈن جىددىي تەييارلىق بىلەن سىزنىڭ ئىلمىي ماقالىڭىزنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولالمىدىم. ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس، كەچۈرۈڭ» دېگىنىچە مېنى چىڭ قۇچاقلىدى. مەنمۇ ئۇنى قۇچاقلىدىم. بىز بىر ھازادىن كېيىن چىڭ بېسىلغان غۇلاچلىرىمىزنى ئاجرىتىپ، قوللىرىمىزنى چىڭ قىسىشتۇق. دۇنيا سەھنىسىدىكى ئۇچرىششىمىز، ئۇتۇقلىرىمىز ۋە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىمىزنى ئۆزئارا تەبرىكلەشتۇق. شۇندىن كېيىنلا ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ بىزگە قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بىردىنلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئۇ مېنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇستازى ھازىرقى كەسپدىشىغا تونۇشتۇردى.

تۈنۈگۈنكى ئېچىلىش مۇراسىمى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلىپ، مەندە زور قىزىقىش پەيدا قىلغاچقا بۈگۈنگىچە شۇ توغرۇلۇق ئويلاپ كېلىۋاتاتتىم. ئۇ بولسىمۇ مۇشۇنداق چوڭ يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى شۇنچە ئاددىي، شۇنچە قىسقا بولۇپ، ئىجرائىيە رەئىسىنىڭ سۆزى ۋە جەمئىيەت رەئىسىنىڭ تەبرىك نۇتقى بىلەنلا كۇپايىلەندى. ھېچقانداق مەمۇرىي ئەمەلدار يىغىنغا ئىشتىراك قىلمىغانىدى. بىزدىكىدەك ھەيۋەتلىك داغدۇغىلىق مەنزىرىلەر كۆرۈنمىدى، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ سۆزلىرىمۇ بۇ يەردە ئاڭلانمىغانىدى. مەن شۇ ۋەجىدىن مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇستازىدىن سورىدىم.


— ئەپەندىم، سىلەرنىڭ ياپونىيىدە بۇنداق يىغىنلارغا مەمۇرىي ئەمەلدارلار قاتناشمايدىكەن، بۇ نېمە سەۋەبتىن، مۇنداق بولسا يىغىننىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر كۆرسەتمەمدۇ؟

— قىزىقىكەنسىز، بۇ مەمۇرىي ياكى سىياسەت بەلگىلەيدىغان يىغىن ئەمەس، بەلكى تەبئىي پەننىڭ مۇھاكىمە يىغىنى، شۇنداق بولغانىكەن ئۇلارنى تەكلىپ قىلىش ئارتۇقچە بىر ئىش، — دېدى.

بىز سۆھبەتلەشكەچ تاماقخانىغا يول ئالدۇق. چۈشلۈك تاماق كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تاماقخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، زالغا كىرىشىمىزگىلا ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ تاماق ئېلىۋاتقان يىغىن قاتناشچىلىرىغا كۆزۈم چۈشتى.

— مۇھەممەتئىمىن، بۇ يەردە بولۇشىغا يەپ - ئىچىپ يىغىننىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان ئىشلار يوقمۇ، نېمە؟ — دېدىم مەن ئۆز يۇرتۇمدىكى يىغىن زىياپەتلىرىنى ئەسلەپ. ئۇ مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— ئالدىرىماي چۈشىنىسىز، قېنى ئاۋۇ پەتنۇسنى ئېلىڭ، — دېدى. بىز تۆت بۇرجەكلىك پەتنۇسنى تىزىپ قويغان يەردىن ئېلىپ رەت بىلەن ئاپتوماتىك تاماق ئېلىش سۇپىسىغا كەلدۇق. ئاپتوماتىك تاماق ئېلىش سۇپىسىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىگە ھەرخىل قورۇما، يېمەكلىكلەرنىڭ ئۈلگىسى ۋە باھاسى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، سىز قايسى تاماقنى ئالماقچى بولسىڭىز شۇ يېمەكلىك كۆرسىتىلگەن كۇنۇپكىنى باسسىڭىز شۇ خىل قورۇما ياكى يېمەكلىك ئاستىنقى قەۋىتىگە چۈشىدىكەن. مەن ھېچقانداق گۆشى بولمىغان ئىككى خام سەي ۋە ئازراق گۈرۈچ تامقى ئېلىپ، شورپا ئۇسۇۋاتقان ئۇستامدىن بىر قاچا تۇخۇم شورپىسى



ئالدىم. ئاندىن پۇل تاپشۇرۇش ئورنىغا كېلىپ 2700 يېن (خەلق پۇلى ھېسابىدا 189 يۈەن) تاپشۇرۇپ، 250 يېنغا (17 يۈەن) ئاپتوماتىك ئىچىملىك ئېمىنلەش ساندۇقچىسىدىن بىر بوتۇلكا ئىچىملىك ئېلىپ، ئۇزۇن كەتكەن ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردۇم. ئۈچ رەت ئالدىدا ئولتۇرغان، تۈنۈگۈن يىغىن باشقۇرغان ئىجرائىيە رەئىسىنىڭ بىزگە ئوخشاشلا ئۆز پۇلىغا تاماق ئېلىپ يەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تەئەججۈپلىنىپ تۇرۇشۇمغا، ئۇ كىشى قولىدىكى بىر پارچە بولكا بىلەن قورۇما يۇقىنى پاكىز سۈرتۈپ ئاغزىغا سالدى. بىلىشىمچە، ياپونىيىدە ئىسراپچىلىق ئىنتايىن نومۇس ئىش دەپ قارىلىدىكەن. مەيلى ئۇ قانچىلىك باي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۇللارنى بۇزۇپ چاچمايدىكەن، ئىستېمالدىن سىرت بىرنەرسە سېتىۋالمايدىكەن. بۇ كىشى تەبئىي پەنلەر دوكتورى، كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولۇپ، ياپونىيىدە خېلى تەسىرى بار ئىكەن. شۇڭلاشقىمۇ تاماق يەۋاتقانلار

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى www.uyghurkitap.com



بولسۇن، ئۇنىڭ بېيىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار بولسۇن بېرىم ئېگىلىپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلسا، ئۇمۇ دەرھال ئورنىدىن بېرىم تۇرۇپ ھۆرمەتنى قوبۇل ئەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بۇ تەكەببۇرسىز ئەربابقا ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشتى.

بىز تاماقنى ناھايىتى تېز يېدۇق. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، يەنە ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن «دۇنيا مۇھىت مەسىلىسى ۋە يەرشارى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلىشىدىكى سەۋەبلەر» دېگەن تېمىدا چوڭ زالدا ئىلمىي دوكلات بار ئىدى. مەن ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ئۆز ئۈستىلىنى تازىلاپ پاكىزلىگەندىن كېيىن، ھەممە قالدۇق نەرسىلەرنى پەتنۇسقا سېلىپ يىغىۋېلىش ئورنىغا تاپشۇرۇۋاتقانلىقىنى، يىغىۋالغۇچىنىڭ ئۇستىخانلارنى بىر خالتىغا، سولياۋ نەرسىلەرنى بىر خالتىغا، ئېشىنچە تاماقلارنى بىر خالتىغا قاچىلاۋاتقانلىقىدىن ئەڭ ئاددىي دەپ قارالغان ئىشلاردىن تارتىپ مۇھىتقا بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىنىڭ يۇقىرىلىقىغا قايىللىقىم ئاشتى.

سائەت بىر بىلەن ئىجرائىيە رەئىسى مەخسۇس تېمىدىكى دوكلات بېرىش يىغىنىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ئاندىن دوكلات بەرگۈچى سەھنىگە چىقىپ يىغىن ئەھلىگە ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن، دۇنيا دۇچ كېلىۋاتقان مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ سەۋەبلىرى، ياپونىيىنىڭ مۇھىت مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ، ياپونىيىنىڭ مۇھىت مەسىلىسىدىكى نۇقسانلىرىنى دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىن يەتتە ئىقلىمغا ئورتاق نەرسە بولسىمۇ، بۇ يەردە ماڭا ئالاھىدە تەسىر قىلغىنى شۇ بولدىكى، بۇ يىغىنغا قاتناشقۇچىلار ئۆز ئىختىيارلىقى ۋە ئارزۇسى بويىچە كىرگەن بولۇپ، يىغىن زالى كىشىلەر بىلەن لىق تولغانىدى. شۇنچە چوڭ، شۇنچە كۆپ ئادەم بىلەن تولغان بۇ زال شۇنچىلىك تىنچ ئىدىكى، پەقەتلا بىر ئادەمنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايتتى.

بىزنىڭ بىر كۈنلۈك جىددىي، ئەمما ئەھمىيەتلىك يىغىن كۈنتەرتىپلىرىمىز ئاخىرلاشقاندىن كېيىنلا ئىككى يۇرتداشنىڭ ئارام خۇدا مۇڭدىشىۋېلىشىمىزغا پۇرسەت تۇغۇلدى. مۇھەممەتئىمىن غېنى 1990 - يىلى ياپونىيە پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىگە قوبۇل قىلىنغان. 1996 - يىلى سانائەت پەنلىرى دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. شۇ يىلى ئاپرېلدىن باشلاپ توكيو پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا چەت ئەللىك تەتقىقاتچى بولۇپ، 1997 - يىلى يانۋاردىن باشلاپ ياپونىيە پەن - تېخنىكا يۈكسەلدۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ دوكتور ئاشتى ئالاھىدە تەتقىقاتچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان. شۇنداقلا توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ JSPS—RFT 97P01004 تەتقىقاتىنىڭ ئەزاسى. ھېسابلاش پەن - تېخنىكىسى ئالىي تەتقىقات مەركىزىنىڭ ھەيئىتى، جۇڭگو شەرقىي شىمال سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى ئايروپىلان فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى قاتارلىق قوشۇمچە ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە ئىكەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات يۆنىلىشى مېخانىكىلىق مودېل ۋە بىرىكمە ماتېرىياللارنىڭ زەخىملىنىشى ئۈستىدىكى تەتقىقات بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ھەرقايسى دۆلەت ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ژۇرناللاردا، شۇنداقلا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا 42 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپتۇ. ئۇ خېلى كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە ئىكەن.

## رىئاللىقتىكى ئەزىمەت

29 - ئىيۇل. مەن ياپونىيە ئاپتوموبىل سانائىتى تەرەققىياتىنىڭ بۆشۈكى ياپونىيە ئاپتوموبىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا زىيارەتتە بولدۇم. بۇ مېنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئارزۇيۇمنىڭ رېئاللىققا ئېشىشى بولۇپ، دۇنيا ئاپتوموبىل سانائىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىۋاتقان، شۇنداقلا دۇنيا ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش سالمىقىنىڭ 30 پىرسەنتىنى ئىگىلەۋاتقان بۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي تەتقىقات ئورنىدا بولۇشۇم مەندەك بىر مۇشۇ كەسىپ ۋە مۇشۇ ساھەدە ئىشلەۋاتقان پەن - تېخنىكا خادىمىغا نىسبەتەن بىر بەخت ئىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ بىلەن پۈتۈنلەي باغچا تۈسىنى ئالغان كەڭ ۋە ئازادە ھويلىغا كىرىپ كەلدۇق. دەرۋازىدىكى نۆۋەتچى بىزنى دەرۋازىدىن كىرىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشكە تەكلىپ قىلدى. بىز ناھايىتى تېزلا رەسمىيەتلەرنى ئۆتىدۇق. ھەر بىرىمىزگە بىردىن JARI دېگەن ئىنگلىزچە خەت چۈشۈرۈلگەن ئىزنەكنى تارقىتىپ بەردى. بۇ ئىزنەكنى تاقىغاندىن كېيىن ئىنستىتۇتنىڭ ھەرقانداق يېرىگە كىرىشكە بولىدىكەن. كۈتۈۋالغۇچى بىزنى كۈتۈش بۆلۈمىگە باشلاپ كىرگەندىن كېيىن، ئازراق ساقلاپ تۇرۇشىمىزنى تاپىلاپ ئىشىك ئالدىدىكى تېلېفون ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك خادىم بىلەن ئالاقىلىشىشقا باشلىدى. مۇشۇ پۇرسەتتە مەن كۈتۈش بۆلۈمىنى بىر قۇر كۆزەتتىم. كۈتۈش زالىغا يۇمشاق ئۈستەل ۋە ئورۇندۇقلار قويۇلغان بولۇپ، ياندىكى تۆت بۇرجەكلىك ئۈستەلگە كۆرۈشۈش جەريانىدا كېرەكلىك بولغان قەلەم، قەغەز ۋە باشقا نەرسىلەر قويۇلغانىكەن. ھالبۇكى ئىچىملىك چاي قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاپتوماتىك ئىچىملىك ساندۇقىدىن ئۆز پۇلىڭىزغا ئېلىپ ئىچىدىكەنسىز. ئىگىلىشىمچە، ھەرقانداق خىزمەت بىلەن كەلگەن كىشى مۇشۇ ئورۇندا ئۆز خىزمەتلىرى ئۈستىدە سۆزلىشىدىكەن،

ھەرقانداق خادىمنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىشخانا، تەجرىبىخانىلارغا خالىغانچە مېھمان باشلاپ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدىكەن. ھايال ئۆتمەي ماتور تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى كىرىپ كەلدى. ئۇ بىز بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن تەزىم قىلىپ تۇرۇپ مېنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۇردى. مەنمۇ مېنى قىزغىن قارشى ئېلىپ كۈتۈۋالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتىم. بىز يۇمىلاق شىرەدە ئولتۇرۇپ قىسقىلا سۆزلەشتۇق، سۆھبىتىمىزدە ھېچقانداق تەكەللۇپ ۋە ئارتۇقچە تۈزۈت بولمىدى. مەن كېلىش مەقسىتىم، كۆرۈشكە تېگىشلىك نۇقتىلارنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئۇ سەمىمىيلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئېگىلىپ تۇرۇپ ڤولىنى ئىشىك تەرەپكە سۇنۇپ ماڭا يول كۆرسىتىپ: «قولۇمدىن كېلىشىچە ئارزۇيىڭىزنى ئورۇنداشقا تىرىشىمەن» دېدى. مەن سەل بىئەپلىك ھېس قىلدىم. بىز ئۇيغۇرلاردا مېھمانغا ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىش ئادىتى خېلى كۈچلۈك بولسىمۇ، سىپلىشتۇرۇپ كۆرسەم ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشتا بىزدە خېلىلا چېكىنىش بار ئىكەن. كۆرۈشۈشلىرىمىزدىن تارتىپ مۇئامىلىمىزگىچە ئەمەلىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ياكى يۈز - ئابرۇيىنى دەستەك قىلىدىغان يامان ئادەت بىزگە خېلىلا سىڭىشىپ كېتىپتۇ. مەنمۇ ھۆرمەت بىلدۇرۇپ: «قېنى سىز ئالدىدا مېڭىڭ» دېدىم. ئۇ قەتئىي ئۇنىمىدى. مەن ئامالسىز ئىشىكتىن چىقتىم، ئۇ كەينىمدىن چىقىپلا ماڭا يانداشتى - دە، قېنى «ماۋۇ زالغا» دېگىنىچە ماڭا يول كۆرسەتتى. مەن بارغانسېرى بىئەپلىك ھېس قىلىپ «رەھمەت، رەھمەت» دېدىم. بىز زالغا كىردۇق. زالنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ئىنستىتۇتنىڭ پۈتۈن مەنزىرىسى، ھەرقايسى تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ جايلىشىش ئورنى ۋە ئاپتوموبىل سىناش مەيدانىنىڭ كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن چوڭ ئاسما رەسىم (ستېرېئولۇق خەرىتە دېيىشكىمۇ بولىدۇ) ئېسىلغان بولۇپ، ئۇ ئالدى بىلەن تەتقىقات نۇقتىلىرىنىڭ ۋەزىپىسى، خاراكتېرى ئۈستىدە توختالدى.

ھەممىمىزگە مەلۇم، ئاپتوموبىل سانائىتى بىر دۆلەتنىڭ تۈۋرۈك سانائىتى بولۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى شۇ دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت ئىقتىدارىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم بەلگە. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئاپتوموبىل تەتقىقاتى مانا مۇشۇ ساھەنىڭ ھەل قىلغۇچ يادروسى ھېسابلىنىدۇ.

مەن ھەرقايسى تەجرىبىخانا، تەتقىقات بۆلۈملىرىنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا ئۆز ئىشىغا ئۈن - تىنسىز بېرىلىپ كەتكەن خادىملارنىلا ئۇچراتتىم. ئۇلارنىڭ كۈنلۈك ئىش تۈزۈمى ئالتە سائەت بولۇپ، چۈشتە بىر سائەت دەم ئالىدىكەن، كەچتە سائەت بەشتە ئىشتىن چۈشسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سائەت توققۇز بىلەن ئىش ئورنىدىن ئايرىلىدىكەن. ئۇلار ئۆز ئىش ئورنىنى ئائىلىسىنى سۆيگەندەك قىزغىن سۆيىدىكەن، ئۆز ئىشىنى چىن دىلىدىن سۆيۈنۈپ، چىن كۆڭلىدىن ئورۇندايدىكەن. ئۇلار ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان، تۈزۈمگە مۇتلەق بويسۇنىدىغان ئاڭنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، ھەرقانداق كىشىنىڭ كىرىشىدىن قەتئىينەزەر قولىدىكى تۈگىمىگەن ئىشنى سەۋەبسىز توختاتمايدىكەن. شۇ سەۋەبلىك ئازراق ساقلىشىمغا توغرا كەلدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇلارنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى، تەجرىبە قۇرۇلمىلىرىنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقتىم. ئۇلاردا يۇقىرى پەن- تېخنىكا سىپلىنىمىسىنىڭ خادىملار ساپاسىدىن سىرت ئىلغار ئۈسكۈنىلەرگە سىپلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى ئۈچ چوڭ ئامىل دەپ قارىلىۋاتقان ئىختىساس ئىگىلىرى، كاپىتال ۋە ئۈسكۈنە ئوتتۇرىسىدىكى يۈرۈشلەشتۈرۈش مۇناسىۋىتى بۇ يەردە ئاجايىپ توغرا بىر تەرەپ قىلىنغانىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت يېرىم بىلەن ياپونىيىدىكى يەنە بىر يۇقىرى پەن - تېخنىكا مەركىزى ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنىغا كەلدىم. ئىشىك ئالدىدا ئوتتۇرا بوي، يۈزلىرى كەڭ، ئېغىر بېسىق بىر يىگىت مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

- ياخشىمۇسىز كېرىم ئاكا، سىزنى ساقلىغىلى خېلى بولدى، - بۇ يېقىملىق ئاۋاز مېنى ئانا يۇرتۇمنىڭ ئىللىق قوينىدا تۇرغاندەك ھاياجانغا سالدى. بىز ئىنتايىن قىزغىن كۆرۈشتۇق. بۇ ياش ئالىمنىڭ ئىسمى ئابدۇلتېپ بولۇپ، ياپونىيە ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور ئاشتى تەتقىقاتچىسى ئىكەن؛ ئۇ 1990 - يىلى ياپونىيىگە كەلگەن بولۇپ، 1997 - يىلى توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سانائەت پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن مۇشۇ ئىنستىتۇتنىڭ ئېنېرگىيىنى ئىشلىتىش بۆلۈمىدە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات يۆنىلىشى ئېلېكتر ئاپتوموبىلنىڭ ئاكۇمۇلياتور سىستېمىسىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، يېقىلغۇ ئاكۇمۇلياتورىنىڭ يېقىلغۇسىنى ئېچىش تېمىسى ئىكەن. ئۇنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، ماشىنىسازلىق، ئېنېرگىيە، ئېلېكتر، مۇھەت، خىمىيە قاتارلىق ساھەلەرگىچە چېتىلىدىكەن. ئۇ خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى ژۇرناللاردا، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان، ئىشلەۋاتقانلار ئارىسىدا ۋە ياپونىيىدىكى بەزى ئۇنىۋېرسىتېت، تەتقىقات ئورۇنلىرىدا مەلۇم تەسىرگە ئىگە ياش ئالىم ئىكەن. مەن مۇشۇنداق زور ئۇتۇققا ئېرىشكەن ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر يىگىتىدىن تولىمۇ سۆيۈندۈم.

www.uyghurkitap.com



بىز ئابدۇلتېپنىڭ يول باشلىشى بىلەن تەتقىقات ئورنىنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ بۆلۈمىگە كىردۇق. ئۇ يېقىندا تەتقىق قىلىپ ياسالغان، تويوتا شىركىتى ئىشلەپ چىقارغان ياپونىيىدىكى ئەڭ يېڭى PRIUS تىپلىق ئاپتوموبىلنى بىزگە تونۇشتۇردى. ئېلېكتر بىلەن بېنزىننى ئورتاق ئېنېرگىيە قىلغان بو ئاپتوموبىلغا رادارلىق يۆرۈشنى كۆرستىش ئېكرانى، ئېنېرگىيىنىڭ ئۆزگىرىش سىستېمىسى، ئېنېرگىيىنىڭ ئىچىلىش پارامېتىنى كۆرستىش ئېكرانى قاتارلىقلار سەپلەنگەنىكەن. مىنى ئەڭ قىزىقتۇرغىنى ئاپتوموبىلنىڭ يول باشلاش سىستېمىسى بولۇپ، ئەگەردە سىز بارىدىغان يېرىڭىزنىڭ يولىنى بىلمىسىڭىز كومپيۇتېرغا شەرتلىك بەلگە ئارقىلىق شۇ يەرنىڭ ئورنىنى كىرگۈزسىڭىز، يول باشلاش ئۈسكۈنىلىكىسى سىزنى خاتاسىز شۇ يەرگە باشلاپ بارىدىكەن. بۇ ھازىرقى ياپونىيە ئاپتوموبىل سانائىتىدىكى بىر بۆسۈش بولۇپ، % 50 ئېنېرگىيە تېجىلىدىكەن. سائەتلىك ئەڭ تېز سۈرئىتى 160 كىلومېتىر بولۇپ، ئىچكى قۇرۇلمىلىرى تولىمۇ مۇۋاپىق لايىھەلەنگەنىكەن. مەن سۆھبەت جەريانىدا بىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا تېمىسىنى تاللاشتىكى پەرقىمىزنى بىلىش ئۈستىكىدە ئابدۇلتېپتىن ياپونىيىدە پەن تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ قانداق تاللىنىدىغانلىقى ئۈستىدە ئازراق سۆزلەپ بېرىشىنى ئۆتۈندۈم. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق بىر مىسالنى كۆرسەتتى: ئاپتوموبىلنىڭ بىر ۋېنتىسىنى چىڭىتىش ئۈچۈن ئەسلى ئالتە كىلوگىرام كۈچ كېتىدۇ دېسەك، بىر تەتقىقات خادىمى بۇنى بەش كىلوگىرام كۈچ بىلەن ئەسلىدىكى يەتمەكچى بولغان چىڭىتىش مەقسىتىگە يەتكۈزىمەن دېسە، مۇشۇ تەتقىقات تېمىسى شۇ كىشىگە بېرىلىدۇ. بۇ قارىماققا كىچىك ئىشتەك بىلىنىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئارقىلىق نۇرغۇن ئېنېرگىيىنى، ۋاقىتنى تېجىگىلى بولىدۇ. بىر ئاپتوموبىلنى قۇراشتۇرۇشتا بىر كىلوگىرام كۈچ ۋە مەلۇم ئېنېرگىيە تېجەلسە ئون ئاپتوموبىلدا قانچىلىك ئېنېرگىيە، كۈچ ۋە ۋاقىت تېجىلىدۇ، مەن بۇنى دېمىسەممۇ چۈشىنىشلىك.


ئەگەر مەن مۇشۇنداق بىر تېمىنى ئوتتۇرىغا قويسام تېمىنى بېكىتىش يىغىنىغا كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر قانداق باھا بېرەر ئىدى دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدىم. بۇنىڭدىن ياپونىيىدە ئەڭ كىچىك دەپ قارالغان مەسىلىلەردىمۇ ئويلىنىش، ئىختىرا قىلىش، ئىزدىنىش پۇرسىتىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

بىزنىڭ سۆھبىتىمىز كەچ سائەت توققۇزلارغىچە داۋاملاشتى. سۆھبەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى كەسپىي ئىشلار ئۈستىدە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە ئۇ ھەقتە كونكرېت توختىلىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز بولسا كېرەك.

## يېپەك يولى ئۇتاشتۇرغان رىشتىلەر

30 ـ ئىيۇل. مەن ياپونىيە يېپەك يولى كۇلۇبىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇلارنىڭ تۆت كۈنلۈك پائالىيىتىگە قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. بۇ مېنىڭ ياپونىيىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىم ئۈچۈن ئاجايىپ تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

توكيو ۋاقتى سائەت توققۇز بىلەن كۇلۇبنىڭ خىزمەت ئورنىغا يېتىپ كەلگىنىمدە، كۇلۇبنىڭ دىرېكتورى يوجى جىرايىشى ئەپەندى بىلەن خانىمى تويوكو مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇ قولۇمنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ: «قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز» دېدى. مەنمۇ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ «سىلەر بىلەن تونۇشقىنىمغا ئىنتايىن خۇشالمەن، مېنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلغىنىڭلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت» دەپ قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇشۇمغا، ئۇ كىشىمۇ ساپ ئۇيغۇر تىلىدا«سىزگىمۇ رەھمەت» دېگىنىچە قىزغىن سۆزلىشىپ كەتتۇق. مەن كۇلۇبنىڭ مەقسىتى، ۋەزىپىسى ۋە بۇ قېتىمقى پائالىيەت ئۈستىدە سوئال سورىغىنىمدا، ئۇ ئىپتىخارلىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى. ياپونىيە يېپەك



يولى كۆلۈبى 1996 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، جەمئىي 400 دىن ئارتۇق ئەزاسى بار ئىكەن. ئاساسلىق ئىقتىسادىي مەنبەسى ئۈچ قۇتۇپلۇق جەمئىيەت قاتلىمىنى ئاساس قىلغان دۆلەت، كارخانا ۋە شەخسلەرنىڭ ياردەم قىلغان فوندى ئارقىلىق تولۇقلىنىپ تۇرىدىكەن. بۇ كۆلۈبنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ۋە مەقسىتى ئوتتۇرا ئاسىيانى بولۇپمۇ ئاسىيانىڭ كىندىكى بولغان شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت، ئۆرپ - ئادەت ۋە مىللىي ئەنئەنىلىرىنى ياپونىيە جەمئىيىتىگە تونۇشتۇرۇش ئىكەن. بولۇپمۇ بۇ كۆلۈبنىڭ دىرېكتورى جىرايىشى ئەپەندى بىلەن خانىمى تويوكو بۇ كۆلۈبنى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا كۆپ ئەجىر تۆككەن بولۇپ، ئۇلار كىچىك چېغىدىنلا شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغان ۋە ئۆگەنگەنىكەن. جىرايىشى ئەپەندى ماڭا قىزغىنلىق بىلەن يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ ياپون مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ، بۇنىڭدىن 1200 يىل ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ياپونىيىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى، ھازىر نارادىكى پادىشاھ ئامبىرىدا تۆگە ئارقىلىق شىنجاڭدىن كەلتۈرۈلگەن ساز ۋە ئەتلەسنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ، بۇ كۆلۈبنىڭ نەشر ئەپكارى «تەكلىماكان» ژۇرنىلىنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ، مەزمۇنلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى. ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرى خېلى كەڭ بولۇپ، فوندى جۇغلانمىسىنىڭ تەرەققىياتى، چەت ئەللىك ستۇدېنتلارنى تونۇشتۇرۇش، پائالىيەت دوكلاتى، تائامىلار مۇنبىرى، ئەستىلىك خاتىرىلەر قاتارلىق سەھىپىلەر بار ئىكەن. ئۇ يەنە كۆلۈبنىڭ ياپونلۇقلار ئۈچۈن 200 مىڭ خەتلىك دەرسلىك لۇغەت تۈزۈۋاتقانلىقىنى، 2000 - يىلى 3 - ئايدا نەشردىن چىقىدىغانلىقىنى، ھازىر 500 سۆزلۈك قىسقىچە سۆزلىشىش لۇغىتىنى ئىشلەپ پۈتتۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىككى قېتىملىق زىيارىتى ئۈستىدە توختىلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بىلەن ئوقۇشسىز قالغان 50 ئوقۇغۇچىنى ئۈچ يىللىق ئوقۇش ياردەم پۇلى بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقى، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا 50 يۈەن، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا 80 يۈەن قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنى، كېلەر يىلدىن باشلاپ ئوقۇغۇچى سانىنى 100 دىن 150 كىچە كۆپەيتىدىغانلىقى ۋە ئوقۇش ياردەم پۇلىنى 160 يۈەنگە كۆتۈرىدىغانلىقىنى، بۇ يىلقى پۇلنى قەشقەردىكى مەكتەپلەرگە بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ مۇشاۋرەك مۇقامىنىڭ نەغمىسىدىكى بىر ئاھاڭنى غىڭشىپ تۇرۇپ «قاراڭ، نېمىدېگەن گۈزەل كۈي ۋە مېلودىيە» دېگىنىچە مۇقام تېكىستلىرىنى ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشىغا تۇتۇش قىلىنىۋاتقانلىقىنى، ئىمكانىيەت يار بەرسە كېلەر يىل 25 نەپەر ئارتىسنى ياپونىيىگە تەكلىپ قىلىپ، 12 مۇقامنى ياپون خەلقىغە تونۇشتۇرۇش مەقسىتىنىڭ بارلىقىنى ئىزھار قىلدى.

مەن بۇ 57 ياشلىق مويسىپىتنىڭ كەلگۈسى تەسەۋۋۇرىنى سورىغىنىمدا، ئۇ: «قېرىپ كېتىۋاتىمەن، لېكىن ئىرادەم چىڭ، بۇندىن كېيىن فوندى مەبلىغىنى كۆپەيتىش يوللىرىنى چوڭقۇر قېزىپ، ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش ۋە ئوقۇش ياردەم پۇلى قاتارلىق ئىشلاردا ئۆزۈمنىڭ مۇناسىپ ھەسسەمنى قوشسام دەيمەن. لېكىن مېنىڭ چوڭ ئارزۇيۇم شۇكى، مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەر بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق شىنجاڭ كېرىيە دەرياسىنىڭ ئىككى قات ساھىلىنى يېشىللاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كېلىشىپ بېكىتىپ، تېخنىكا تەرەپتىن ياردەم بېرىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەگەر بۇ ئىشنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالىسام كۆزۈم يۇمۇلسىمۇ رازى ئىدىم» دېدى. ئۇنىڭ سەممىي ۋە تەسىرلىك سۆزلىرى مېنى خېلىلا ئويغا سالدى. سۆھبىتىمىز تويوكو خانىمنىڭ چاقىرغان ئاۋازى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى. سائەت ئون يېرىم بولغانىدى. بىز تۆت ئاپتوموبىل بىلەن يولغا چىقتۇق. يېرىم سائەتتىن كېيىن كەڭ كەتكەن تۆت ئاپتوموبىل يولى بار يۇقىرى سۈرئەتلىك ئاسفالىت يول مېنى ئۆزىگە بەنت قىلىۋالدى. مەن ئولتۇرغان ئاپتوموبىلنىڭ سائەتلىك سۈرئىتى 120 كىلومېتىرنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەتراپ شۇنچىلىك گۈزەل ۋە ئۆزگىچە بولۇپ، بىر قاراشتا بۇ يوللارنى ئادەملەر كېيىن ياسىغان ئەمەس، بەلكى دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار بىلەن بىرگە ئاپىرىدە قىلىنغاندەك بىر - بىرىگە شۇنچە ماسلاشقان ھالدا گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. تاشيول ئولتۇراق ئۆيلەر بار يەردىن ئۆتكەندە، شاۋقۇندىن مۇداپىئەلىنىش توساقلىرى ئورنىتىلغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تىنچ تۇرمۇش رىتىمىگە كاپالەتلىك قىلىنغانىدى. يول بويىدىكى شاۋقۇننىڭ ئوتتۇرىچە دەرىجىسى يول ياقىسىغا ئورنىتىلغان ئاپتوماتىك كۆرسىتىش ئېكرانىدا كۆرسىتىلىپ تۇرىدىكەن. مەن يول بويى 5 - 6 يەردىكى كۆرسىتىش ئېكرانىدىن 55 دېتسىبىلدىن ئېشىپ كەتكەن بىرەر شاۋقۇن دەرىجىسىنى ئۇچراتمىدىم. مەن كېتىۋېتىپ جىرايىشى ئەپەندىنىڭ قىزىدىن «سىلەرنىڭ شەھەرلەردىكى شاۋقۇن چەكلىمىسى قانچە؟» دەپ سورىسام، ئۇ «مۇھىت ۋازارىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە كۈندۈزى 60 دېتسىبىل، كېچىسى 45 دېتسىبىل» دېدى. بۇ تولىمۇ تۆۋەن شاۋقۇن دەرىجىسى بولۇپ، مەن «بۇ سانغا كاپالەتلىك قىلالامدۇ؟» دېيىشىمگە، ئۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— بۇ بىر بەلگىلىمە، ئەگەر بۇ بەلگىلىمىدىن ئېشىپ كەتكەن ھەرقانداق شاۋقۇن مەنبەسى مۇددەت ئىچىدە تەرتىپكە سېلىنىدۇ، — دېدى.

بىز ئىككى سائەتتىن كېيىن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول بويىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان دەم ئېلىش، ئوزۇقلىنىش، ساياھەت بىر گەۋدە قىلىنغان ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنىغا كېلىپ توختىدۇق. رەت - رەت تىزىلغان ئاپتوموبىللار خۇددى بىر ئادەم رەتلەپ قويغاندەك تەكشى ئىدى. كىرىپ - چىقىۋاتقان ئاپتوموبىللارنىڭ شوپۇرلىرى شۇنچىلىك قائىدىلىك بولۇپ، بىر - بىرى بىلەن پەقەتلا يول تالاشمايدىكەن. ئىككىلا تەرەپ توختاپ بىر - بىرىگە يول بېرىدىكەن. مەن ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپلا ئالدى بىلەن ئاممىۋى ھاجەتخانىغا يول ئالدىم. راستىنى ئېيتسام توكيو شەھىرىدىكى مەكتەپ، ئىدارە، ئاممىۋى سورۇنلاردىكى ھاجەتخانىلار شۇنچىلىك پاكىز، ئازادە ۋە قۇلايلىق بولغاچقا، كۈنىگە ئون مىڭلاپ ئادەم ئۆتۈپ تۇرىدىغان بۇ يەرنىڭ ھاجەتخانىسى چوقۇم توكيوغا يەتمەيدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. قىياسىم خاتا چىقتى. ياپونىيىدە ھەرقانداق ھاجەتخانىلارغا ئىشلىتىلگەن چاق - چۆق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى TOTO ماركىلىق بولۇپ، بۇ ياپونىيىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك زاۋۇتنىڭ ماركىسى ئىكەن. ھاجەتخانىنىڭ تەكچىلىرىگە گۈل - گىياھلار قويۇلغان بولۇپ، ھاۋاسى ساپ ئىكەن، باسسىڭىز ئۆزى چۈشىدىغان سۇيۇق سوپۇن ۋە تازىلىق قەغەزلىرى توپى بىلەن تىزىپ قويۇلىدىكەن. ئۈرۈمچىدە 20 تىيىن بېرىپ كىرىدىغان، مەخسۇس ئادەم قارايدىغان ھاجەتخانىنىڭ تازىلىقى، مۇھىتى، ئاچچىق ۋە قاڭسىق پۇراقلىرى ۋە يىرىك تازىلىق قەغەزلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىپ، «مۇشۇ يۇمشاق قەغەزلەر ئۈرۈمچى ھاجەتخانىلىرىغا ھەقسىز قويۇلسا قانداق بولۇپ كېتەر؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا پاسكىنىچىلىق روھنى سۇسلاشتۇرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ئىكەن.

ھايت - ھۇيت دېگۈچە بىر سائەتلىك دەم ئېلىش تۈگەپ يەنە يولغا چىقتۇق. گۈزەل ئەسلىمىلەر يەنىلا ئۆزىنىڭ يېڭى-يېڭى مەزمۇنلىرى بىلەن بېسىماقتا ئىدى. ئاپتوموبىل ئالتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تۆت يوللۇق تونىلغا كىرگەندە ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم. تاغلىق يولدا بۇنداق تونىلدىن يەنە بىرنەچچىسىدىن ئۆتتۇق. ھەرقايسى تونىللار ئۆزگىچە تۈسكە ئىگە بولۇپ، ھاۋا ئۆتۈشۈش، يورۇتۇش، سۇنى بىر تەرەپ قىلىش، ئاۋاز سۈمۈرۈش قاتارلىق ئەسلىھەلىرى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئىكەن. تونىل ئوتتۇرىسىدىكى سەگەكلەشتۈرۈش بەلۋېغى شوپۇرلارنى ھەر دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىكەن. بىز تېزلا بۇ مەنزىرىلەردىن خوشلىشىپ، دەرەخلىرىدىن تارتىپ گۈللۈكلىرىگىچە رەت - رەت تىكىلگەن يەنە بىر مەنزىرىگە مەھلىيا بولۇپ كەتتۇق. مەن شىنزى خانىمدىن «بۇ دەرەخلەرنى ئادەملەر سۈنئىي يېتىشتۈرگەنمۇ ياكى تەبىئىي شۇنداقمۇ؟» دېسەم، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بىز ياپونلۇقلاردا بۇنىڭدىن 400 يىل ئىلگىرىلا ئورمان بىنا قىلىش باشلانغان. بىزدە شۇنداق بىر ئېتىقاد باركى، ھەرقانداق يېشىللىق ئاتا قىلىدىغان نەرسىنى جاندىن ئەزىز كۆرىمىز. بۇنداقچە ئېيتسام، سەۋەبسىز بىر تۈپ دەرەخنى كەسكەن ئادەم، بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىلغا ئوخشايدۇ. مانا سىز كۆرۈۋاتقان بۇ يېشىللىقلار ئادەملەر قولى بىلەن بىنا قىلىنغان، — دېدى.

بىر چاغدا چوڭقۇر خىياللاردىن ئويغىنىپ قارىسام، ئاپتوموبىل ناھايىتىمۇ يوغان ئۆسكەن دەرەخلەر يېنىغا كېلىپ توختىغانىكەن. ئۇ ماڭا «مانا مۇشۇ دەرەخلەر بۇنىڭدىن 380 يىل بۇرۇن تىكىلگەن. سەپسالسىڭىز تىككۈچىنىڭ ئىسىم فامىلىسى يېزىقلىق» دېدى. ئۇ يەنە «ياپونىيىدىكى ئورمانىنىڭ 70 پىرسەنتى سۈنئىي يېتىشتۈرۈلگەن» دېدى. مېنىڭ ياپون مىللىتىگە قايىللىقىم ئېشىپ قالدى. «ئۆزىنى تونۇغان مىللەتلا ئۆزىنى قۇتقۇزالايدىكەن» دېگەن خىيال كاللامنى چىرمىۋالدى.

ئۈچ يېرىم سائەتلىك ئۇزۇن سەپەردىن كېيىن بىز ياپونىيىنىڭ غەربىگە جايلاشقان شىنانو ۋە ئاگانودىن ئىبارەت ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، گۈل پورتى دەپ نامى بار نىئوتسۇ شەھىرىگە كەلدۇق. 65 مىڭ نوپۇسى بار بۇ شەھەرنىڭ كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، شەھەرنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى، مەدەنىيەت-سەنئىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرىدىكەن. چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت يېرىم بىلەن شەھەر باشلىقى بىزنى ئۆز كابىنېتىدا قوبۇل قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن شەھەر خەلقى ۋە ئۆز نامىدىن بىزنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى، پائالىيەتلىرىمىزنىڭ مەنىلىك، خۇشال - خۇرام ئۆتۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، ھەر بىرىمىزگە نىئوتسۇ شەھىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، مەنزىرىسى ۋە ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى تونۇشتۇرۇلغان رەسىملىك كىتابچىنى تەقدىم قىلدى. رەسىملىك كىتابچىنى ئاچسىڭىزلا، شەھەرنىڭ ئومۇمىي خەرىتىسى، ئاساسلىق ئورۇنلارنىڭ كۆرسەتمىسى، ساياھەت نۇقتىلىرى تولىمۇ ئېنىق تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، شەھەرنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرى ۋە مەشھۇر دەپ تەرىپلەنگەن تەرەپلىرىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىۋالغىلى بولاتتى. قوبۇل ئاخىرىدا جىرايىشى ئەپەندى شەھەر باشلىقىنى كەچلىك تائامغا تەكلىپ قىلدى.

كەچلىك سورۇن پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تائاملىرى ۋە


ئۇسلۇبى بويىچە تۈزۈلگەن بولۇپ، تائاملارنى ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار ئۆز قولى بىلەن تەييارلىغانىدى. شەھەر باشلىقى بالدۇرلا خانىمى بىلەن يېتىپ كەلدى - دە، بىزنىڭ تاماق ئېتىش ئۇسلۇبلىرىمىزنى بىر - بىرلەپ كۆردى ۋە خانىمى بىلەن بىرگە تاماقلارنىڭ ئىسمى، ئېتىش ئۇسۇلىنى تەپسىلىي سورىدى. بىركەمدىن كېيىن مۇناسىۋەتلىك خادىملار ۋە گېزىتخانىنىڭ مۇخبىرلىرى يېتىپ كەلدى. سورۇن بىز چۈشكەن مېھمانخانىنىڭ ھويلىسىغا راسلانغان بولۇپ، داستىخانغا ھەرخىل تائاملار تىزىلغانىدى. ئالدى بىلەن شەھەر باشلىقى سۆزلەپ، يىپەك يولى تۈگۈنىدىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ داستىخان راسلاپ، تولىمۇ تەستە تېتىپ كۆرەلەيدىغان تائاملار بىلەن مېھمان قىلغانلىقىمىزغا رەھمەت ئېيتتى. كەينىدىن مېنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. بۇ تەييارلىقسىز تەكلىپتىن سەل تەمتىرىگەن بولساممۇ، مەن شەھەر باشلىقى ۋە خانىمىنىڭ بۇنداق ئاددىي - سادىدا داستىخىنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتىم، شۇنداقلا جۇڭگو شىنجاڭ ۋە ياپونىيە دوستلۇقىنىڭ مەڭگۈ مۇشۇنداق ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈردۈم. شەھەر باشلىقى ئالاھىدە كېلىپ مەن بىلەن رومكا سوقۇشتۇردى. كەچلىك ئولتۇرۇش پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلارنىڭ زىياپەت ئۇسلۇبى بويىچە ئۇسسۇل بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئەتىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۈنتەرتىپ بويىچە، ياپونىيە يىپەك يولى كۇلۇبى بىلەن ناگارا جەمئىيىتىنىڭ بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىغا داخىل بولدۇم. بۇ يىغىلىش نىئوتسۇ شەھەرلىك يامادا مەدەنىيەت مەركىزىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، جۇڭگو، تاشقى موڭغۇلىيە، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ستۇدېنتلار ۋە شەھەرنىڭ بەزى مەسئۇللىرى ۋە خەلق سەنئەتكارلىرى قاتناشقان بولۇپ، فېستىۋال تۈسىنى ئالغانىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ يېرىم بىلەن بۇ قېتىمقى پائالىيەت باشلاندى. زال كىشىلەر بىلەن لىق تولغان بولۇپ، دوستلۇق، قىزغىنلىق، مىللىيەتلىك ھەر بىر پائالىيەتتە جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئالدى بىلەن ئىچكى موڭغۇل ستۇدېنتلىرى ئۆزى تەييارلىغان مول مەزمۇنلۇق مىللىي سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى. سائەت تۆت يېرىم بىلەن شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ نومۇر كۆرستىشى باشلاندى. ئالدى بىلەن جىرايىشى ئەپەندى شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، تەبىئىي شارائىتى ۋە مىللەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنى سەھنىگە تەكلىپ قىلدى. ئۆز مىللىي كىيىملىرىنى كىيىشكەن ستۇدېنتلار سەھنىگە چىققاندا زالدا ئالقىش ياڭرىدى. مۇشۇ مىنۇت، مۇشۇ دەقىقىدە كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش كەلدى. ئوقۇغۇچىلار مىللىي ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. چىرايلىق كىيىنگەن قىز - يىگىتلىرىمىز شىنجاڭلىق گۈزەل، شىنجاڭلىق ئۆزگىچە ئۇسلۇب بويىچە ئۆزلىرى تەييارلىغان نومۇرلارنى كۆرسەتتى. ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن بەش ياشلىق كىچىك قىزچاق ھەدىيەنىڭ لەرزان ئوينىغان ئۇسسۇلى ھەممىنى تاڭ قالدۇردى. مەن پۈتۈنلەي سەھنىدىكى نومۇرلارغا مەھلىيا بولۇپ تۇرغىنىمدا، جىرايىشى ئەپەندى يېنىمغا كېلىپ «ئاڭلىسام سىز دۇتار چالالايدىكەنسىز، بولسا بىر پەردە چېلىپ بەرسىڭىز، بىزنىڭ پائالىيىتىمىز تېخىمۇ مول مەزمۇنلۇق بولاتتى» دەپ مۇراجىئەت قىلدى. مەن شۇنچە تۈزۈت قىلىپمۇ بۇ مويسىپىتنى نىيىتىدىن ياندۇرالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەن پەيزۇللا بىلەن چىمبۇلاقنى چېلىپ بەردىم. مۇزىكا تۈگىشى بىلەن ئۇزۇنغىچە ئالقىش توختىمىدى. ئاخىر مەسلىھەت بىلەن غۇنچەم دىرامىسىدىن «مەن كېتەر بولدۇم» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بەردۇق. ئاۋازىمىز ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، تاماشىبىنلار بىزگە ئالقىش ياڭراتتى. ئاخىرى ئاتۇش ئۇسسۇلى بىلەن نومۇرىمىزنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردۇق. بارلىق ستۇدېنتلار سەھنىگە چىقىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. كەيپىيات بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. تاماشىبىنلار مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ چاۋاك چالدى. بىر سائەتلىك سەنئەت نومۇرى ئاخىرلاشتى. ھەممە ئوقۇغۇچىلارنىڭ چىھرىدە قىزغىنلىق ئەۋج ئېلىپ تۇراتتى. بىر سائەتتىن كېيىن نىئوتسۇ شەھەرنىڭ كاتىپى كىرىپ كەچلىك بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. بىز زالغا كىرگەندە باياتىنقى قاتار - قاتار كەتكەن ئورۇندۇقلار نەلەرگىدۇر يوقالغان بولۇپ، كۇلۇب ئىچى ناھايىتىمۇ چوڭ بىر زالغا ئايلانغانىدى. زالنىڭ تۆت تەرىپىگە ھەر خىل يېمەكلىك، تورت ۋە قورۇمىلار شۇنداقلا تەخسە، چۆكىلار رەت - رەت تىزىلغانىدى. ئەسلىدە بۇ زالدىكى ئورۇندۇقلار ئاپتوماتىك يىغىلىدىغان ئورۇندۇقلار بولۇپ، بىر كۇنۇپكا بىلەن پۈتۈن ئورۇندۇقلار تاملار ئىچىگە كىرىپ كېتىدىكەن.

بىز ئالدى بىلەن ياپونىيە تائاملىرىدىن ھوزۇرلاندۇق. ئالاھەزەل يېرىم سائەتلەردىن كېيىن روتارى جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ئارقىدىنلا ياپونىيىنىڭ خەلق مۇزىكىسى زال ئىچىدە ياڭرىدى. بىردەمدىن كېيىن ئون ياشانغان ياپونىيە ئايالى «بەخت ئۇسسۇلى» ئوينىشقا باشلىدى. بىلىشىمچە، بۇ پائالىيەتنىڭ مۇقەددىمىسى ئىكەن. بىز بىر تەرەپتىن ئوزۇقلانغاچ پائالىيەتكە قاتناشقان ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ۋە ياپونىيىلىك دوستلار بىلەن

كەڭ ـ كۈشادە سۆزلەشتۇق. بىر سائەتلەردىن كېيىن پائالىيەت ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ئەللىككە يېقىن خەلق سەنئەتكارى يوغان دۇمباق، چاڭ ۋە سۇناي بىلەن ياپونىيىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلىنى بوم ناخشا ساداسى بىلەن باشلىدى. ھەممىمىز رەت ـ رەت بولۇپ، چەمبەر شەكلىدە بۇ ئۇسسۇلغا چۈشتۇق. ئۇسسۇل تولىمۇ جەلپ قىلارلىق بولۇپ، ئۇسسۇل ئوينىغاندا ياش ـ قېرى، ئەر ـ ئايال ھەممىسى مەيدانغا چۈشىدىكەن. ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلاردىن بىرەرى كېلىپ كىمنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويسا شۇ ئۇسسۇلغا چۈشىشى كېرەك ئىكەن. مەن ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ناغرا، سۇناي، بۇغرا قاتارلىق سازلارنىڭ تەڭكەشى بىلەن ئوينىلىدىغان، قىزغىن، روھلۇق جەڭگىۋار تۈسكە ئىگە ساما ئۇسسۇلىنى ئەسكە ئالدىم...



9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى. كۈن شەرقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەندە مېنىڭ ئۇيقۇم ئېچىلىپ كەتتى. سائەتكە قارىسام تۆتتىن ئەمدىلا ئاشقانىكەن. ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم ـ دە، ئاخىرى سىرتنى ئايلىنىپ كېلىش ئۈچۈن تالاغا چىقتىم. ئەتراپ جىمجىت ئىدى. ماڭا تونۇشسىز بۇ خىلۋەتتە تاغ باغرىنى بويلاپ، يۇقىرىغا ئۆرلەپ كەتتىم. ھاۋا شۇنچە ساپ، ئەتراپ شۇنچە گۈزەل بولۇپ، تاغنىڭ سالقىن شامىلى ئادەمنى ھوزۇرلاندۇراتتى. بۇ يەردە توپا ـ چاڭ، ئىس ـ تۈتەك، يالاڭاچلىنىپ كەتكەن يەر ۋە تاغلار كۆرۈنمەيتتى. تاغ باغلىرىغا سېلىنغان ئىككى، ئۈچ قەۋەتلىك ياپون پوسۇندىكى ئۆيلەرنىڭ ئالدى ۋە كەينىلىرىدە توساق تاملار يوق ئىدى. ھەممە نەرسىلەر ئوچۇقچىلىقتا تۇراتتى. مۇشۇ پەيتتە مېنىڭ كاللامغا يالت قىلىپ بىر ئوي كەلدى. مەن ئەمدىلىكتە شۇنداق بىرنەرسىنى ھېس قىلدىمكى، ياپونىيىدىكى ھەرقانداق چوڭ ئورگان، زاۋۇت ـ كارخانىدىن تارتىپ ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئۆيىگىچە قورشاۋ تاملار بىلەن قورشالغان بولماستىن، بەلكى ئوچۇقچىلىقتا ئىكەن. بۇنداق مەنزىرە ئادەمدە قىسىلىش، قورۇنۇش تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرمەيدىكەن. ئەكسىچە ھەرقانداق نەرسىنىڭ سىرتقى شەكلى ۋە گۈزەللىكىنى ئەينەن كۆرگىلى، ئۇنىڭدىن بىۋاستە ھوزۇرلانغىلى بولىدىكەن. خىياللىرىمنى مېنى چاقىرغان ئاۋاز ئۈزۈۋەتتى. ۋاقىت شۇنچە تېز ئۆتكەن بولۇپ، سائەت يەتتىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەن تاغدىن چۈشتۈم. ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن بىزنىڭ 3 ـ كۈندىكى پائالىيىتىمىز باشلاندى.

ئاپتوموبىل ئالدى بىلەن ياپون دېڭىزىغا جايلاشقان گۈزەل ساياھەت شەھىرى كاشىۋازاكىدىكى تۈرك مەدەنىيەت بېزىسىغا كېلىپ توختىدى. بىر قاراشتا ئېگىزلىك ئۈستىگە ئورۇنلاشقان سەلتەنەتلىك قۇرۇلۇش ۋە بېزەكلەر بىلەن بېزەلگەن بۇ جاي ئادەمنى خۇددى تۈركىيىگە كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدىكەن. بىز سترېئو شەكىلدىكى ئۈچ قەۋەتلىك ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىن ئاپتوماتىك پەلەمپەي ئارقىلىق يۈز نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى كەڭ مەيدانغا چىقتۇق. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇستاپا كامالنىڭ ئات ئۈستىدىكى ھەيكىلى ئورنىتىلغان بولۇپ، ئەتراپىدىكى مۇنار ۋە ئىسلام بىناكارلىقى ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلار تۈركىيە مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆزىنى مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، ئۇلاردىن قويۇق مىللىي ئەنئەنە ۋە پۇراق تېپچىپ تۇرىدىكەن. بۇ مەدەنىيەت بېزىسىنى بىر ئايلىنىپ چىققاندا، تۈركىيە مەدەنىيەت ـ سەنئىتى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، يېمەك ـ ئىچمەكلىرى، كىيىم ـ كېچەكلىرى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، تۈركىيىنىڭ قەدىمىي تارىخى ۋە ئاسارە ئەتىقىلىرى بىلەن تونۇشقىلى، شۇنداقلا مەلۇم تەرەپتىن تۈركىيە جەمئىيىتىنى چۈشەنگىلى بولىدىكەن. بۇ يەردىكى مۇلازىمەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياپونلۇقلار بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك تۈركچە كىيىنىپ مۇلازىمەت قىلىدىكەن. تۈركىيە مىللىي سەنئەت ئۆمىكى رەڭدار ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ كىشىدە ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەرنى قالدۇرىدىكەن. بۇ مەدەنىيەت بېزىسى ھەرقايسى قىتئە ۋە ياپونىيىدىن بولۇپ يىلىغا 1 مىليوندىن ئارتۇق ساياھەتچىنى كۈتۈۋالىدىكەن. شۇنداقلا ھەر خىل مەخسۇس كېچىلىك مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەن. ئەگەردە ئىمكانىيەت يار بەرسە بىز

شىنجاڭلىقلارمۇ جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلغان دېڭىز ياقىسىدىكى شەھەرلەردە مۇشۇنداق ئۇسلۇبتىكى مەدەنىيەت - سەنئەت بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ساياھەت نۇقتىلىرىنى ئاچساق چوقۇم ياخشى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدىكەنمىز، دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم. بىز چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ بىلەن ئاسمان گۈمبىزى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، شاۋقۇنلۇق ياپون دېڭىزىغا يېتىپ كەلدۇق. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە ياپون دېڭىزى ياپونلۇقلارنىڭ غۇرۇر سىمۋولى بولۇپ، ھەرقانداق ياپونلۇق بۇ ئۇلۇغ ۋە سىرلىق دېڭىزنى ئانا دېڭىز دەپ ئاتىشىدىكەن. مەن ياپون دېڭىزىنىڭ خەرىتىسى چۈشۈرۈلگەن تاش ئابىدە يېنىدا تۇرۇپ، چەكسىز كەتكەن دېڭىز ساھىلىگە نەزەر تاشلىدىم. مېنى بىر خىل چۈشىنىپ بولمايدىغان ئىزتىراپ ئۆز قوينىغا ئالدى. كەڭ كەتكەن قۇم بارخانلىرى دېڭىز ساھىلىنى ئورىغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدە چايكىلار ۋە باشقا دېڭىز قۇشلىرى چۇرقىرىشىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. نەچچە مىڭلىغان ساياھەتچىلەر مانا بۇ ئانا دېڭىزدا ئۈزمەكتە ئىدى. مانا مەنمۇ شۇلار قاتارىدا دېڭىزغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ياق، مۇنداقچە ئېيتسام قەلبىمدىكى چۈشىنىكسىز ئىزتىراپلارنىڭ سەۋەبىنى شۇ سۇدىن ئىزدىگەندەك شۇڭغۇدۇم.

شۇ كېچە خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. ياتاقنىڭ دېرىزىسىدىن كۆرۈنگەن ئاي گۈزەل قىزنىڭ ئىنچىكە قېشىدەك سۇس جۇلالىنىپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇ بىر كۆڭۈلۈك ساياھەتنىڭ ھېرىشىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرنىڭ كارامىتىدىن ئىدى. خىياللىرىم گاھ ئۇياققا - گاھ بۇياققا ئاغدۇرۇلۇپ تۇراتتى. لېكىن بىر تەسىرات خىيال دەپتىرىمدىن زادىلا نېرى كەتمىدى. ئۇ بولسىمۇ شۇنچە ئۇزۇن دېڭىز ساھىلىنىڭ مۇھتى بولدى. ئۇ يەردە مەن شۇنچە سەپسېلىپمۇ بىرەر پارچە قەغەز ياكى تاشلىۋېتىلگەن قوتا - قاچىلارنى ئۇچراتمىدىم. ھەممە كىشىنىڭ شۇنچىلىك ئاڭلىق ئىكەنلىكىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسىمۇ كەلمەيتتى. بۇ يەرگە كەلگەن ساياھەتچىلەر يېگەن - ئىچكەنلىرىنى، ئەخلەتلىرىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىپ، بەلگىلەنگەن يەرگە ئاپىرىپ ئۆز تورلىرى بىلەن ئايرىپ ئەخلەت خالتىلىرىغا تاشلايدىكەن. ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ تازىلىقىنى خۇددى ئۆز ئۆيىنىڭ تازىلىقىنى ۋە مۇھىتىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدىكەن. مېنىڭچە ياپونلۇقلارنىڭ نەزەرىدە مۇھىتنى بۇلغاش دېگەن ئۇقۇم ئەڭ يىرگىنىشلىك ئۇقۇم بولسا كېرەك. مۇشۇ مىنۇتلاردا يۇرتىمىزدىكى بىر قېتىملىق دالا ساياھىتى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. بىز ئاشۇ ساياھەتتە ئاپارغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئەخلەتلىرىنى ئەنە شۇ گۈزەل ۋە ئەتىكى جامائەتنىڭ سەيلىگاھىغا خالىغانچە تاشلاپ قايتىپ كەلگەندۇق. بىزدە ئاڭ بىلەن ئۇقۇم تەتۈر تاناسىپمۇ قانداق؟

پائالىيەتنىڭ 4 - كۈنى. بىز ياپونىيىنىڭ مۇزېي شەھىرى دەپ نامى بار ئايزۇ شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. سىز بۇ شەھەرنى كۆرگىنىڭىزدە ياپونىيە ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتى بىلەن ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ بىر - بىرىگە گىرەلەشكەن سەلتەنەتلىك ئىزناسىنى كۆرەلەيدىكەنسىز. قەدىمىي قۇرۇلۇشلار، تاش قاپارتمىلىق سېپىل تاملىرى، تونسۇ رۇگا قەلئەسى، شىيەنتيەن سارىيى... قاتارلىق ئوتتۇزدىن ئارتۇق خاتىرە سارايلار بولۇپ، بۇ قەدىمىي ۋە ھازىرقى زامان قۇرۇلۇشلىرى ياپونىيە مەدەنىيىتىنىڭ سەلتەنىتىنى نامايان قىلىپ تۇرىدىكەن. بىز ئالدى بىلەن شۇنسۇ قەلئەسىنى زىيارەت قىلدۇق. بۇ يەتتە قەۋەتلىك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق قەلئە 1384 - يىلى سېلىنغان بولۇپ، 1611 - يىلىدىكى قاتتىق يەر تەۋرەشتە ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانىكەن. مىڭجېزنىڭ 7 - يىلى بۇ قەلئە قايتا رېمونت قىلىنىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي ۋە ھەربىي مەركىزى قىلىنغانىكەن. بىز شۇنسۇ قەلئەسىدىن چىقىپ، كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان تۇنسۇ رۇگا قەلئەسىنىڭ پاسىلىنىڭ بويىغا جايلاشقان يىپەك يولى مۇزېيىغا كەلدۇق. بۇ ئۈچ قەۋەتلىك بىنا سىرتتىن قاراشتىلا ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، ئەتراپتىكى باشقا قۇرۇلۇشلاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. بىنادا قويۇق ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بىناكارلىق ئۇسلۇبى ساقلانغان بولۇپ، بىنا پۈتۈنلەي ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىدى. مۇزېيدا يىپەك كىيىم - كېچەكلەر، ئەتلەس، قەدىمىي قاچا - قۇچىلار، ياغاچتىن ياسالغان ساپال بويۇملار ۋە 200 يىل ئىلگىرىكى مىس ساپلىق قىلىچ، شۇنداقلا باشقا ئاسارئەتىقىلەر قويۇلغان بولۇپ، يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ ئىزنالىرىنى مەلۇم تەرەپلەردىن چۈشىنىۋېلىشقا بولىدىكەن. مۇزېينىڭ خوجايىنى 76 ياشلىق مويسىپىت ياپونىيىنىڭ ئېزىز مېھمانلىرىغا سۇنىدىغان بىشىل چېيىنى ماڭا سۇنۇپ تۇرۇپ، مۇزېينىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، 2000 - يىلى ئارقا ھويلىنىڭ بوش ئورنىغا كىچىك ئۆي تىكىپ، ئۆيىنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ ئۇسلۇبىدا بېزەپ، ئابىدە تىكلىمەكچى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى يىل ئاۋۋالقى شىنجاڭدىكى ساياھىتى ئۈستىدە خېلى ئۇزۇن توختالدى. بوۋاينىڭ چېھرىدىن جۇشقۇنلۇق، قىزغىنلىق ۋە ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇراتتى. ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي يەنە شۇنچە تىمەن ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئۇنۇمسىزلىكىمگە قارىماي ئۆزىنىڭ 220 يىللىق تارىخقا ئىگە ھۆجرىسىغا

باشلاپ كەلدى. ئۆي پۇتۇنلەي ياپونىيىنىڭ قەدىمىي بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان بولۇپ، تاملىرىغا ھەر خىل ئۇسلۇبتا يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار ئويۇلغانىدى. ئۆيىنىڭ كەينىدىكى كۆلدە رەڭدار بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. كۆل بويىدىكى بۈككىدە گۈل - گىياھلار كىشىنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە تارتاتتى. بىز سائەت ئالتىلەر بىلەن بۇ يەردىن ئايرىلدۇق. بۇ كىبىرسىز، سەممىي بوۋاي بىزنى تاكى چوڭ يولنىڭ ئېغىزىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

قەلبىم چەكسىز ھاياجانغا تولغانىدى. ئۇرۇمچىنىڭ بىر رايونىغىمۇ توغرا كەلمەيدىغان بۇ كىچىكىنە شەھەردە شۇنچە كۆپ مۇزېي، خاتىرە سارايلار ۋە ئاسارئەتىقىلەر بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى ۋە تىپىكلىكى بىلەن ئادەمنى مەھلىيا قىلاتتى. بۇ شەھەردىكى بىرقانچە چوڭ خاتىرە سارايدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى شەخسلەرنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئايزۇ شەھىرىنىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشۇۋېتىپتۇ.

## ياپونىيىدىكى شىنجاڭلىقلار مەھەللىسى

توكيو شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا بىر خىلۋەت ماكان بار، بۇ دەل چىباكى ناھىيىسىنىڭ ناگارى ياماشى شەھىرى يېنىدىكى خېگاشى فۇكاي دېگەن جاي. بۇ يەردىكى ياپونلۇقلار ئىككى قەۋەتلىك قاتار كەتكەن ئۆيلەردە تۇرۇۋاتقان ئون نەچچە ئۆيلۈك شىنجاڭلىقلار تورالغۇسىنى «شىنجاڭلىقلار مەھەللىسى» دەپ ئاتىشىدىكەن. مەن بۇ يەرگە كەلگەن كۈنۈملا مانا مۇشۇ زېمىنىنىڭ خوجايىنى روتارى كۇلۇبىنىڭ ناگارى ناماشى پونكىتىنىڭ مەسئۇلى ناسۇمى مايۇ ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. چاچلىرىغا ئاق كىرگەن، ئورۇق ۋە ۋىجىكرەك كەلگەن بۇ كىشى قارىماققا مۇناسىۋەت قىلىش تەس كىشىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كىچىك پېئىل، چىقىشقاق، قولى كەڭ ساخاۋەتچى ئادەم ئىكەن. راستىنى ئېيتقاندا مېنىڭ ياپونىيىدىكى خىزمەت كۈنتەرتىپلىرىم ئاخىرلاشقان بولۇپ، بۇ يەرگە پەقەت تۇغقانلارنى يوقلاپ كېتىشكىلا كەلگەنىدىم. ھالبۇكى مەنمۇ بۇ كىشىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا نائىل بولدۇم. كەچ كىرىشى بىلەن ئەتراپتىكى قوشنىلار مەن چۈشكەن ئۆيگە كېلىشتى، ئارقىدىن شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارمۇ مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. ھەممىمىزنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. بىز شىنجاڭ ۋە ياپونىيە ئۈستىدە پاراڭلاشتۇق. بۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى شىنجاڭغا كەلگەن بولۇپ، شىنجاڭ توغرىسىدا خېلى چوڭقۇر ساۋاتقا ئىگە ئىكەن.

شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار ئۆز يۇرتىنى ئىنتايىن سېغىنغانلىقىنى، يۇرتىنىڭ تەرەققىيات يېڭىلىقلىرى ئۈستىدە بىر نېمىلەرنى بىلگۈسى بارلىقىنى ئېيتىشتى. مەن شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى، ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا بىلگەنلىرىمنى ئېيتىپ بەردىم. بىز پېرىم كېچىلەرگىچە سۆزلەشتۇق.

مەن بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ناسۇمى ماسايۇ ئەپەندىنىڭ شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە باشقا تەرەپلەردىن كۆرسەتكەن ئاجايىپ تىرىشچانلىقلىرىدىن، خەيرى - ساخاۋىتىدىن تولىمۇ سۆيۈندۈم. بۇ كىشى روتارى كۇلۇبىنىڭ ناگارى ياما شۆبىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، روتارى كۇلۇبى 1915 - يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئامېرىكىدا قۇرۇلغانىكەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى، مەقسىتى دوستلۇق ۋە ياردەم بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ دۇنياۋى تەشكىلاتى بولۇپ، روتارى دېگەن سۆز ئايلىنىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. بۇنى قۇرغۇچىلار ئىش بېجىرىش ئورنىنى يۆتكەپ تۇرغاچقا، بۇ ئىسمنى كۇلۇبنىڭ نامى قىلىپ بېكىتكەنىكەن. تۆت كىشى قۇرغان بۇ كۇلۇبنىڭ ھازىر 160 قا يېقىن دۆلەت ۋە رايوندا 29367 شۆبىسى، 120 مىليونغا يېقىن ئەزاسى بار ئىكەن. ھازىر بۇ كۇلۇبنىڭ مەقسىتى بۇرۇنقى دوستلۇق ۋە ياردەم بېرىشتىن ھالقىپ مۇھىت، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت قاتارلىق تۈرلەرگە يۈزلىنىپ، نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىۋېتىپتۇ. مەن جان - دىلى بىلەن بۇ كۇلۇبنىڭ مەقسىتى ۋە ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان بۇ 67 ياشلىق موبىسپىتكە تەشەككۈر ۋە ھۆرمىتىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىش ئورنىغا كەلدىم. مەن ئالدى بىلەن شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسەتكەن ياردىمى ۋە ساخاۋىتىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتتىم. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ «بۇنىڭ رەھمەت ئېيتقۇدەك يېرى يوق، بۇ ئىش مەن ئۈچۈن تاسادىپىي باشلانغان دېسەممۇ بولىدۇ. 1988 - يىلى پەردە ئىسىملىك شىنجاڭلىق بىر قىز بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. كېيىن يەنە بىرنەچچە شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارمۇ مەندىن ئۆي سوراپ كەلدى. ئاستا - ئاستا ئۇلارنى چۈشىنىشكە باشلىدىم. ئۇلار مەندە خېلىلا ياخشى تەسىر قالدۇردى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تىرىشىپ ئوقۇشتەك روھى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئوقۇغۇچىلارنى ھەقسىز ئۆي بىلەن تەمىنلىدىم. 1988 - يىلدىن ھازىرغىچە 36 نەپەر ئوقۇغۇچى بۇنىڭدىن بەھرىمەن بولدى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا توققۇز يىل بولدى. ئەگەر يىللىق ئىجارە ھەققىنى 800 مىڭ ياپونىيە يېنى بولسا(خەلق پۇلىغا 58 مىڭ يۈەن)، ئۇنىڭغا سۇ، توك ۋە گاز ھەققىنى قوشقاندا بىر مىليون يەنگە يېتىدۇ» دېدى. مېنىڭ مۇشۇنچىلىك جىق پۇلنىڭ مەردىن كېچىۋاتقان



www.uyghurkitap.com

بۇ كىشىگە ئىچ - ئىچىمدىن قايىللىقىم ئېشىپ كەتتى. «ياپونىيە جەمئىيىتىدە ئۆي ئەڭ يۇقىرى ئىستىمال بولۇپ، بىزدەك ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى ئەمەس رايوندىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن بۇ ئاجايىپ زور ياردەم» دېدى خوتەن پىداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىدىن ئوقۇغىلى كەلگەن ئەركىن ئىبراھىم ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ. مەن ماسايۇ ئەپەندىدىن «سىزنىڭ بۇنداق زور بەدەل ئارقىلىق دوستلۇقنى قەدىرلىشىڭىزگە نېمە سەۋەب بولدى؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «سەۋەبىنى سورىسىڭىز بىرلا - ئۇ بولسىمۇ يىپەك يولى دوستلۇقىنى قەدىرلەش. شىنجاڭ يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تۈگۈنى، تارىختىن بۇيان يىپەك يولى مەدەنىيىتى ياپونىيىگە ئاجايىپ زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. ياپونىيىدىكى نۇرغۇن مەدەنىيەتمۇ يىپەك يولى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن. شۇ ۋەجىدىن ئېيتقاندا بىزنىڭ يىپەك يولى مەدەنىيىتىگە ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنى قوشقان ۋە مىسلىسىز مۆجىزىلەرنى ياراتقان تارىختىكى مىللەتلەرگە ھۆرمەت ۋە تەشەككۈرىمىزنى بىلدۈرۈشتىنلا ئىبارەت. مېنىڭ خەيرى - ساخاۋەت ئىشلىرىمغا بۇ مەزمۇن چوڭقۇر سىڭگەن» دېدى. مەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بۇ مېھرى - شەپقەت ئەلچىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەسەۋۋۇرىنى سورىغىنىمدا، ئۇ ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ: «مەن شىنجاڭغا بەش قېتىم بارغان، ھەر قېتىم بارغىنىمدا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتىم. مېنىڭ شىنجاڭغا بولغان مېھرىم تېخىمۇ چوڭقۇر، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان مېھرىم تېخىمۇ چوڭقۇر. مېنىڭ پۈتۈن ئارزۇيۇم جۇڭگو شىنجاڭ ۋە ياپونىيە دوستلۇقىنى قەدىرلەش، راۋاجلاندۇرۇش، شىنجاڭنىڭ مائارىپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا بىر كىشىلىك ھەسسەمنى قوشۇش. ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالىمنى چىقىش قىلغىنىمدا مۇشۇ كۆلەمنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش. ھازىر بىر ئىش ئۈستىدە ئويلىنىۋاتىمەن. ئۇ بولسىمۇ شىنجاڭ بىلەن ھەمكارلىق شىركىتى قۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن يېڭى بىر تۈرنى تاللاپ چىقىش. بۇ چوقۇم مەلۇم ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغان ئىش بولسىمۇ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا يەنىلا شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشۇشنى مەقسەت قىلىدۇ» دېدى. مەن ئاخىرىدا «شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلاردىن كۈتىدىغان ئەڭ چوڭ ئۈمىدىڭىز نېمە؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن «بىرلا ئۈمىدىم بار، ئۇ بولسىمۇ تىرىشىپ بىلىم ئېلىپ، شىنجاڭغا قايتىپ بېرىپ ئۆز يۇرتىنىڭ قالاق، ئارقىدا قالغان مائارىپ، پەن - مەدەنىيىتىنى، ئىقتىسادىنى ئىلگىرى سۈرۈش» دېدى. مېنىڭ ئىگىلىشىمچە، بۇ كىشى ھەقسىز ئۆيىنى ھەرقانداق ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇشى پۈتكىچىلا بېرىدىكەن، قانچە يىل ئوقۇسا شۇنچە يىل بېرىدىكەن. لېكىن قايسى كۈنى ئوقۇشى پۈتىدىكەن، شۇ كۈنىلا ئۆيىنى قايتۇرۇۋالىدىكەن. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېزدىن يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. مەن مېنى كۈتۈۋالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلىشىدىغان چاغدا، بۇ ئەرباب «مۇنداق كۆرۈشمىكىمىز تەس، بولسا سىكاي چوققىسىغا چىقىپ سەيلە قىلغاچ پاراڭلاشساق قانداق؟» دېدى. مەن تۈزۈت قىلمايلا تەكلىپنى قوبۇل قىلدىم. خاسامۇ ئەپەندى ماڭا ئۆزىنىڭ يېڭىلا سېتىۋالغان پىكاپىنى كۆرسەتتى. قارىسام مەن ماشىنىسازلىق تەتقىقات ئورنىدا كۆرگەن PRIUS ماركىلىق پىكاپ ئىكەن. بىز مۇشۇ پىكاپ بىلەن يولغا چىقتۇق. پىكاپنىڭ ھەممە ئىقتىدارى ھەقىقەتەن قايىل قىلارلىق بولۇپ، مەن يول بويى ئېكران ئارقىلىق ئاپتوموبىل ئىقتىدارىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى كۆزەتتىم. ئېكراندا ئەگرى - توقاي تاغ يوللىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر چاغدا تاغ يوللىرىنىڭ مەلۇم بۆلەكلىرىگە ياسالغان كەڭ خالتا يول مېنىڭ دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتتى. مەن قاتناش سىستېمىسىدا شۇنچە يىل ئىشلەپ، بۇنداق ئېگىزگە بىرەر يۈز مېتىر داۋاملىشىپ، ئالدى ۋە يانلىرى پۈتۈنلەي تور سىملار بىلەن قاشالانغان يول لايىھىسىنى ئۇچراتمىغانىدىم. ئاخىر بۇنى سوراشقا مەجبۇر بولدۇم. ساخامۇ ئەپەندى «بۇ تاغ يولىدىكى بىر بىخەتەرلىك بەلۋېغى بولۇپ، ئاپتوموبىل تورمۇزى ئۆز ئىقتىدارىنى يوقاتقاندا، ئاپتوموبىلنى شۇ يولغا ھەيدەپ خەتەرنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ» دېدى.

بىز بىر سائەتتىن كېيىن تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقتۇق. بۇ ھەقىقەتەن ئاجايىپ سەلتەنەتلىك گۈزەل مەنزىرە ئىدى. يىراقتىن توكيو تۈزلەڭلىكى توكيو قولتۇقى بىلەن گىرەلەشكەن ھالدا پىشللىقلار ئىچىدە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن بىلىشىمچە، ياپونىيە تاغلىق دۆلەت بولۇپ، زېمىنىنىڭ 80 پىرسەنتى تاغلىق ئىكەن. تۈزلەڭلىك دېيىلسە، ئەڭ چوڭ تۈزلەڭلىك مانا مۇشۇ كۆز ئالدىمدىكى توكيو تۈزلەڭلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

سەيلە داۋامىدا مەن مۇنۇلار بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم. مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ياپونىيىدە 196 نەپەر شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچى ھەر خىل كەسىپلەر بويىچە بىلىم ئاشۇرۇۋېتىپتۇ ۋە ئىلمىي ئۇنۋان ئۈچۈن ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئىشلەۋاتقانلارنى قوشقاندا 300 دەك شىنجاڭلىق ياپونىيىدە ياشاۋېتىپتۇ. شىنجاڭ مەھەللىسىدە

www.uyghurkitap.com



تۇرۇۋاتقان ئۇقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئوقۇش پۇتتۇرۇپ خىزمەت قىلىۋاتقانلار ھەقلىق ئۆيلەردە تۇرىدىكەن. ئايلىق كىرىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 500 ــ 600 مىڭ ياپونىيە يېنى ئەتراپىدا ئىكەن. ئۆي ئىجارىسى 40 ــ 50 مىڭ يېن ئەتراپىدا بولۇپ، بەزىلەرنىڭ شەخسىي پىكاپى بار ئىكەن. ئوقۇۋاتقانلار ئاساسەن خاسمۇ ئەپەندى تەمىنلىگەن ھەقسىز ئۆيلەردە تۇرىدىكەن. ئۆي شارائىتىنى يامان دېگىلى بولمايدىكەن. ھەممىسى بىر يېرىم ئېغىزلىق ئۆيلەردە تۇرسىمۇ، ئۆيىدە ئىسسىق سۇ، گاز، تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىر ئالغۇ، تېلېفون شۇنداقلا كومپيۇتېر قاتارلىق نەرسىلەر ھەممىسى تولۇق ئىكەن. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى يەسلىلەردە تۇرىدىكەن ياكى مەكتەپلەردە ئوقۇيدىكەن. ئۇلار ياپون تىلىغا پىششىق بولۇپ، بەزىلەر ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ. يەنە بەزىلەر ئانا تىلىنى خېلىلا راۋان سۆزلەيدىكەن. مەيلى ئوقۇۋاتقانلار بولسۇن ياكى ئىشلەۋاتقانلار بولسۇن، ياپونىيىنىڭ تېز تۇرمۇش رىتىمىگە ماسلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئەتىگەن سائەت 6 ــ 7 لەر بىلەن ئۆيدىن چىقىپ، كەچ 6 ــ 7 بىلەن قايتىدىكەن. ئوقۇش، خىزمەت سىجىللىقى خېلىلا زىچ ئىكەن.

بۇ يەردە ئوقۇۋاتقان ۋە ئىشلەۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەرلىك ياپونلۇقلار بىلەن مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن. ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىپ ئۇچراشقاندا ياپونچە سالاملىشىدىكەن. ماگىزىن، پوچتىخانا، ئاشخانىلار ياكى باشقا قانداقلا يەرگە كىرمىسۇن، ئۇلارنى بىر قاراپلا تونۇيدىكەن. قىسقىسى، ئۇلار ياپونىيىنىڭ ئومۇمىي تۇرمۇش ئادىتىگە خېلىلا ماسلىشىپ كېتىپتۇ.

## ئاشى كۆلى ۋە دېسنى تەسىراتلىرى


6 ـ ئاۋغۇست. ھاۋا بۇلۇتلۇق ئىدى. مەن ياپونىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان تاغ ئۈستىدىكى مەرۋايىت دەپ نامى بار فۇجى تېغىغا يېقىن خاكونى رايونىدىكى ئاشى كۆلىنى ساياھەت قىلدىم. كۆل قويۇق ئورمان ۋە گۈل ـ گىياھلار بىلەن ئورالغان تاغلار ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 7.09Km2 كېلىدىكەن. كۆل بويىغا ۋە ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەر خىل مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى ئىنتايىن تولۇق بولۇپ، ئېھتىياجلىق ھەرقانداق نەرسىلەرنى تاپالايدىكەنسىز. كۆلنى بويلاپ ياسالغان تاشيول ئارقىلىق خالىغان يېرىڭىزگە بېرىپ سەيلە ـ ساياھەت قىلالايدىكەنسىز. بىز كۆل بويىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان رېستوراندا غىزالىنىپ سىرتقا چىقىشىمىزغا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. «قانداق قىلىش كېرەك؟ يامغۇر توختايدىغاندەك ئەمەس. ئۈستىۋېشىمىز چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىدىغان بولدى» دېيىشىمگە، رېستوران خادىمى ئىشىك ئالدىدا كۈنلۈك بارلىقىنى ئېيتتى.

قارىسام كۈتۈش بۆلۈمىنىڭ ئالدىدا قاتار ـ قاتار كۈنلۈكلەر ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. ھەر بىرىمىز بىردىن كۈنلۈكنى ئېلىپ پىرىستانغا باردۇق. مەن «كۈنلۈكنى كىمگە قايتۇرۇپ بېرىمىز؟» دېسەم، «قاچان ئىشلىتىپ بولغاندا خالىغان كۈنلۈك قويۇش ئورنىغا ئېسىپ قويساق بولىدۇ، بۇ ھەقسىز مۇلازىمەت» دېدى بىرەيلەن. بىز ساياھەت كېمىسى بىلەن كۆلنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتتۇق. كۆل سۈيى شۇنچە تىنىق ۋە سۈزۈك ئىدى. كۆل ئەتراپىدىكى يېشىللىق ئىچىدە جۇلالىنىپ تۇرغان دىياما مېھمانسارىيى ۋە باشقا قۇرۇلۇشلار تاغلار ۋە يېشىللىق بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەندەك گۈزەل ھەم ئۆزگىچە تۈسكە ئىگە ئىدى. قەلبىمدە تېپچەكلەۋاتقان ھاياجان كۆل سۈيىدەك تىنىمسىز ئۆركەشلەيتتى. مەن كېمىدە كېتىۋېتىپ، يۇرتىمىزدىكى ئەڭ گۈزەل بوغدا كۆلى ئېسىمگە كەلدى. بۇ كۆل بوغدا كۆلىگە ئوخشاش تاغ ئۈستىگە جايلاشقانىكەن.

بۇ قېتىمقى ساياھەت جەريانىدا ھاۋانىڭ ياخشى بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ياپونىيىنىڭ سىمۋولى بولغان فۇجى تېغىنى كۆرەلمەسلىكتەك تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولغان بولسىمۇ، قايتىپ كېلىش يولۇمدا تىنچ ئوكيانىنىڭ ھەيۋەتلىك دېڭىز دولقۇنىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم.

توكيو دېڭىز بوغۇزىنىڭ يېنىغا جايلاشقان فۇئەن شەھىرىدە، دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ باغچىنىڭ بىرى بولغان توكيو دېسنى باغچىسىنى كۆرۈش ئىستىكى ياپونىيىگە كەلمەستىنلا مەندە كۈچلۈك ئىدى. مانا بۈگۈن بۇ ئاجايىپ سەلتەنەتلىك دۇنياۋى باغچىغا ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلدىم. دېسنى باغچىسى غەربىي دىيار ئۆرنەكلىرى، خەتەرلىك دۇنيا، يېڭى ھايۋاناتلار، خىيالىي دۇنيا كارتون شەھىرى، كەلگۈسى دۇنيا، دۇنيا بازارلىرى قاتارلىق يەتتە چوڭ تۈر، 20 نەچچە كىچىك تۈرگە بۆلەنگەن بولۇپ، مۇلازىمەت، ئويۇن ـ تاماشا، ساياھەت، پەن ـ تېخنىكا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاتارلىق نۇرغۇن مەزمۇنلار بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ئاجايىپ خانىلارنىڭ بىرى ئىكەن. كەچ سائەت يەتتىلەر بىلەن دۇنيادىكى داڭلىق باللار چۆچەكلىرىگە ئاساسەن تەييارلانغان نىقابلىق ئۇسسۇللار، ئون چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەن ھەر خىل مودېللار بىلەن بېزەلگەن رەڭدار بېزەك ئاپتوموبىللار توپى دېسنى باغچىسىدىكى ئىككى كىلومېتىرغا يېقىن ئاساسلىق يوللارنى ئايلىنىپ ئويۇن كۆرسىتىدىكەن. كەچ سائەت توققۇز يېرىم بىلەن رەڭگارەڭ ساليوتلار ئېتىلىپ ئويۇن يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈلىدىكەن. بۇ يەردە ئامېرىكىنىڭ 17 ـ، 18 ـ ئەسىرلىرىدىكى ئىندىئانلارنىڭ تۇرمۇش كارتىنىلىرى ۋە شۇ دەۋرلەردىكى سانائەت ئىنقىلابى بىلەن تونۇشالايدىكەنسىز، شۇنداقلا

غەربىي دىياردىكى سىرلىق ئورمانلار، ياۋايى ھايۋاناتلار، ئادەمنى سۈر باسىدىغان غار، ئۆڭكۈرلەر كىشىنى ۋەھىمىگە سالسا، كارتون دۇنياسىدا ئۆزىڭىز كىچىك كارتونلار بىلەن ياشاۋاتقاندەك ھېسقا كېلىدىكەنسىز. جىن - ئالۋاستىلار مەزمۇن قىلىنغان قورقۇنچلۇق دۇنيادا رەزىللىك بىلەن كۈرەش قىلىش ئىرادىڭىز تاۋلىنىدىكەن. كەلگۈسى دۇنيادا كائىناتتىكى ئاجايىپ خەتەرلىك مۇساپىلارنى بىۋاسىتە باشتىن كەچۈرگەندەك بولىدىكەنسىز. بۇ باغچىدا بىر كۈن شۇنچىلىك تېز ئۆتۈپ كەتتىكى، بۇ جەرياندا مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ئۇچراشتىم. كېچىلىكتىكى نەچچە ئون مىڭ تاماشىبىننىڭ شادلىق مۇزىكىسىغا ئەگىشىپ كۆتۈرۈلگەن ئاجايىپ ھەيۋەتلىك نامايىشنى كۆرۈۋاتقاندا، بىرمۇ باشقۇرغۇچى ۋە تەرتىپ ساقلىغۇچىلار بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۈزلۈكسىز رەت-



رەت بولۇپ سەپ تۈزۈشلىرىدىن تارتىپ، مۇكەممەل بولغان مۇھەت ئەسلىھەلىرىنىڭ ئۆزگىچە قۇرۇلمىسى ۋە تۈزۈلۈشى مېنىڭ ھېسسىياتىمنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولۇشىغا ئەگىشىپ تۆۋەندىكى ئىككى ئىش مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغىدى. مەن باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇندۇقتا دەم ئېلىپ ئولتۇراتتىم، توساتتىن ئالدىمدا ئويناۋاتقان ئۈچ ياشلاردىكى بىر قىز بالىنىڭ قولىدىكى شار چىملىق ئىچىگە ئۇچۇپ چۈشتى. چىملىق پۈتۈنلەي توساقسىز بولۇپ، بالا تامامەن كىرىپ شارنى ئېلىپ چىقالايتتى. ئەپسۇسكى، بۇ كىچىك قىزچاق ئۇنداق قىلمىدى، بەلكى نېرىراقتا دەم ئېلىپ ئولتۇرغان ئاپىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، شارنىڭ چىملىققا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى دېدى. مەن ئەمدى ئاپىسى كىرىپ ئېلىپ چىقىدىغان بولدى، دەپ تۇرۇشىمغا، ئۇ ئايال تېز - تېز مېڭىپ خېلى يىراقتا تۇرغان مۇلازىمەتچىنى چاقىرىپ كەلدى، مۇلازىمەتچى نەدىندۇر ئۇزۇن بىر تال تاياقچىنى تېپىپ كېلىپ شارنى ئېلىپ چىقىپ قىزچاققا بېرىپ، ئەركىلىتىپ قويدى. مەن شۇ دەقىقىدە بىزدىكى مىڭ يەرگە «چىملىقنى دەسسىمەڭ، ئىچىگە كىرمەڭ، XXX يۈەن جەرىمانە قويۇلىدۇ» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشلارغىمۇ قىلچە پەرۋا قىلماي، شۇنچە چىرايلىق گۈللۈكلەرگە، چىملىقلارغا خالىغانچە كىرىپ، چەيلەپ، چېچەكلىرىنى يۇلۇپ، ئېغىزلىرى تالغىچە گازىر چېقىپ، ھەممە يەرنى شوپەكلەرگە تولدۇرۇۋېتىدىغان ئاڭسىز قىلىقلىرىمىز بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ ئاجايىپ جانلىق سېلىشتۇرما، ئەلۋەتتە. مېنىڭچە ساپا بىلەن ئاڭ بىر - بىرىنى چەتكە قاقمىسا كېرەك. ئۈچ ياشلىق بالا مۇشۇنداق يەرگە كىرىشكە بولمايدىغانلىقىنى كىچىكىدىن يېتىلدۈرگەچكە، ئۇ بالىغا ئاڭ بولۇپ سىڭگەن. بۇ ئاڭ تەدرىجىي بالىنىڭ ئەخلاقىي ساپاسىنى يېتىلدۈرگەن. ئەپسۇسكى، بىزدىكى خېلى ئوقۇغان زاتلىرىمىزدىمۇ مۇنداق ئاڭ ۋە ساپا يېتىلگەن ئەمەس.

ئىككىنچىسى، مۇشۇنداق چوڭ باغچا بىر بېلەتلىك تۈزۈمنى يولغا قويغان بولۇپ، مۇشۇ بېلەت بىلەن دىسنىدىكى نەچچە ئونلىغان ئويۇن تۈرلىرىگە كىرگىلى بولىدىكەن. ۋەھالەنكى بىزدە بۇنداق ئەمەس، ئۈرۈمچىدىكى سۇ ئۈستى باغچىسى تۈرلىرى خېلى كۆپ باغچا بولسىمۇ، ئىشىك بېلىتىدىن باشقا ھەر بىر تۈر ئۈچۈن ئايرىم بېلەت ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن بېلەت ئېلىش ئۈچۈن، تۈرلەرنى ئويناش ئۈچۈن ئۆچىرەت تۇرۇپ ئادەم چارچاپ كېتىدۇ. بىر قېتىم بارغان كىشى ئىككىنچى قېتىم مۇشۇ ئاۋارىچىلىقلار بىلەن بارغۇسى كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت مۇلازىمەت سەۋىيىسى تۆۋەن، كۈتكۈچىلەرنىڭ مۇئامىلىسى قوپال بولغاچقا ئادەمنىڭ قىزىقىش تۇيغۇسىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

## ئۈمىدتىن چاقنىغان ئىزلار

15 كۈن بىر كىشىنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىدە ناھايىتى قىسقا ھېسابلانسىمۇ، ياپونىيىدە ئۆتكەن ئاشۇ كۈنلەر تولىمۇ خەيرلىك ۋە مەڭگۈ ئەسلەشكە تېگىشلىك ئەسلىمىلەرنى كۆڭۈل دەپتىرىمدە قالدۇردى. تۆت ئەتراپى دېڭىزلار بىلەن ئورالغان بۇ ئاراللار دۆلىتىنىڭ زېمىنىغا نىسبەتەن ئادىمى كۆپ، تەبىئىي بايلىقى كەمچىل بولسىمۇ، ئۆز ئەقىل - پاراسىتىگە، يۇقىرى پەن - تېخنىكىسىغا تايىنىپ دۇنيا سەھنىسىدە ئۆز ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئورنىنى

www.uyghurkitap.com



مۇستەھكەملەپ تۇرۇشى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان ئىش. ياپونىيە ئۆز مەدەنىيىتىنى قوغداپ قېلىش بىلەن بىرگە غەرب ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتىگە كۆچلۈك ئۇچرىغان دۆلەت ئىكەن. ئادەملىرى چىققىشقاق، سۆھبەتخۇمار، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى تولىمۇ خۇشاللىق ئىش دەپ بىلىدىكەن. مەيلى قانداقلا ئادەم بولمىسۇن تەكەببۇرسىز ئىكەن. ئۇلاردا يۇقىرى قـاتلام كىشىلىرىگە ھۆرمىتى باركى، قۇللۇقى يوق ئىكەن. تۇرمۇش رىتىمى ئىنتايىن تېز بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەرقانداق يـاپـونلـۇق ئـۆز مـەيلـىچە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلمايدىكەن. مەيلى سىز قانچىلىك يېقىن بولۇپ كەتمەڭ، ۋاقتىغا دەخلى قىلىسىڭىز ھەرگىز يۈز - خاتىرە قىلمايدىكەن. قـىزىـق يـېرى شـۇكـى، ئاپتوماتىك ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىمۇ شۇنداق ئىكەن. مەسىلەن، ئاپتوماتىك ئىچىملىك ئېلىش ساندۇقىدىن تارتىپ، مېتروغا بېلەت سېتىشقىچە بولغان ھەرقانداق ماشىنا ئوخشاشلا يۈز - خاتىرە قىلمايدىكەن. بىر بېكەتلىك بېلەتنى كەم ئالدىڭىزمۇ بولدى، ھەرقانداق قىلىپمۇ ۋوگزالدىـن چـىقـىـپ كېـتـەلـمـەيدىكەنسىز. بۇلار تىرىك قارانچۇقلاردىنمۇ ئەستايىدىل ئىكەن. ھەرقانداق پۇقرا قانۇن بـويىچە ئۆزىنى قوغداشنى بىلىدىكەن. شۇڭلاشقىمۇ مەيلى پۇقرا بولسۇن ياكى قانۇن يۈرگۈزگۈچىلەر بولسۇن، قانۇنغا مۇتلەق بويسۇنىدىكەن.

بىر كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئوقۇغىلى كەلگەن ھەيدەر بىلەن قاراڭغۇ چۈشكەندە بىرنەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن سـىرتقـا چىقتۇق. بىز ئىككىمىز ۋېلسىپىتنى مىنىپ كېتىۋېتىپ، ئەگىلىپ ئۆتۈشىمىزگە ئالدىمىزدىن بىر ساقچى ئـاپتـوموبىلى چىقىپ توختىدى - دە، بىزنى ۋېلسىپىتتىن چۈشۈشكە ئىشارە قىلدى. بىز ۋېلسىپىتتىن چۈشتۇق. ئۇلار ئالدىمىزغا كېلىپ چاس بەردى. مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇراتتىم، ھەيدەر ماڭا چۈشەندۈردى:

– ۋېلسىپىتنىڭ چىرىغى يوق ئىدى، بۇلارنى چىقىپ قالار دېمەپتىمەن، – دېدى.

سـاقچى يېنىمىزغا كېلىپ ھېچقانداق تەنقىد بەرمىدى، جەرىمانىمۇ قويمىدى. ئەكسىچە قاتناش بىخەتەرلىكى ئۈستىدە بىرنەچچە مىنۇت دەرس ئۆتتى. ساقچى كەتكەندىن كېيىن، بىز ماڭغاچ پاراڭلاشتۇق، ياپونىيىدە قاتناش قانۇنى بىرقەدەر كۈچلۈك ئىجرا قىلىنغاچقا، تەلەپ قاتتىق بولغانلىقتىن، ھەممە ئادەم ئاڭلىق بويسۇنۇشنى ئادەت قىلغانىكەن. بالىلاردىن تارتىپ چوڭلارغىچە ھەتتاكى ئەمالارغىچە بۇ قائىدىگە بويسۇنىدىكەن. ياپونىيىدە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيوللارنىڭ قاپلىنىش كۆلىمى زور بولۇپ، ئومۇمىي يول 1 مىليون 500 مىڭ كىلومېتىرغا، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول 7 مىڭ كىلومېتىرغا يېتىدىكەن. مەن مىڭ كىلومېتىرغا يېقىن مۇساپىنى ئاپتوموبىلدا ئۆتكۈزۈش جـەريانىدا، يوللاردا ئاپتوموبىللار شۇنچە زىچ بولسىمۇ قاتناش توسۇلۇش، قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلماسلىق، يول تالىشىش قاتارلىق ئىشلارنى ئۇچراتمىدىم.

ياپونىيىدە شەھەرلەر بىلەن يېزىلارنىڭ پەرقى يوق دېيەرلىك ئىكەن. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانـلارنـىڭ نوپۇسى 15 پىرسەنتنى ئىگىلەيدىكەن. گۈرۈچ بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەيدىكەن، لېكىن بۇغداي بىلەن ياغلىق زىرائەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئىمپورت قىلىدىكەن. يېـزىدىكى دېھقانلار شەھەرلەردە تۇرۇشنى ئانچە خالاپ كەتمەيدىكەن. مەن «بۇ نېمە سەۋەبتىن؟» دەپ سورىسام «شـەھـەرلـەر قـىسـتـاڭچىلىق، تۇرمۇش رىتىمى تېز، شەھەرلەردىكى ھەرىكەت رىتىمىغا ماسلىشالمايدىكەنمىز» دېيىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ يىللىق كىرىمى شەھەردىكىلەردىن قېلىشمايدىكەن. يەر تېرىـشتىن تارتىپ ھوسۇل يىغقىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھـەممىسى ماشىنىلاشقان بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئەمگەك سـىجـىللىقى ئانچە يۇقىرى بولمىغاچقا باشقا قوشۇمچە كـەسـىپلـەر بـىلـەن شـۇغـۇللـىنىپ ئۆز كىرىمىنى ئاشۇرىدىكەن.

ياپونىيىدە مائارىپ زور دەرىجىدە يۈكسەلگەن بولۇپ، تـوققـۇز يىـللىـق مـەجبۇرىي مائارىپ 1907 - يىلى ئـومۇملىشىپ بولغانىكەن. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا ياپونىيىدە 400 گە يېقىن ھەر خىل كەسىپ قـۇرۇلمـىسـىغا ئىگە ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بار بولۇپ، ھەرقانداق ئوقۇشنى خالىغۇچى ئۈچۈن شەرت - شارائىت تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلىدىكەن. لېكىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، ياپونىيىدە ئوقۇشقا كىرىش ئاسان، چىقماق تەس ئىكەن. ئوقۇش پۇلىمۇ دېيەرلىك يۇقىرى بولۇپ، قاتتىق تىرىشىپ ئـوقـۇغاندىلا ئاندىن ئوقۇش يازدەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولالايدىكەن. مەن ئىگىلەپ كۆرسەم، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوقۇشتىن سىرت ۋاقىتلىرىدا قـوشـۇمچە ئىشلەپ ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىش بـىلـەن بـىـرگە ئۆزىنىڭ پارچە - پۇرات راسخوتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىكەن. شىنجاڭدىن ئوقۇغىلى بارغان ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىكەن. بىر كۈنى XXX ئىسىملىك ئوقۇغۇچى بىلەن خېلى ئۇزۇن سەھبەتلىشىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كۈنىگە ئالتە سائەت ئوقۇپ، تۆت سائەت ئىشلەيدىكەن. ئۇ ياپونىيىگە كەلگىلى ئىككى يېرىم يىل بولغان بولۇپ، كەلگەندە 70 كىلوگرام ئىكەن. ھازىر 58 كىلوگرامغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئـۇ يۇقىرى ئوقۇش پۇلىنى تۆلەش ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىشلىمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن «ئۇنداقتا سىز

بۇنداق جاپا بىلەن ئوقۇغۇچە قايتىپ كەتسىڭىز بولمامدۇ؟»
دېسەم، ئۇ قەتئىي تەلەپپۇزدا «بولمايدۇ، ياپونىيە پۈتۈنلەي رىقابەتكە تولغان دۇنيا، بىز بۇ يەردە بىلىم ئېلىش بىلەن بىرگە يەنە ئۆز - ئۆزىمىزنى تونۇشنى، قۇدرەت تاپتۇرۇشنى، هاياتلىق دۇنياسىدا يۈت تىرەپ تۇرۇشنى ئۆگىنىدىكەنمىز» دېدى. راستىنى ئېيتسام، ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدە مۇشۇنداق ئىستەك بار ئىكەن.

ياپونىيىدە 3 - كەسىپ يۈكسەك تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ مۇهىم قىسمىنى ئىگىلەيدىكەن. 3 - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ كۆلىمىمۇ ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، پۇلدارلار بولسۇن ياكى دۆلەت مەمۇرلىرى بولسۇن بوش ۋاقىتلىرىدا قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۈرۈمچى «دوستلۇق دوختۇرخانىسى»دىن كېلىپ ئوقۇۋاتقان مۇنىرە ماڭا مۇنداق بىر هېكايىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ياپونىيىگە يېڭى كەلگەندە ئۇلارنىڭ 65 ياشقا كىرگەن بىر قوشنىسى بولۇپ، ئىنتايىن باي كىشى ئىكەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي داۋاملىق بېلىقچىلارنىڭ بېلىقلىرىنى تۇرگە ئايرىش ئىشىنى قىلىدىكەن. تاپقان پۇللىرى ئارقىلىق خەيرى - خاساۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. بۇنداق ئىشلارغا كەلگەندە ئۇلار شۇنداق مەرد، ئەمما ئىسراپچىلىق، هورۇنلۇققا شۇنداق ئۆچ ئىكەن.

ياپونىيىدە بىلىم ئىگىلىرى تولىمۇ هۆرمەتلىنىدىكەن. ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا، تەتقىقات ئورۇنلىرىدا پروفېسسورلارنىڭ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ هوقۇقى مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭكىدىن چوڭ ئىكەن. بىرەر تۈرنى هۆددىگە ئېلىشتا مۇتەخەسسىسنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى مەمۇرىي ئەمەلدار خالىغانچە ئۆزگەرتەلمەيدىكەن ياكى بىكار قىلالمايدىكەن. ئىقتىسادىي ئايلىنىشنى شۇ مۇتەخەسسىس ئۆزى بىرتەرەپ قىلىدىكەن.

رادىئودىن ئاڭلانغان دىكتورنىڭ يېقىملىق ئاۋازى مېنى خىيال دۇنياسىدىن ئويغاتتى. سائەتكە قارىسام ئىككى بوپتۇ. يەنە 40 مىنۇتتىن كېيىن بۇ دۆلەتتىن ئايرىلىشىم كېرەك، مەن چېگرىدىن چىقىش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەگەندىن كېيىن، ئاپتوماتىك ئۇزىتىش پەلەمپىيى ئارقىلىق بىۋاستە ئايروپىلانغا چىقتىم. هايال ئۆتمەي ئايروپىلان كۆككە كۆتۈرۈلدى. مېنىڭ قەلبىممۇ بۇ كۆپكۆك دېڭىز، يېشىل تۇپراقلىق زېمىن ئۈستىدە قاناتلىنىشقا باشلىدى. مەن ئايروپىلان دېرىزىسىدىن پەسكە قارىدىم، تۇرسىمان يوللار، كۆللەر، ئۆيلەر بارغانسېرى كىچىكلەپ، ئايروپىلان بۇلۇتلار ئىچىدە شۇڭغۇيتتى. مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ، بېشىمنى يۆلەنچۈككە تاشلاپ خىيال ئۈستىدە دوكتور مۇهەممەتئىمىننىڭ مېڭىش ئالدىدا ماڭا سوۋغا قىلغان ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى ئېسىمگە چۈشتى - دە، بۇ بوش سەپەر ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ كۆرۈپ بېقىش ئىستىكىدە ئۇنى قولۇمغا ئالدىم. قارا مەخمەل تاشلىق توپلامنىڭ ئوتتۇرىسىغا شىنجاڭنىڭ خەرىتىسى، خەرىتىنىڭ ئىچىگە تەڭرىتېغى بىلەن تەكلىماكاننىڭ رەڭلىك سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئىككى تەرىپىگە ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدا ئۈمىد دېگەن هەل بېرىلگەن خەتلەر چاقناپ تۇراتتى. توپلامنىڭ باش قىسمىغا «زامانىۋى پەن - تېخنىكا ۋە ئالىي پەن تەتقىقات» دېگەن توپلام ئىسمى ئۇيغۇر، خەنزۇ، ئىنگلىز يېزىقلىرىدا يېزىلغان بولۇپ، بۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ياپونىيە، ئامېرىكا، تۈركىيە، شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئوقۇۋاتقان ۋە ئىشلەۋاتقان خادىملارنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى ئىكەن. توپلامدىكى ماقالىلەر كەسىپ قۇرۇلمىلىرى بويىچە ئالتە چوڭ تۈرگە بۆلۈنۈپ، 42 ئاپتورنىڭ 52 پارچە ماقالىسى كىرگۈزۈلگەنىكەن. بۇ توپلام ئۈمىد نامىدا مۇهەممەتئىمىن غېنى بىلەن ئىليار شەيخىدىننىڭ باش تەهرىرلىكىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، توپلامنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ياپونىيىدىكى بەزى ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ۋە شەخسلەرنىڭ ئەجىر - ئەمگىكى سىڭدۈرۈلگەنىكەن. توپلام ئىنتايىن سۈپەتلىك ئىشلەنگەن بولۇپ، توپلامدىكى ماقالىلەرنىڭ شىنجاڭلىق ئەزىمەتلەرنىڭ ئۇزۇن يىللىق تىرىشچانلىقىنىڭ ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ شۇنداقلا جاپالىق ئەمگەكلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل سەمەرىسى مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكەن. توپلامدىكى مەزمۇنلار ئارقىلىق دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئىلىم - پەن تەتقىقات ئۇچۇرلىرىدىن خەۋەردار بولغىلى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ هازىرقى ۋە كەلگۈسى بىر مەزگىللىك پەن تەتقىقات ئوبيېكتىپىنى تاللاش ئۇچۇنمۇ مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئىكەن.

مەن توپلامنىڭ هەر بىر بېتىنى ئاچقىنىمدا بىر خىل توسۇۋالغۇسىز هاياجانلىنىش ۋۇجۇدۇمنى تىترەتمەكتە ئىدى. بۇ تىترەش ئىچىگە قانچىلىغان ئارزۇ - تىلەكلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى سۆزلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىۋاتىدۇ. مەن شۇ مىنۇتتا شۇنداق ئويلىدىمكى: ئالىي غايە، گۈزەل ئىستەك، بوشاشماس ئېتىقاد ۋە جاسارەت بىر ئىنساننىڭ جەمئىيەت، مىللەت ۋە دۆلەت ئالدىدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان يۈكسەك مەسئۇلىيىتىنى نامايان قىلىدۇ. مانا بۇ مەسئۇلىيەت هەر بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىدۇ. بۇ ئۇچقۇن يانغىن بولۇپ، 21 - ئەسىرنىڭ رىقابەت دۇنياسىدا پۇت تىرەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىمىزنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com



# يىلان ھەققىدە چۆچەك

(ھېكايە)

ئېلتېكىن

... مەلىكە گۈلرۇخنىڭ بېشىنىڭ چوكىيىشىغا ئەگىشىپ، چىرايى ساماندەك سارغىيىشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ قىزىنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەپ ئوردا تېۋىپلىرىنى چاقىرتىپ قىزىنى كۆرسىتىپتۇ. تېۋىپلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى ماھارەتلىرى بىلەن ياسىغان دورىلىرىمۇ مەلىكىنىڭ كېسىلىگە داۋا بولماپتۇ. مەلىكىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلىشىپتۇ. پادىشاھ دەرغەزەپكە كېلىپ، ئوردا تېۋىپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ھەممە ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن بوقرات ئىسىملىك بىر ۋەزىر پادىشاھقا مۇنداق دەپتۇ:

– ئى پادىشاھى ئالەم، قىزىمنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىمەن دېمىدىڭىز، بىزدىن يەتتە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئەرمەن دىيارىغا كىشى ئەۋەتىپ پەقەت شۇ جايدىنلا چىقىدىغان مۇنداق بىر خىل يىلاننى كەلتۈرگەيسىز...

ۋەزىر پادىشاھقا يىلاننىڭ خاسىيىتىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال يىلاننى ئېلىپ كېلىشكە نۇرغۇن سوۋغا – سالاملار بىلەن ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپتۇ...

مومايىنىڭ چۆچىكى تېخى تولۇق تۈگىمەستىنلا قىز ئاجايىپ شېرىن خىياللار بىلەن ئۇيقۇغا كېتەتتى. قىزىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىدىن ھەمىشە تەشۋىشلىنىپ يۈرىدىغان مومايمۇ ئىچىدە ئاللىقانداق ئايەتلەرنى ئوقۇپ، ئىككى تەرەپكە ھۈرگىنىچە ئۇيقۇسىنى باشلايتتى. مەلىكىلەرنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمەي، جېنىدىن ئايرىلغان سانسىز شاھزادىلەر، ۋىسال ئىزلەپ يولغا چىققان ئاشىقلارنىڭ ئاجايىپ قىزىقارلىق كەچۈرمىشلىرى، ھەش – پەش دېگۈچە خىلمۇخىل ئۆزگىرەلەيدىغان ھەيۋانلار، مەختۇمسۇلانىڭ قېنىنى شورىۋاتقان يەتتە باشلىق يالماۋۇز، ئۈچ ئاچا يول، قىرىق كېچە – كۈندۈز ئۈزۈلمەي ئۆتكۈزۈلگەن توي... قىز چۈشىدىمۇ مۇشۇلارنى چۈشەيتتى. قىزغا نىسبەتەن ھەر ئاخشىمى ئانىسى سۆزلەپ بېرىدىغان چۆچەكتىكى دۇنيالار مەۋجۇت ئىدى. ئۇ چۆچەكتىكى دۇنيادا ياشايتتى. قىز چۆچەكلەرنىڭ قورقۇنچلۇق يەرلىرىنى ئاڭلىغاندا ئانىسىغا مەھكەم چاپلىشىۋالسا، سېھىرلىك يەرلىرىنى ئاڭلىغاندا تاتلىق ھېسلارغا چۆمەتتى. كېيىنچە مومايمۇ قىزىنى قورقۇتماسلىق ئۈچۈن، قورقۇنچلۇق ۋەقەلىكى بولغان چۆچەكلەرنى سۆزلىمەيدىغان بولدى. قىزغا نىسبەتەن چۆچەكتىكى خىيالىي دۇنيا بىلەن رېئاللىقتىكى دۇنيانىڭ پەرقى يوق ئىدى. ئانىسى بىلەن بىللە تۇرىۋاتقان ئىسىنىڭ دەستىدىن تورۇسلىرى قارىيىپ كەتكەن پاكار ئۆي، ئادىمى چىقمىسىمۇ غىچىرلاپ تۇرىدىغان ئەسكى كارىۋات، تەكچىگە قالايمىقان تىزىپ قويۇلغان قاچا – قۇچا، تويا ئۆرلەپ تۇرىدىغان پالاز، ھەرقانچە ئېگىشىپ ماڭسىمۇ ھەمىشە ئۇسۇۋالىدىغان پاكار ئىشىك... قىز ياشاۋاتقان دۇنيادىن بۇ نەسلەرنىڭ بىرسىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى.

قىزنى چوڭ قىلىش جەريانىدا مومايىنىڭ قانچىلىك جاپا چەككەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس. ئېرى ھايات بولغان بولسىغۇ بىر گەپ، ئون سەككىز يىلدىن بېرى كۈندۈزلىرى ئېتىزدا تىرىشچانلىق قىلىش، ئېتىزدىن قايتىپ كېلىپ ئۆينىڭ ئېغىر – يېنىك ئىشلىرىنى قىلىش، تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆزى قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىنىڭ ئىككى كۆزى تۇغما ئەما. ئۇ تاماق قاچىسىنى ئالدىغا ئەكېلىپ بەرسە، يېيىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشنى

قىلالمايدۇ. تالا ئىشلىرىدىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن مومايغا ئۆيدىمۇ ئارامچىلىق يوق. قىزنىڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزۈۋاتقان، ئاخشاملىرى كىيىملىرىنى سالغۇزۇپ ياتقۇزۇۋاتقان... موماي قېرىپ ھالىدىن كېتىۋاتاتتى. مۇشۇ يېشىغا كەلگىچە موماي ئۆزىنىڭ خۇشال بولغان بىرەر كۈنىنىڭ بولغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيدۇ. يېشى تېخى قىرىققىمۇ كىرمەي تۇرۇپ «موماي» ئاتالدى. بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈلپەتلەرگىمۇ، چىدىغۇسىز قىسمەتلەرگىمۇ كۆز يېشى بىلەنلا جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ خۇشال بولىدىغان ۋاقىتلىرى بار دېيىشكە توغرا كەلسە، بىر كۈنلۈك ئىشنى تۈگىتىپ، قىزنى قۇچاقلاپ يېتىپ، ئۇنىڭغا ئاجايىپ ـ غارايىپ چۆچەكلەرنى سۆزلەۋاتقاندا بولاتتى. ئۇ بەختسىز قىزنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن، بارغان ـ تۇرغان يەرلىرىنىڭ ھەممىسىدە خىلمۇخىل چۆچەكلەرنى ئويلايتتى. ئۇ مەڭگۈ ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان «چۆچەك دەرىخى»گە ئوخشايتتى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن يېڭى ـ يېڭى چۆچەكلەر توقۇلۇپ تۇراتتى.

...شاھ ئەلچىلىرى مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، پايانسىز قۇملۇقلاردىن، دەشت ـ سەھرالاردىن ئېشىپتۇ. ئۇلارغا مەلىكىگە لازىملىق يىلان مەڭگۈ تېپىلمايدىغاندەك تۇيۇلۇپتۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر بۇ سەپەردىن قېچىپ كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، پادىشاھنىڭ قاتتىق جازالىشىدىن قورقۇپ، ئامالسىز باشقىلارغا ئەگىشىپ مېڭىۋېرىپتۇ. مۇشۇ مېڭىشتا ئۇلار قىرىق كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپتۇ. ئاخىر ئۇلارنىڭ ئېلىۋالغان ئوزۇق ـ تۈلۈك، يېمەك ـ ئىچمەكلىرى پۈتۈنلەي تۈگەپتۇ...

موماي ئادەتتە خوراز چىللىشى بىلەن تەڭلا ئېتىزلىققا چىقىپ كېتەتتى. ماگار چېغىدا قىزنى ئۆي ئىچىگە سولاپ، دەرۋازىنى سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قوياتتى. بىچارە قىز تاملارنى سىيپاشتۇرۇپ ھويلىغا چىقالىغاندىن باشقا ھېچقانداق ئىشنى قىلالمايتتى. ئۇ ھويلىدىكى سۇپىغا سېلىپ قويۇلغان ئەسكى كىگىزگە يانپاشلاپ ئولتۇرۇپ، ئاخشام ئانىسى سۆزلەپ بەرگەن چۆچەكلەرنى ئويلايتتى. قارىيىپ كەتكەن زىغىر پاخال تاشلىنىپ قىلىنغان چەللە باراڭدىن چۈشمەي دېمىسمۇ ئامالسىز چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرى، يەم ـ خەشەك بېرىلمەي ئاللاغا نالە قىلىپ مەرەۋاتقان بىچارە ئورۇق قوي، چاشقاندىن باشقا يېمەكلىككە ئېرىشەلمەي شۈمشىيىپ ياتىدىغان مۈشۈك، ئۆز پوقىنى ئۆزى دەپ چورۇقلاپ يۈرىدىغان يېتىمەك توخۇ ـ قىز ئەتراپىدىكى بۇ نەرسىلەرنىمۇ چۆچەك ئىچىدە دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئاجايىپ شېرىن خىياللارنى سۈرەتتى. ئىشىك غىچىرلاپ ئانىسىنىڭ ئورۇق قوينى تىللىغان غەزەپلىك ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، قىز خىيالدىن قايتىپ كېلەتتى. مەلىكىنىڭ تېپىشماقلىرىمۇ، ساندۇققا سولانغان شاھزادىمۇ، جادۇگەر مومايمۇ، قان ئىچەر زالىم پادىشاھمۇ... غايىب بولاتتى. مومايىنىڭ ئاتقان كەتمىنىدىن قىزنىڭ قېشىدىلا ياتقان مۈشۈكمۇ، كىگىزنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىگە چىچىپ قويغان توخۇمۇ، ئۈجمە شېخىدا چۇرۇقلاۋاتقان سېغىزخانمۇ ئاللىقاياقلارغا يوقىلاتتى. موماي قىزنى: «پوقىڭغا مىلىنىپ ياتقۇچە، زۇۋانىڭ بولغاندىكىن، ماۋۇ جۇۋايىنىمەكلەرنى ھەيدىۋەتسەڭ بولمامدۇ!» دەپ دۇشكەلەپ، باياتىن ئېتىلغاندا قەيەرلەرگىدۇر چۈشكەن ئوتوغۇچنى تېپىپ كېلىپ، كىگىز ئۈستىدىكى پوقلارنى قىرىپ ئېرىغداشقا باشلايتتى. شۇ ھامان قىزنىڭ ئېسىگە چۆچەكلەردىكى رەھىمسىز ئۆگەي ئانا كېلەتتى: جاڭگالدىن ئوتۇن تېرىپ كېلىش، قۇمغا ئارىلاشتۇرۇلغان تېرىقنى ئايرىش، قاراڭغۇ ئۆيدە يىپ ئىگىرىش... قىز ئانىسى ئالدىغا ئەكىلىپ بەرگەن چاينى ئىچىۋاتقاندىمۇ، «يېتىم قىز» چۆچىكىنى ئويلايتتى.

مومايىنىڭ غېمى تېخىمۇ ئاشتى. ئۇ مەھەللىدىكى بىر قانچە تويغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، قىزى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. مەھەللىدىكى قىزى بىلەن تەڭ دېمەتلىكلەرنىڭ ھەممىسى توي قىلىپ بولدى، ئالدى بىرەر ـ ئىككى باللىقمۇ بولدى. ھەتتا پاشاخاننىڭ قىزىدىن بىر ياش كىچىك قىزى ئىككى ئەردىن چىقىپ، يەنە مەھەللىدىكى ياش باللارنى ئازدۇرۇپ يۈرىدۇ. مومايىنىڭ قىزىمۇ توي قىلىش يېشىغا تولۇق يەتتى. بوي ـ تۇرقى، يوغان ئۇستىخانلىرى، ئەتلىك بەدىنى، يېتىلگەن كۆكسى، چىرايىمۇ ئۇنچىۋالا كۆرۈمسىز ئەمەس، ئەممازە، بىچارىنىڭ ئىككى كۆزى كۆرمەيدۇ. مۇشۇ ھالەتتە مەھەللىدىكى قايسىبىر يىگىت قىزنى ئەمرىگە ئالىدۇ؟ موماي مەھەللىدىكى مېھماندارچىلىقلاردا قىزنىڭ چوڭ بولغانلىقىنى توي قىلىش يېشىغا يەتكەن باللىرى بار ئاياللارغا پۇرىتىپمۇ باقتى. ئۇنىڭچە قىزنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك بولسىلا، قانداق ئەر كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قىزنى ھېچبىر تويلۇقسىز بېرىشنى ئويلايتتى. «تووۋا خۇدايىم، سەن ئۆزۈڭ ياراتقان بىر بەندىنى كىچىككىنە ئەيىبىنىڭ بولغانلىقى بىلەنلا بەختسىز قىلىپ قويامسەن؟ ئۇمۇ ئادەمغۇ؟ ئۇمۇ ئادەمدەك ياشىشى، ئادەمدەك تۇرمۇش كەچۈرۈشى كېرەكقۇ؟...» موماي بىر مىنۇتمۇ قىزنىڭ تەقدىرىنى ئويلىماي تۇرالمايتتى. بەزىدە موماي قىزنىڭ بىچارە ھالىتىگە قاراپ: «ئۇنى نېمىشقىمۇ تۇغقاندىمەن؟!» دەپ ئويلاپمۇ قالاتتى. قىز ھەر كۈنى ھويلا بىلەن ئۆي، ئۆي بىلەن ھويلا ئارىسىدىلا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. مانا ماۋۇ ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى كۈنگۈرە ئورنىدىكى بىر قانچە يەرلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن پاكار ئەنجان تام مەختۇمسۇلا مىنىپ قېچىپ كەتكەن ئات، مانا ماۋۇ قاچان ئەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان يىرتىق كىگىز شاھزادە بەھرام سەنجەر مەلىكىنى ئېلىپ قاچقان ئۇچار گىلەم، مانا ماۋۇ موماي قىزنى قارا بېسىپ قالمىسۇن دەپ سامانلىرى چىقىپ قالغان تەكىيە قېشىغا قويۇپ قويغان بىسى يوق پىچاق شېرىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان قىلىچ... قىزنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئالاقىدار

بولغان هەممە نەرسىنى ئانىسى سۆزلەپ بەرگەن چۆچەكلەر دۇنياسىدىن تاپقىلى بولاتتى. قىز ھەر كۈنى كەچقۇرۇن ئانىسىنى چۆچەك ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇرلايتتى. چۆچەكتىكى دۇنيادىن يېڭى - يېڭى نەرسىلەرنى ئىزلەيتتى.

... مەلىكىنىڭ كېسەللى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپتۇ. ئۇ ھېچقانداق كىشى بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمايدىكەن. پەقەت چىرايى سولغۇن، غەمكىن ھالەتتە چارباغدىكى كۆل بويىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدىكەن. ئۇ ھەر كۈنى كۆلدىكى سۈپسۈزۈك سۇ ئىچىدە بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقلارغا قاراپ، ئاجايىپ شېرىن خىياللارغا چۆمىدىكەن...

مومايى قىزنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ، ئىچىنى قانداقتۇر بىرنەرسە تاتىلاۋاتقاندەك بىئارام بولۇپ كېتەتتى. قىز تاملارنى سىيپاشتۇرۇپ مېڭىپ كېتىۋېتىپ بەزىدە تۇرۇپلا قاتتىق ئۇھ تارتىپ كېتەتتى. بەزىدە قوللىرى بىلەن سىيپاشتۇرۇپ، سۇپا تۈۋىگە دۈۋىلەپ قويۇلغان ئەخلەت ئارىسىدا بىغەم ئۇخلاۋاتقان مۈشۈكنى سۆيۈپ كېتەتتى. موماي بىرقانچە قېتىم قىزنىڭ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغىلا قويۇلغان كەتمەن سېپى چوكىلۇقتىكى بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخىنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. قىز قاتتىق ھاياجانلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بۇنداق چاغلاردا موماي نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالاتتى. دېمىسىمۇ كۈن بويى ھويلىدىن سىرتقا چىقماي قەپەسكە سولانغان قۇشتەك بويىنىنى قىسىپ ئولتۇرۇش دېگەن ئاسان گەپمۇ؟ قىز چوڭقۇر تىنىپ، ئېغىر ئۇھسىناتتى. ئۇ بىر قېتىم ئانىسىغا: «مەن مۇشۇ يېشىمغا كەلگىچە سەندىن باشقا ھېچقانداق ئادەم زاتى بىلەن پاراڭلىشىپ باقماپتىمەن» دېگەنىدى. قىزنىڭ بۇ دېگىنى توغرا ئىدى. ئادەتتە موماي كىشىلەر بىلەن بەكمۇ ئاز بېرىش - كېلىش قىلاتتى. مېھمان كەلگەندىمۇ قىزنى مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتۇرمەيتتى. قىز ئانىسىدىن بۆلەك بىرەر كىشى بىلەن سىردىشىپ كۆرۈشنى، ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىشنى تولىمۇ خالايتتى. مانا ھازىر قىزنىڭ بۇ ھالىتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ ھويلىغا چىقىپ قالسا، دەرۋازا ئالدىدىكى يولدىن ناخشا ئوقۇپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ناخشىلىرىغا دىققەت قىلاتتى. قىزنىڭ بۇ كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىپ باققۇسى، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ باققۇسى كېلەتتى. «ئۇلار چوقۇم مېنى پايلاپ يۈرگەن شاھزادە، ئۇلار ھامان بىر كۈنى مېنى بۇ ئۆيدىن ئېلىپ قاچىدۇ» دەپ ئويلايتتى قىز. ئانىسىنىڭ ئاچچىقلاپ ئۆزىنى ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت تىللار بىلەن تىللىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، قىز يىغلاپ تۇرۇپ «ئۆگەي ئانا» چۆچىكىدىكى تىلش يۈرەك ئانىدىن قۇتۇلۇپ، مۇرادىغا يەتكەن زۇمرەتنى ئويلايتتى. قىزغا پات ئارىدا ئاجايىپ بىر خىل ئۆزگىرىش يۈز بېرىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى.

چۈشكىچە ئېتىزلىقتا ئىشلەپ ھېرىپ ھويلىغا ئاران كىرگەن موماي ھويلىدىكى سۇپىدا سامان تۆكۈلۈپ تۇرغان ئەسكى تەكىينى قۇچاقلاپ يىغلاپ تۇرغان قىزنى كۆرۈپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. قىز ئىچىدە بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى. موماي سىلكىشلەپ، دۈشكەلەپ يۈرۈپ قىزىدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى:

– بايا ھويلىدا ياتسام بىر شاھزادە كېلىپ مېنى بۇ ئۆردىدىن (قىز ئۆزىنى مۇشۇ ۋاقىتتا كەلگىچە پادىشاھنىڭ ئۆردىسىدا ياشاۋاتىمەن دەپ ئويلىغانىدى) ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن، دېدى. مەن قوشۇلمىدىم. سەۋەبى بۇ ئىشنى سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېقىشىم كېرەك ئىدى. ئۇ ماڭا يەنە نۇرغۇن تاتلىق گەپلەرنى، شېرىن ۋەدىلەرنى بەردى. ئاخىر ئويلىنىپ مەنمۇ ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلدۇم. ئۇ ماڭا: «سىز تەييارلىنىپ تۇرۇڭ، مەن ئاتامدىن ئىجازەت ئېلىپلا سىزنى بۇ يەردىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ كېتىمەن» دېدى. مەن ئۇنىڭ قەيەردىن، قانداق كىرىپ، قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدىم...

قىز نۇرغۇن سۆزلىدى، ئەمما ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقى مومايىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى، ئۇ ئىچىدە قىزىنى «ساراڭ» دەپ مىڭنى تىللىدى ۋە «ئېغىزىمدىن سائەت چىقىپ كەتتى، موخۇلۇق ئاز كەلگەندەك ساراڭ بولۇپ قالمىسۇن بۇ» دەپ شۇ كۈنىلا مەھەللىگە نەزىر بەردى. مومايىنىڭ قىلمىغانلىرى قالمىدى، ئەمما قىزىدا ھېچقانداق بىر ئۆزگىرىش كۆرۈلمىدى. ھېلىقى كۈندىن تارتىپ موماي قىزىنىڭ ئۆزىگە پەرداز قىلىشقا قىزىقىپ قالغانلىقىغا دىققەت قىلدى. ئۇ ئانىسىدىن سوراپ قەيەرلەرگىدۇر تاشلاپ قويۇلغان ئەسكى سۈزگۈچ بىلەن چىچىنى يېلىملاپ پاكىز يۇيۇپ تارىدى. سەۋەبى، چۆچەكلەردىكى مەلىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ياسىنىشىغا، كىيىم - كېچەكلىرىگە، زىبۇ - زىننەتلىرىگە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئانىسى قويغا بېرىمەن دەپ ئەكىرىپ قويغان قاغا جىگدىنىڭ قىزغۇچ گۈللىنى چېچىغا قىستى، ئىككى قولىدىنمۇ بىرمۇنچە جىگدە گۈللىرىنى ئايرىمايتتى. ئانىسى ئوچاق سالىمەن دەپ ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا دۈۋىلەپ قويغان سېغىز توپىنى يۇمشىتىپ يۈزىگە سۈركىدى. بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا قىزىدا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، موماي ئىختىيارسىز ياقىسىنى چىشلىدى. ئۇ قىزىنىڭ راستىنلا ئەقلىدىن ئادىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، داخانغىمۇ ئوقۇتتى. مومايىنىڭ قىلمىغان، ئەتمىگەنلىرى قالمىدى. قىز ھەمىشە ھويلىدىكى سۇپىدا تەكىينى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ: «شاھزادىم، مەن بۇ يەردە!» دېگەن گەپنىلا تەكرارلايتتى...

موماي بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك جۇدەپ، ئورۇقلاپ كەتتى. ئۇ قىزىنى دەپلا خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ چۆچىكىنى باشلايتتى.

... شاھ ئەلچىلىرى ئاخىرى ئەرمەن دىيارىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن سوۋغا - سالاملارنى ئەرمەن پادىشاھىغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، كىشىلەردىن سوراپ يۈرۈپ، شەھەرنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدىكى بىر غاردا ئۆزلىرى ئىزلەپ كەلگەن يىلاننىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. بىر دانىشمەندىن بۇ يىلاننى قانداق قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى چارە - تەدبىرلەرنى تولۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەرمەن پادىشاھى بىلەن خوشلىشىپ يەنە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ...


قىز ئانىسىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقى، نېمە قىلىدىغانلىقىنى ھەرگىز چۈشەنمەيتتى ھەم چۈشىنىشنىمۇ خالىمايتتى. ئانىسىمۇ قىزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى، نېمىنى ئويلايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. موماي قىزىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ ئالجىپ قېلىشىدىن، ساراڭ بولۇپ ئالەمنى بېشىغا كىيىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ ئاللانىڭ ئۆزىگە كەلتۈرگەن بۇ ئاجايىپ قىسمەتلىرىگە چىداشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. قىز ئانىسىنىڭ نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانلىقى بىلەن پەرۋايى پەلەك قانداقتۇر بىرنېمىنى، كىمدۇر بىر كىشىنى كۈتەتتى. ئۇ قاتتىق ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزى كۈتۈۋاتقان نەرسىگە ئېرىشىدىغانلا ئىش بولسا، ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى. قىزغا ئۆزى بىلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى - چۇۋۇق سۈپۈرگە، پۈچۇق چۆمۈچ، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ قويىدىغان دەم، بىر قولىقى يوق لاخشىگىر، تولا ئىشلىتىپ قارىيىپ كەتكەن كۆسەي، تاماق يەيدىغان ياغاچ قوشۇق... دېگەنلەرمۇ ئۆزى تەشنا بولۇۋاتقان شۇ نەرسىدەك بىلىنەتتى. ئۇ قاچان شۇ نەرسىلەرنى ئىشلەتتى، ئۆزىدە بىر خىل قانائەتلىنىش تۇيغۇسىنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى.


موماي پېشىن نامىزىنى ئوقۇۋېتىپ، قىزغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئىچىۋاتقان تاۋاقتىكى ئاشقا مۈشۈك بېشىنى تىقىپ تۇرۇپتۇ. مۈشۈكنىڭ بۇرۇتلىرى، باش - كۆزلىرى پۈتۈنلەي ئاشقا مىلەنگەن. قىزى بولسا ھېچنېمىدىن بىخەۋەر ياغاچ قوشۇقنى تەتۈر تۇتۇپ، ئاغزىغا تىقىپ ئويناپ ئولتۇرۇپتۇ. مومايىنىڭ نامىزى بۇزۇلدى. ئۇ يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە قىزىنىڭ تەستىكىگە بىرنى سالدى. ئېھتىياتسىزلىقتىن قولى قوشۇقنىڭ دەستىسىگە تېگىپ كەتكەنمۇ قانداق، قىز ئاغزىنى تۇتۇپ ۋايجانلاپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن قان قۇيۇلدى. موماي ئالدىراپ قولىغا ئالغان قوشۇقنىڭ سېپىمۇ قان تۇراتتى، موماي نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ بىردەم قولىدىكى قوشۇققا، بىردەم قىزىنىڭ قاناپ كەتكەن ئاغزىغا قارايتتى. قىز ئانىسىدىن ئۆگىنىۋالغان سەت تىللار بىلەن ئانىسىنى تىللاپ كەتتى. ئۇ ھېلىلا ئۆزىنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان شاھزادىنىڭ ئۆزىنى بۇ يەردىن تېزرەك قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىنى تىلەيتتى. موماي ئۆزىنىڭ قىلغان بۇ ئىشىدىن قاتتىق خىجىل بولدى. شۇ كۈنى قىزى بىرىنچى كېچىگىچە يىغلىدى. ئانىسىنىڭ سۆزلەۋاتقان چۆچەكىمۇ ئۇنىڭ خىيالىغا كىرمەيتتى. ئۇ ئۆزىگە قوشۇقنى تۇتقۇزۇپ قويغان شاھزادىنى ئويلايتتى. مومايىنىڭ چۆچىكى ئاۋۋالقىدەكلا بۇ ئۆينىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى. تۈڭلۈكتىن كىرىۋاتقان ئاي نۇرىمۇ، جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارمۇ مومايىنىڭ چۆچىكىنى ئاڭلايتتى.

... ئۇلار ناھايىتى تەستە ھېلىقى غارنى تېپىپتۇ. قارىسا بەھەيۋەت بىر يىلان نەرە تارتىپ كۆز ئالدىدا تۇرغۇدەك. كىشىلەر قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار دانىشمەننىڭ ئېيتقىنى بويىچە يىلاننىڭ كىچىكلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يىلان كىچىكلەشكە باشلاپتۇ. يىلان ئەسلىدىكى ھالىتىدىن يەتتىدىن بىر ھەسسە كىچىكلەپ بولغاندا كىشىلەر يوشۇرۇنغان جايىدىن چىقىپ، ھەممىسى ئولۇشۇپ كېلىپ يىلاننى قاپقا قاچىلاپتۇ. ئۇلار خۇشال بولغان ھالدا قاپنى تۆگە ئۈستىگە ئارتىپ ئۆز دۆلىتىگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ...

ھېلىقى كۈندىكى ۋەقەدىن كېيىن، قىز مومايغا بىرقانچە كۈنگىچە گەپ - سۆز قىلمىدى. ئۇ ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىگە ئانام چوقۇم توسقۇنلۇق قىلىدىكەن دېگەن يەرگە كېلىپ، ئانىسىنى ئىچىدە مىڭنى تىللىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ سىرتقا كۆپ چىقىپ كېتىشىنى، ئېتىرىزلىقتىن ئۇزاقچە كىرمەسلىكىنى تىلەيدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ ئانىسى يوق ۋاقىتلاردىلا ئۆزى غايىبتىن سېغىنىدىغان شاھزادە بىلەن بىرگە بولالايتتى. قىز ئاخىر مورادىغا يەتتى.

ئالەم تونۇردەك قىزىق ئىدى. قۇياش تازا تىكلەشكەن بولۇپ، تومۇز ئىسسىقى ھەممە نەرسىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتەتتى.





ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆمگەن، ئەتىگەندىن بېرى تىنماي قاقاقلىغان توخۇمۇ، قېشىدىن چاشقان ئۆتسىمۇ خورەك تارتىپ ئۇخلاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان مۇشۇكمۇ، گىژىلداپ ئادەمگە ئاراملىق بەرمەيدىغان ئىس باسقان چىۋىنلەرمۇ جىمىپ قالغان. موماي ئىشىكنى سىرتىدىن زەنجىرلەپ، قوشنا مەھەللىدىكى بىر تويغا كەتكەنىدى. هويلىدىكى پۈچۈق كىگىزدە يانپاشلاپ ئولتۇرۇپ، ئانىسى ئاخشام ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكتىكى شاهزادىنى ئويلاۋاتقان قىزنىڭ قورسىقى ۋاژىلداپ ئېچىپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ هېچنەرسە يېگۈسى كەلمىدى. قىز خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ، سۇپىنىڭ بىر بۇرجىكىگە قويۇپ قويغان ناننى دۇنيانى يېسىمۇ تويمايدىغان ۋاقتەككۈر توخۇنىڭ يەپ بولغانلىقىنى ئۇقمىدى. ئۇ قانداقتۇر بىرنەرسىگە تەشنا ئىدى، ئۇنىڭ خىيالى ئاجايىپ شېرىن ئىدى، ئۇ شاهزادىنى ئويلايتتى...

دۇنيا توختاپ قالغان، ئەتراپ سۈكۈتكە چۆمگەنىدى!

قىز نامەلۇم بىر قولنىڭ ئۆز دۈمبىسىنى يەڭگىل سىلاۋاتقانلىقىنى سەزدى. قانداقتۇر بىر خىل ئىللىق سېزىم قىزنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تارقىدى. قىز بۇ قولنىڭ كىمنىڭ قولى ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قويمىدى. ئۇ پەقەت بۇ قولنىڭ ئۆز بەدىنىدە ئۇزاقراق هەرىكەت قىلىشىنى، دۈمبىسىنىلا ئەمەس، پۈتۈن بەدىنىنى، هەر بىر هۈجەيرىسىنى سىلىشىنى، ئۆزىگە هۇزۇر ئاتا قىلىشىنى تىلەيتتى. قىز تىترەپ كەتتى، ئۇنىڭ بۇرنىغا ئاجايىپ شېرىن بىر خىل پۇراق ئۇرۇلدى. ئۇ بۇنداق پۇراقنى ئەزەلدىن هېس قىلىپ باقمىغانىدى. ئۇ ئاستاغىنە ئېغىزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ قىزارغان لېۋىگە ئۇرۇلغىنى هەرگىزمۇ قولدەك قىلمايتتى. قىز بوششىپ كەتتى. ئۇنىڭ قوللىرى بوشلۇقتا يەڭگىل هەرىكەت قىلاتتى. قىز ئۆز ئەتراپىدا، ئۆزىدە نېمە بولغانلىقىنى ئويلاشنىمۇ خالىمايتتى... چۆچەكتىكى شاهزادە... قىز ئاستا قىيسايدى. ئۇ بوش ئىڭرايتتى. ئۆزىگە هەممە نەرسىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، تاتلىق بىر خىل سېزىمنى ئاتا قىلغۇچى نامەلۇم نەرسىنى ئۇزاققىچە قۇچاقلىدى. تويپا كىگىز پۇرۇلۇپ كەتتى، چىك بېسىلغان سامان تەكىينىڭ يىرتىقلىرىدىن پۇرقىراپ سامانلار تۆكۈلدى. قىزنىڭ ئايىغىغىلا قويۇپ قويۇلغان چۆگۈنگە قىزنىڭ تىترەپ ئاران هەرىكەتلىنىۋاتقان پۇتى تېگىپ ئۆرۈلۈپ كەتتى. كىگىز، كۆرپە، قىزنىڭ كىيىملىرى لايغا مىلەندى، قىز نامەلۇم بىر تەننى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سىلايتتى. ئۇنىڭ كۆكرىكى چىڭقىلىپ ئاران نەپەس ئالاتتى. كىشىنى مەست قىلغۇچى بىردەملىك خۇشاللىقتىن كېيىن، قىز ئېسىگە كەلدى. ئۇ توختىماي هاسرايتتى. ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان زارىقىپ كۈتكەن نەرسىگە ئىگە بولغانىدى. قىز

چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى. يەڭگىل ئاياغ تىۋىشى بىلەن ئۆزىنى مۇشۇنداق خۇشاللىققا ئىگە قىلغۇچى نەرسە يوقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ بۇنداق لەززەتلىك ئىشنى داۋاملاشتۇرۇشنى خالايتتى. قىز خۇددى جېنىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان كىشىدەك، قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ قوللىرى، ئاۋازى، هەممە ئەزالىرى بوش تىترەيتتى، باشقىلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىنى كۈتۈپ تۇرغان تىلەمچىدەك شېرىن سۆزلەر بىلەن يېلىناتتى:

– ئى هۆرمەتلىك شاهزادەم! مەن سىزنى ئۇزاقتىن بېرى تولىمۇ زارىقىپ كۈتتۈم. مانا ئەمدى ۋەسلىڭىزگە ئاران ئېرىشكەندە قايتىپ كېتەمسىز؟ سىزنىڭ دەردىڭىزدە مەن ئۇزۇندىن بۇيان كۆپ ئازاب چەكتىم. مەندەك بىر ناتىۋان، بىچارە قىزغا نېمىدەپ ئىچ ئاغرىتمايسىز؟ سىز مېنىڭ بۇندىن كېيىنمۇ ئازابلىنىشىمنى خالامسىز؟...

ئەتراپ جىمجىت. هېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىدى. قىزنىڭ ئۇزاتقان قوللىرى هاۋادا توختاپ قالدى، ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇلغىنى هەمىشە قۇچاقلاپ يىغلايدىغان ئۈجمە دەرىخى بولدى. قىز ئۈجمە دەرىخىنى قۇچاقلاپ، قاتتىق يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ ئاران ئېرىشكەن نەرسىنىڭ مۇنچە تېز يوقىلىپ كېتىشىنى خالىمايتتى. قىزنىڭ يىگىرمە يىلدىن بېرى قاراڭغۇ دۇنيادىن باشقا هېچقانداق نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغان بىر جۈپ كۆزىدىن ياش تامچىلىرى تۆكۈلدى:

– مەن سىز بىلەن هەمىشە بىرگە بولسام دەيمەن. هەتتا سىز ئۈچۈن جېنىمدىن كېچىشكە رازى بولىمەن. سىز كېتىمەن دېسىڭىز مەندىمۇ ئامال يوق. مەن سىزنى مەڭگۈ ياد ئېتىپ تۇرىمەن. مېنى قىينىماي مۇنداق بىر سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭ: مەن سىزنى هەمىشە ئۇنتۇنسىز ياد ئېتىمەن. مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنىمۇ بىلمەيمەن. بۇندىن كېيىن مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىز ئارقىلىق سىزنى ئەسلەپ تۇرسام دەيمەن. سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى ئازابلىماي ئىسمىڭىزنى دەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

قىز بېشىنى ئۈجمە دەرىخىگە ئۇرۇپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ يىغلايتتى. قىزنىڭ باش - كۆزلىرى قىپقىزىل قانغا بويالدى. قىزنىڭ ئېچىنىشلىق نىداسىدىن ئۈجمە دەرىخى غاراسلاپ سۇنۇشقا باشلىدى. ئالەم گۈلدۈرلەپ لەرزىگە كەلدى. قىزنىڭ قۇلىقىغا هەممە تەرەپتىن ناهايىتى هەيۋەت بىر سادا ئاڭلاندى:

– مېنىڭ ئىسمىم يىلان!!!

– مېنىڭ ئىسمىم يىلان!!!

– مېنىڭ ئىسمىم يىلان!!!

ھەممە ياق جىمىپ قالدى. قىز ھاسىرىغىنىچە سۇپىدا ياتاتتى. ئالەمنى كۆيدۈرگۈچى قۇياشنىڭ تەپتىمۇ، قورساقنىڭ ئاچلىقىمۇ ئۇنىڭ خىيالىغا كەلمەيتتى. ئۇ ھېلىلا ئۆزىگە ئاجايىپ خۇشاللىق ئاتا قىلغۇچى يىلاننى ئويلايتتى. ئۇ بۇرۇن يىلان توغرىسىدا ئاجايىپ چۆچەكلەرنى ئاڭلىغان، ئەمما بۇ قېتىمقى چۆچەك بۇرۇن ئاڭلىغان ھەرقانداق چۆچەكتىن گۈزەل ئىدى. قىز بۇ چۆچەكتىن ئۆزى ئۇزۇندىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن نەرسىسىگە ئىگە بولالايتتى...

مېھماندارچىلىقتىن قايتىپ كەلگەن موماي قىزنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىقنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. شۇ كۈنى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئارتۇقچە گەپ - سۆز بولمىدى. موماي يېتىشقا ئورۇن ھازىرلاپ بولغاندىن كېيىن، قىز ئانىسىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن يىلان ھەققىدىكى چۆچەكنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. موماي چۆچەكنى باشلىدى:

پادىشاھ ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كېلىشكە بىر كۈنلۈك يول قالغاندا قىز مۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتۇ، قىز كىيىملىرىنى سېلىپ ئەمدىلا يېتىپ تۇرۇشىغا كەتمەن سېپى چوڭلۇقتىكى بىر يىلان تۇيۇقسىز تورۇستىن پەسكە سوزۇلۇپ چۈشۈپتىمىش، قىز ھەرقانچە ۋارقىرىسىمۇ ئاۋازى سىرتقا چىقمايمىش. ئاڭغىچە يىلان كېلىشكەن، چىرايىدىن نۇر چېچىپ تۇرغان بەردەم يىگىتكە ئايلىنىپتىمىش. يىگىتنىڭ قوللىرى، پۇتلىرى، بەللىرى يىلاندەك ئەۋرىشىم بولۇپ قىزنىڭ ئىككى يوتىسىغا، بېلىگە، كۆكرىكىگە، ئىككى قولىغا پۈتۈنلەي يۆگىشىپ بولغانمىش. ئىلگىرى يىلاننى كۆرسە قاتتىق قورقۇپ كېتىدىغان قىز شۇنچە قورقۇپ تۇرسىمۇ، يىلان يىگىتكە چىڭ يېپىشىۋالغانمىش...

قىز ماڭغان تۇرغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە يىلاننى ئويلايتتى. ئۇ ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە «يىلان» دەپ ئىسىم قويۇپ چىقتى. قىز نېمىنى تۇتمىسۇن شۇ نەرسە دەرھال يىلانغا ئايلىنىپ قالاتتى. ھەتتا بىر كېچىسى ئانىسىنىڭ بىر جۈپ قولىنى قۇچاقلاپ يېتىپ «يىلان» دەپ ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى. قىز ھەمىشە خۇشال كۆرۈنەتتى. قىزنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ ھەمىشە غەمكىن يۈرىدىغان موماي، قىزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ھەرقانچە ئويلاپمۇ چۈشىنەلمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە قىز قانداقتۇر بىر نەرسىگە قاتتىق تەشنا بولۇۋاتقاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئەمما نېمىلىكىنى چۈشەنمەيتتى. قىزنىڭ ھەمىشە «يىلان» دېگەن سۆزنىلا تەكرارلايدىغان تۇرقىغا قاراپ، موماي قىزىغا بەكمۇ ئىچ ئاغرىتاتتى، ھېسداشلىق قىلاتتى، ئەمما ھەرقانچە ئويلانسىمۇ قىزىغا قايسى جەھەتتىن ياردەم بېرىش كېرەكلىكىنى چۈشەنمەيتتى. موماي كېيىنچە تۇرۇپلا يىغلاپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ قىزىنىڭ دىلىغا ئازار بېرىشنى، ئۇنى رەنجىتىپ قويۇشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى: «قانداق قىلسام ئانىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ ئۇنى ئەرگە بېرەلەيمەن؟» دېگەندىن ئىبارەتلا ئىدى. ئۇنىڭغا خۇدا يارىتقان بۇ ئىش، ئۆزىگە مەڭگۈ مۇمكىن بولمايدىغاندەك، بۇ ئىشنى قىلىش ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ تەستەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى. موماي بۇ ئىشلارنى ئويلاۋېرىپ تېخىمۇ قېرىپ كەتتى. ناھايىتى تەسلىكتە ئۆتتۈۋاتقان بىر كۈن ئاخىرلىشىپ ئۇخلايدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە، موماي يەنە چۆچەكنى باشلايتتى. ئۇ قىزىنى زېرىكىپ، يالغۇزچىلىق ھېس قىلىپ قالمىسۇن دەپلا چۆچەك ئېيتىدىغان بولغاچقا، قانچە قېتىم ئېيتىلىپ بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر يىلان ھەققىدىكى چۆچەكنى باشلايتتى:

... مەلىكە ئەتىسى ئويغىنىپ دادىسىغا يىلاننى تېزرەك كەلتۈرۈشنى، بولمىسا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ قىزىنىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپ، ئوردىدىكى بىر چاپارمەننى ئەلچىلەر ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. چاپارمەن شاھنىڭ پەرمانى بويىچە ئوردىدىكى ئۇچقۇر ئاتنى مىنىپ ئوردا دەرۋازىسىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كېتىپتۇ. مەلىكە كېنىزەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا سېپىل ئۈستىدىكى راۋاققا چىقىپ، يىلان يىگىتنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ كۈتۈپتۇ، كۈتۈپتۇ...

قىزنىڭ كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈشى تېخىمۇ تەسكە چۈشتى. ئادەتتە ئۇ سىرتقى دۇنيادا نېمىلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرەلمىگەن بىلەن، روھىي دۇنياسىدا ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىگە خۇشاللىق، ھۇزۇر، خاتىرجەملىك ئاتا قىلغۇچى ئاجايىپ خاسىيەتكە ئىگە يىلاننى چۆچەكتىكى مەلىكىدىنمۇ بەكرەك سېغىناتتى. ئۇنىڭ ئۈمىدىنىڭ ئۇچقۇنى پارلاپ تۇرغان قەلبىگە سەنجەر مەلىكە ئىگە بولۇپ، كېسىلىدىن سەللىمازا ساقىيىپ كېتىشكە سەۋەبچى بولغان ھېلىقى يىلان يىگىتكە ئۆزىنىڭمۇ ئىگە بولالايدىغانلىقى خىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قىز تېخىمۇ خىيالچان بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزى تەشنا بولغان نەرسىنى ئويلايتتى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ نەرسە ئانىسى سۆزلەپ بەرگەن چۆچەكتىنلا تېپىلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ھەر كۈنى كەچ كىرگەن ھامان موماي قىزنىڭ تەلىپى بويىچە يىلان ھەققىدىكى چۆچەكنى باشلايتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تەگلماكان - ئۇتۇلمىغان جۇش

ئەزىزى

## ئەزىزى

### سالام، قىز پەسلى

بىكەتلەردە
دوقمۇشلاردا، ئاۋات رەستىدە،
ياڭقۇنجايدۇ هايات جۇش ئۇرۇپ.
روھ تەپتىدە
يىگىتلىك قىيامى ئۆرلىگەن تەنلەر
كۈيلەر چوغلىنىپ.
ھەبھات
ئېرىپ كەتتى يۈرەكلەر تامام،
ئاقتى سەل بولۇپ.

سالام،
باھاردا قىز بولۇپ ئېچىلغان چېچەك.
جادۇ كۆزدە نازلىق تەبەسسۇم،
شوخ شامالار قايرىيدۇ لېچەك
سالام، قىز پەسلى!

### ئاخىرقى كېچە

ئاخىرقى كېچە
ئۇنۇپ چىقتىم قاراڭغۇلۇقتىن.

شامال كەبى چەكسىز ئورماندا
سىلىندىم
يوپۇرماقنىڭ يېشىل تىنىنى.

ئۆمۈچۈك تورىغا ئېسىلسۇن مەڭگۈ
خۇداسىنى يوقاتقان يۈرەك.

### ئىلاھىي سادا

مەن ئۇچۇن
ئادرېسى نامەلۇم قىزچاق،
سەن ئۇچۇن
ناتونۇش بىر ئەرمەن تەنھا.
باغاشلا، سەن ئۇچۇن ساۋاپلىق باغرىم
سەھەردە
ئاقارغان ئەينەكلەر ئارا.

مەن ئۇچۇن
كىيىمدىن گۈزەلدۇر بەدەن،
قايرىۋەت پەردىنى
تۈگسۇن دۇنيا.
ئاشقلىق بەختىگە شاراب بىھاجەت
قۇلاق سال:
مۇھەببەت ـ ئىلاھىي سادا!

### شائىر قىسمىتى

تەنھا مەن
بايقالمىغان ئارالدەك.
شۇنداق پىچىپىتىمىش
قىسمىتىمنى بۇ پەلەك.
ئاخشاملىرى شېئىر يازىمەن
مىسرالاردا ئېرىيدۇ يۈرەك.
ئارالدەك پەلەك
پەلەكتەك يۈرەك
ئامىتىم يوق ئۇنىڭ ئۈستىگە،
ئازابتەك يىرتىلغان قەغەزدىن بۆلەك.

## بىر تامچە

– ئانار كۆلنى كۆرۈپ

جانانىڭ كۆزىدەك سۈزۈك ۋە يارقىن،
ئەكسىدە جىمىرلاپ ئوينايدۇ ئاسمان.
پايانى ئۈپۈققا كېتەر تۇتىشىپ،
گاھىدا شوخ قۇشلار سالىدۇ چۇقان.

يىراقتا، سۇ ئۈزرە خالدەك يالتىراپ،
بېلىقچى تووۋلايدۇ بىر قەدىم كۈيىنى.
ئاڭلايدۇ مۈگىلىنىپ ئەركە بېلىقلار،
ھەتتاكى بېلىقچى قۇشلارمۇ ئۈنى.

نەقەدەر سېھىرلىك بۇندىكى ھايات،
يۈرىكىم ئېرىدى بىر تامچە بولۇپ.
قېقنۇس تەختىدە روھىم چېچەكلەپ،
تەبىئەت باغرىغا كەتتىم قوشۇلۇپ.

## تەكلىماكان – ئۈنتۈلمىغان چۈش

قۇم ئاقىدۇ ئۈنسىز، تىۋىشسىز،
چايقىلىدۇ بارخان شامالدا.
ئۈزۈلمەيدۇ ياۋايى بىر كۈي،
پەرىشتىلەر بەزمىسى بۇندا.

قېرىتىدۇ خىزىرنى ۋاقىت،
ئەسىردىنمۇ ئۈزۈن لەھزىلەر.
كارۋان ئۆتەر گاھى تىلسىمدىن،
ئىزلىگەندەك ئالتۇن ئەگكۈشتەر.



توغراق كۆيەر غايىب گۈلخاندەك،
يۇلغۇن ئۈنەر
مۆجىزە ئۇنىۋىش.
سەنمۇ كۆرگەن، مەنمۇ كۆرگەن ھەم
تەكلىماكان – ئۈنتۈلمىغان چۈش.

## كونا ئەينەك

### ئەكبەر نىياز پەتتارى

كۆز ئالدىمدىن يوقالمايسەن كونا ئەينەكسەن،
ئەسنىكىمدە پارە – پارە بولۇپ كۆڭدە چېقىلغان.
كاچاتلايمەن ساڭا قاراپ شەيتانلىقىمنى،
مەن ۋاز كەچكەن شۇ ئۈزۈمنى سەنلا يوشۇرغان.



خىيالىمدا بار ئاشۇنداق شورلۇق ئەسلىمە،
قېرىشقاندەك چۈشۈمدىمۇ بەرمەيدۇ ئارام.
باسقىنىمدا گۈل يۈزۈڭگە ئۆپۈشلىرىمنى،
چاك كەتكەن بۇ يۈرىكىمدە كۆچىيەر يارام.

مەيۈسلىكىم سىرتماق بولۇپ بوغىدۇ سىنى،
گاھ – گاھىدا يەنە تاتلىق ئۈمىدتە باقسام.
ئەخمەقلىقىمنى سىيلىپ ئەسكە قىلىسەن مازاق،
سەن ئىسپاتسەن كەچمىشىمگە خائىنلىق قىلسام.

تىنما بولۇپ چۆكۈۋېلىپ قەلبىم تەكتىگە،
گۇناھ كەبى مېنى قىلدىڭ شۇنچە پەرىشان.
سەنسىز ئەسلىم ئۈزۈمگىمۇ كۆرۈنەر غۇۋا،
تۈيۈلىدۇ بۇلار بەرى بولغاندەك قىستەن...

ئاھ، سەن مېنىڭ كەچمىشتىكى كونا ئەينىكىم،
چېقىلسىمۇ ئەينەك پىتى يوقالمايدىغان.

ئەينەك ئەمەس، يۈرىكىمگە سانجىلغان تىغسەن،
سانجىلغانچە بىسى ھەرگىز قايرىلمايدىغان.

## پىنھانلىق

### ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

يوقلىشىم ئەمەستۇر مېنىڭ،
ئاراڭلاردىن غايىب بولغۇنۇم.
گۇگۇم ياساپ بوشلۇقۇم ئارا،
يۈرىكىمگە مۆكۈپ قالغىنىم.

پەرىشتىدەك باشقا شەكىلدە،
ياشىماقتا روھىم يەنىلا.
قەپەسلىرى چېقىپ تاشلانغان،
بىر چىرايلىق قۇش بولۇپ گويا.

ئۆز - ئۆزۈمنى ساقلاپ قالمەن،
ھەر شەكىلدە ياشىماق بىلەن.
روھ ئۆز پېتى چاقناپ تۇرىدۇ،
بىر كۆرۈمسىز ئۆزگەرسىمۇ تەن.

ئاراڭلارغا قايتماقلىق ئۈچۈن،
بولۇش كېرەك يېڭى بىر دۇنيا.
ئەڭ يېپيېڭى شەكلىم بىلەن،
روھ نامايان بولىدۇ قايتا.

## ئىككى شېئىر

### مۇتەللىپ خۇرسەندى

### تەسەۋۋۇر

يۈرىكىمنىڭ پارچىسى بەلكىم،
شاخ ئۇچىدا مۈگدەپ ياتقان ئاي؛
شۇڭغار ئۇنىڭ سوغۇق نۇرلىرى،
پوپايكاڭنىڭ ئىچىگە تىنماي.

چۈشلىرىمنىڭ پارچىسى بەلكىم،
باغچىدىكى ئورۇندۇق(ياغاچ)؛
ئولتۇراركىن كىم كېلىپ ئۇندا،
يوپكىسىنى ئاستا قايرىغاچ؟

كۆيلىرىمنىڭ پارچىسى بەلكىم،
چاچلىرىڭنى چىككەن قىزىل يىپ؛
خۇپپيانە قۇچار ئۇ شادلىق،
قۇلىقىڭغا،
بوينۇڭغا تېگىپ.

ھېسلىرىمنىڭ پارچىسى بەلكىم،
ياز ئاخشىمى قىيغىغان شامال.
دېرىزىنى ئېچىپ قوي قىيا،
يەلپۈگۈچنى قويۇپ، ئەي ئايال!

تەشۋىشىمنىڭ پارچىسى بەلكىم،
سۇ يۈزىدە لەيلىگەن قېيىق.
دولقۇن بولۇپ دەۋرسە سۆيگۈڭ،
خادا تاشقا سوقۇلار ئېنىق.

### لۇغەتكە تولۇقلىما


1

كۆرگەنىمدىك ناتونۇش ئادەم،
كېپىنەكنىڭ كۆلگەن چېغىنى.
كۆلىدىكەن باھار پەيتىدە،
قۇچۇپ نازۇك گۈللەر بەرگىنى.

كۆرگەنىمدىك ناتونۇش ئادەم،
كېپىنەكنىڭ ئۆلگەن چېغىنى.
ئۆلىدىكەن خازان پەيتىدە،
يېپيېپ نەپىس قاناتلىرىنى.


2

كۆرگەنىمدىك ناتونۇش ئادەم،
چاقناپ تۇرغان ياشنى قاراقتا.



ئاپئاق ياغلىق بولۇپ ئاشۇ پەيت،
سۇرتۇپ قويغۇڭ كېلىدۇ ئاستا.

كۆرگەنمىدىڭ ناتونۇش ئادەم،
چاقناپ تۇرغان نۇرنى قاراقتا.
سۆيگۈڭ كېلەر ئىزدەپ ئاشۇ پەيت،
ئۆز - ئۆزۈڭنى تاتلىق ئازابتا.



3

كۆرگەنمىدىڭ ناتونۇش ئادەم،
قۇشقاچلارنىڭ كۈلگەن چېغىنى.
كۈلىدىكەن ئۇچقان پەيتلەردە،
باللىرى كەرسە قەددىنى.

كۆرگەنمىدىڭ ناتونۇش ئادەم،
قۇشقاچلارنىڭ ئۆلگەن چېغىنى.
ئۆلىدىكەن مۇشۇك ئاغزىدا،
بالىسىنىڭ كۆرسە قېنىنى.

## ئېھ، كۆز يېشى سەن يالغان ماركا

### مۇھەممەتجان ئەمەت

1

كۆز يېشى
ئىشەنچىمگە كىرمەكتە بۆسۈپ.

خىياللار
ئېزىقماستىن چىغىر يوللاردا
ئىزى ئۆچۈپ كەتكەن ئۆيلەرنىڭ
ئىشىكىدە تاشلانغان خەتتەك
ئىرادەمنى يالار تامچىلاپ.
مانا، يالغۇزلۇقنىڭ مەززىلىك ھىدى
سېرىق قوناق يارمىسىدەك
تورلاش كاۋىنى توغرىسا مومام
ئۇرۇلاتتى ھەردەم دىماغقا.
يوغان كارىۋاتتىكى تەنھا ياستۇقتا
چىكىلگەن مۇھەببەت دېگەن كونا خەت
مۈكچىيىپ ئۈن - تىنسىز كارىۋات بېشىدا
تاپشۇرار ئۇ يەنە يېڭى جىنايەت.
ياخشى كۆرۈپ قالغان شۇ قىزنى
ئېسىپ قويغان ئىدىم ھېلىراق
بىر نەپرەتتىن كۆيگەن خىيالغا
كىردى مومام يەنە ساقچىدەك
- ھۇ ياغاچ قۇلاق
شۇنچە دېسەم داداڭنى
-...
-چاقىرماپسەن تېخى تاماققا!...
بىردىن دەلدۈگىنىپ كېتەر موماممۇ
ئېھتىمال، ئۇ پۇتلىشىپ كەتتى شېئىرغا

2

يىغناغۇچلار
ئەندىشىسىنى چىشلەپ بالىنىڭ
ئېلىپ قاچتى پاكار چىتلاققا.

تاش بالا
پادىسىنى قويدى يىتتۈرۈپ
باياۋانغا
مۇقام ئاھاڭلىرىدىن بىرى
يول ئالدى كۆز ياش
نەي تۆشۈكىدە ئۇچراپ شامالغا
تۇردى ئاخۇن كېلىپ قالسىمۇ
مىنۇبىلىپ
كۈيلىرىنى سورايدۇ بالا
تاش قويلار
سۇ ئىچكىلى كېتىپ قۇملۇققا
بەلكى ئېقىپ كەتتى يىراققا
ھېلى گۈگۈم يامان غەرەزدە
پىچىرلايدۇ قارا ئورمانغا.
ئېزىپ قالغان مارجان قوزىلار
مەرمەكتە ئۇنىڭ ئېڭىدا

3

كۆز يېشى
تولدى گويا قەدەمەتەك
يەنە مېنىڭ بويتاقلىقىمغا
يۇماقتىمەن ئۇندا بىر قىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۇرىتىنى قايتا ـ قايتىلاپ
سۆزلەپ كېتەر كۆكەرسە توقاچ
چاقىرماقچى بولۇپ ئانامنى
يۇماقتىمەن، لېكىن مەن يەنە
بىر ئازابنى خۇشاللىقىمدا...

4

مەن
مۆكۈۋالغان ئىدىم ئۇن ـ تىنسىز
چېكەتكىنىڭ جىمجىتلىقىغا.
بەدەنلىرى سوغۇق ئاق ئەرۋاھ
توسۇۋېلىپ، يۇلتۇزلارنىڭ ئىشىكلىرىنى
غەزەپ رەڭلىك چاسا قەغەزگە
چىڭداپ سىلىپ تاماكىسىنى
ئوراپ چىقتى يەنە تاڭغىچە
توساتتىن.
چۈشۈپ كەتتى كۆز يېشىم
شورلۇق بولۇپ قالدى چۆللىرىم
قاپلىدى خۇشاللىق يۈزىنى چاقا
تاش بالا
بۇلۇت بولۇپ كىردى چۈشۈمگە

5

قېنىم تونۇمايدۇ يۈرەكنى بۇ ئان
ئەقلىم
كۆلۈمسىرەر گۇمۇش بالىدەك
نىقابلىنىپ قالغان تانىسىدا
مەن مۈكچىيىپ قالدىم ئاقىۋەت
تىل ـ ھاقارەت، غەيۋەت ئاستىدا.
يىغلاپتىمەن...
ئۇخۇمدىمۇ، چۈشۈمدىمۇ يىغلاپتىمىشمەن
ئايلىنىپ قاپتىمەن قورۇق دەرياغا
تۇرغۇدەك چۆرمىدە زەبەردەست ياتلار
ئايلانسا قېنىم ھەم يىلىكىم ياشقا
قايتىپ كىرسەم ئېسىم ئىچىگە
چۈشەكمەك، بولدى ئاكا، دەپ
يىغلىماقتا ئىدى تاش بالا.
ئېھ، كۆز يېشى.
سەن يالغان ماركا...!

# ئىككى شېئىر

## غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت

## كېچە چاقىرماقتا...

ئۇقەدەر مۇرەككەپ ئەمەستۇر كېچە،
كىرسەڭ قوينىدا سەيلىتەر سېنى.
مۇزنىكا كۆرۈنمەس بارماقلىرىدا،
سىلايدۇ روھىڭنىڭ جاراھىتىنى.

نۇر كۆلۈمسىرەپ ئاقار چۈشلەرگە،
ھەر بىر ھەرىكىتىڭ ئېرىشىش ئۈچۈن.
تۈن قەدەھىدە لىپمۇلىق زۇلمەت،
سەرگەردان ئەرۋاھلار مەشرىپى بۇ تۈن.

سەن خىيالدىن يىرگەنگەن ئادەم،
سەن قىپقىزىل پۇشايمان يىگەن.
كېچە چاقىرماقتا باس ئاستا ئاياغ،
ئويغىنىپ كەتمىسۇن مەنىسىز كۆڭلەر.

## قەلبىم

مېنىڭ قەلبىم
ئوخشىمايدۇ شەھەرگە.
مەيۇس يانغان كوچا چىرىغى
يوقتۇر ئۇ يەردە.

غېرىبلىقى نۇر چېچىپ تۇرغان،
تەنھالىقى چەكسىز بىپايان.
ئوخشار قومۇش كەپىگە،
رىۋايەتكە لىق تولغان.
شەھەر ئۇنىڭ سىرتىدا،
مەن ياشايمەن لېكىن شەھەردە.
مەندىن ئېگىز بىنالار
مەندىن يۈگۈرۈك ماشىنىلار
مەندىن غېرىب مەدەنىيەت
سوزۇلغان بېشىمدىن تاپىنىمغىچە.

مەن ۋە قەلبىم
قارشىلىشىپ قالىمىز ھامان.
چۈنكى بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا
باردۇر تۇرمۇش
باردۇر ھەمدە نان.





# لېيغان بۇلاققا سەپەر

- يازغۇچى جالالىدىن بەھرام بىلەن سۆھبەت



ئەزىزى

## مۇقەددىمە ئورنىدا

تېخى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا خۇددى يىراق كەلگۈسىدەك بىلىنىدىغان 21 - ئەسىر ئىشىكىمىزنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قالدى. ساخاۋەتلىك تەبىئەتنىڭ ئەزەلى ھۆكمى بويىچە 20 - ئەسىر بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا تۇرۇپتىمىز. دەل مۇشۇنداق پەللىدە ئۆزىنى بىر دەۋرنىڭ جانلىق ھۆججەيرىسى دەپ قارايدىغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ باسقان ئىزىغا نەزەر تاشلاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

كېيىنكى يىللاردا ئەدەبىياتىمىزدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ھەقىقەتەن زور بولدى. دەسلەپتە شېئىرىيەتنى مەركەز قىلغان ھالدا مەيدانغا كەلگەن ئويغىنىش خاراكتېرىدىكى ئىزلىنىش ۋە نەتىجىلەر بارا - بارا پروزىمىزغىمۇ روشەن تەسىر كۆرسەتتى. كۆلەم ۋە ژانىر جەھەتتە ئۇزۇن مەزگىل داۋاملىشىپ كەلگەن ھېكايە ئىجادىيىتىمىز پۇۋىست ئىجادىيىتىگە، ئۇنىڭدىن رومان ئىجادىيىتىگە قاراپ تەرەققىي قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى قىسقىغىنا بىر مەزگىل ئىچىدە رومان ئىجادىيىتىمىز گۈللەپ ياشنىدى.

يازغۇچى جالالىدىن بەھرامنىڭ كۆپ قىسىملىق رومانى «لېيغان بۇلاق»نى رومان ئىجادىيىتىدىكى ئەنە شۇ گۈللەپ ياشناش مەزگىلىنىڭ سەمەرىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. جالالىدىن بەھراممۇ باشقا كۆپ ساندىكى يازغۇچىلىرىمىزغا ئوخشاش ئالدى بىلەن ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن ئۇ پوۋېست ۋە رومان ئىجادىيىتىدىمۇ ئۆزىنىڭ بەدىئىي خاسلىقىنى نامايان قىلغاندى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ھەجىم جەھەتتىنمۇ ئالاھىدە زور كۆلەمگە ئىگە بولغان «لېيغان بۇلاق» ناملىق رومانىنىڭ ئالدىنقى تۆت قىسمى نەشر قىلىنىشى بىلەن كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ناھايىتى زور ئالقىشلىنىپ، ئۇيغۇر رومانچىلىقى ۋە ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە نىسبەتەن «لېيغان بۇلاق» قىزغىنلىقىنى شەكىللەندۈردى.

ئۈرۈمچىدىكى ئۇندىن ئارتۇق ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرى يازغۇچىنى تەكلىپ قىلىپ «لېيغان بۇلاق» رومانى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەش، سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېلىپ باردى. رومان مۇناسىۋىتى بىلەن يازغۇچىنى بىۋاستە ياكى تېلېفون ئارقىلىق زىيارەت قىلغانلارنىڭ سانى مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. 300 دىن ئارتۇق ئوقۇرمەن ئاپتورغا خەت يېزىپ ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىشتى. بۇنى نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن كەم ئۇچرايدىغان ھادىسە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

شۇنى ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تازا ئۆسۈش باسقۇچىغا قەدەم قويغان دەۋرى خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدا ھەر خىل داۋالغۇشلار يۈز بەرگەن چاغلارغا توغرا كېلىپ قالدى. ئالدى بىلەن بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت غايەت زور ئىجتىمائىي ھادىسە كىشىلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان تونۇشىنى بىراقلا تەۋرىتىۋەتتى، ھەممىلا ئادەم دېگۈدەك ئىقتىسادىي قاينامغا شۇڭغۇپ ماددىي جەھەتتىكى كاپالەتنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئەدەبىياتتىن ئىبارەت «نەپ بەرمەيدىغان قۇرۇق گەپ»نى بىر ياققا قايرىپ قويۇشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەشرىياتلارمۇ بازار ئىگىلىكى ئىسلاھاتىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشقانلىقى ئۈچۈن كىتابلارنىڭ باھاسى بەس - بەس بىلەن ئۆرلەپ كەتتى. نەتىجىدە

كىتاب بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تولىمۇ يىراقلاپ كەتتى. ئەدەبىيات ساھەسىدىكى چۇقان - سۈرەنلەر پەسىيىپ ھەتتا ئاپتورلارمۇ گاڭگىراپ قېلىشتى. ھەر خىل غەيرىي رەسمىي سورۇنلاردا «ئەدەبىياتنىڭ ۋاقتى ئۆتتى» دېگەن سۆزلەرمۇ پات - پات قۇلاققا ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئارىلاپ، ئارىلاپ چىقىپ قالىدىغان دەڭسەپ كۆرسە ئەرزىگۇدەك ۋەزنى بار بەزى نادىر ئەسەرلەرمۇ خۇددى قۇمغا چۈشكەن تاشتەك سادasىز قېلىۋەردى. ئەنە شۇنداق بىر ئەھۋالدا «لېيىغان بۇلاق» رومانى ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇلارنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ قوينىغا قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇلارغا ئەدەبىياتنىڭ يەنىلا دىل ئۈزۈپ بولمايدىغان سېھىرلىك جەزبىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى.

كەمىنە «لېيىغان بۇلاق» رومانىنىڭ ئاپتورى جالالىدىن بەھرام بىلەن خېلىدىن بېرى تونۇش بولغانلىقى ئۈچۈن رومانغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىن ئازدۇر - كۆپتۇر خەۋەر تېپىپ تۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن «بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما» دېگەن ھېكمەتنىڭ تۈرتكىسىدە قولۇمغا قەلەم ئالدىم. غەلەت ۋە نۇقسانلىرىمنى ئوقۇرمەنلەر ئەپۇ قىلار دېگەن ئۈمىدتىمەن.

## جالالىدىن بەھرامنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئېيتقانلىرى

خىيالچانلىقىممۇ ياكى ياش چوڭقايغانسېرى ئادەم بېسىپ ئۆتكەن ئۆمۈر مەنزىلىنى كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالامدۇ، ئەيتاۋۇر پات - پاتلا باللىقىمنى ئەسلەپ قالىمەن. 5 - 6 ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك، دادامغا ياردەملىشىپ كىيىملەرنىڭ تۈگمىسىنى قاداپ، پېتلىسىنى ئاچاتتىم. پەش، يەڭ، ئارقا بويلىرى چېتىلغان جۇۋىلارنى تىكەتتىم. بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ساپسېرىق يوپۇرماقلار شىلدىرلاپ تۆكۈلۈۋاتقان كەچكۈز كۈنلىرىنىڭ بىر كېچىسى ئىدى، دادام ئىككىمىزنىڭ قوللىرىدا ئويماق، جۇۋا تىكىپ ئولتۇراتتۇق.

— قارا جالىكا①، — دېدى دادام بېشىنى كۆتۈرۈپ، — سەن سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى باشلانغاننىڭ ئىككىنچى يىلى، سەۋېتسكى② دوختۇرخانىدا تۇغۇلدۇڭ... ئۇ... ئۇ... نەق 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا ئالتە ياشقا كىرىپ قاپسەن.

دادام بىرھازا بېشىنى ئىرغىتىپ كۈلۈپ كەتتى:

— خۇدايا توۋا، ئورۇس قىز گالىيە سېنى كۆتۈرۈپ چىققىنىدا، چاچلىرى كۈن كۆرمىگەن مۇسۇندەك ساپسېرىق تولغىشىپ تۇرغان، يۈزلىرى قىپقىزىل، بىر پارچە ئەتلىمە گۆشنى كۆرۈپ «بۇ قاچانمۇ ئادەم بولار» دەپ ئويلىغانىدىم، مانا ئەمدى ئېسىقتىپ قالدىڭ...

لامپا يورۇقىدا كىيىم تىكىپ ئولتۇرۇپ، دادامنىڭ ھېكايە، چۆچەكلىرىنى ئاڭلاش، ئىبرەتلىك نەسىھەتلىرىدىن زوق ئېلىش مەن ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئىدى. كۈنلەر ئەنە شۇنداق مەنىلىك ئۆتەتتى. ھەر باھار ئۆزگىچە گۈزەللىكى بىلەن ماتانەتلىك ئىدى. بېغىمىزنىڭ چوڭقۇر ئېرىقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن سۈس ھور، قىشچە قار ئاستىدا چىرىگەن غازاڭلارنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كېلەتتى. تەسكەيلەردىن قار نېمى كەتمىسە، ئاپتاپ تەگكەن كۈنگەيلەردىن كۆپكۆك كوكاتلار ئۆسۈپ چىقاتتى. كۆكلەم جىلۋىسىنى جانلاندۇرۇپ ھەر خىل قۇشلار جورا ئىزلەپ تىنماي سايرىشاتتى، چۇرۇقلىشاتتى. گويا ئاپئاق، ھالرەڭ لىباسلارنى ئارتقان قىزلاردەك ھۆپپىدە چېچەك ئاچقان ئۆرۈك ھەم ئالمىزارلىقلار گۈلخۇمار ھاشاراتلار بىلەن جانلىنىپ كېتەتتى. بىلمىدىم، ياپپېشىل غۇلجا باغلىرى قانچە قېتىم قىزىل، قوڭۇر، ساپسېرىق يوپۇرماقلار بىلەن پۈركەندى... ياكى ئاق قار، كۆك مۇزلار ئۇنىڭغا يېپىنچا بولدى... قىسقىسى يىللار - يىللارنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى. مەن باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى غۇلجىدا پۈتتۈرۈپ 1957 - يىلى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەلدىم. شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ۋە سەنئەت ئىنستىتۇتىدا رەسساملىق كەسپىدە ئوقۇپ 1960 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈردۈم. تەشكىل مېنى مەكتەپكە ئېلىپ قالدى. بىراق مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مېنى 1961 - يىلى خوتەنگە تەقسىم قىلىپ يولغا سالدى. مەن خوتەن باغچى گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولدۇم ۋە بۇ يەردە ئىستېداتلىق، پەزىلەتلىك، ياشلىق ھاياتىنى مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان دوستلارنى تاپتىم. گەرچە ئەينى يىللاردىكى ئوقۇتقۇچىلىق دەپ ئېيتقۇسىز جاپالىق بولسىمۇ دوستلار بىلەن ئىناق، كۆڭۈللۈك ياشايتتۇق. خۇددى رۇس يازغۇچىسى نىكولاي سېمنوۋىچ لىسكوۋ ئېيتقاندەك: «ئادەم ھەرقانداق ناچار شارائىتقا كۆنەلەيدىغان، شارائىتنىڭ قانداق بولۇپ كېتىشىگە قارىماي، جاپا - مۇشەققەت ئىچىدىنمۇ خۇشاللىق تاپالايدىغان بولۇشى كېرەك»، ئەلۋەتتە.

1963 - يىلىدىن باشلاپ مەن كىچىك تىپتىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى، شۇنداقلا بىر قىسىم ماقالە ۋە ئوچېركلارنى يازدىم. ئۇلار «خوتەن گېزىتى»دە ئېلان قىلىنىپ تۇردى. لېكىن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىش بىلەنلا مېنىڭ بۇ ئەسەرلىرىم ۋە كۆز ياشلىرىم بىلەن يازغان «ئۇنتۇلغان قەلب»، «كۈتمىگەن تەقدىر»، «ئۆمۈر خاتىرىلىرى» قاتارلىق پوۋېستلىرىم ھەممىدە ساقلاپ كەلگەن ئەتىۋارلىق

---

① جالىكا — كىچىك ئىسىم، يەنى ئەركىلەتمە ئىسىم.
② سەۋېتسكى دوختۇرخانا — ھازىرقى غۇلجا دوستلۇق دوختۇرخانىسى.

كىتابلىرىم كۆيدۈرۈلدى ۋە بۇلاپ كېتىلدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان ئاپەتلىك يىللارنىڭ بورانلىرىدا ئۇن نەچچە يىللىق ھاياتىم تەقىپ ئاستىدا ۋە يەرلىك قاراڭغۇ تۈرمىلەردە ئۆتتى. خىزمەتتىن توختىتىلىپ بۇ ناھىيىدىكى «ئەلنامە»، «قوشكۆل»، «يېڭىئېرىق سۇ ئامبار»لىرىغا سۈرگۈن قىلىندىم.

دەرد - ئەلەم، ئازاب - ئوقۇبەتكە تولغان ئۈچ قېتىملىق سۈرگۈن بىلىگەنسېرى ئىتتىكلىشىدىغان خەنجەر، تاۋلىغانسېرى تاۋلىنىدىغان پولاتتەك ئىرادەمنى چىڭىتتى. خوتەندىكى يىگىرمە يىللىق ھاياتىم، بېشىمغا كەلگەن كەچمىش - قىسمەتلەر، شۇنداقلا ئازاب چەككەن ئوقۇتقۇچى، زىيالىيلار، قان ۋە تەرگە چۆمۈلگەن جاپاكەش دېھقانلارنىڭ چىن ۋە رېئال پاجىئەلىرى مېنى چوڭقۇر ئويلارغا سالدى. بولۇپمۇ ئۈچ قېتىملىق سۈرگۈن گەرچە خورلۇق ۋە ئازابلارغا تولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ماڭا تۈگىمەس - پۈتمەس بىلىم بەردى. كېيىنكى ئىجادىيىتىم ئۈچۈن سۈيى قۇرۇماس تۈرمۈش بۇلىقى بولدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ 1976 - يىلى خوتەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكەلدىم ە 1978 - يىلى «نەشتەر» تەخەللۇسى بىلەن «خوتەن گېزىتى»دە بىر قىسىم ھېكايە، ئوچېركلارنى ئېلان قىلدىم. 1979 - يىلى «يېڭى قاشتېشى» ۋە «تارىم» ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان «بۇلبۇل بوستانىنى تاپتى» ناملىق ھېكايەم بىلەن كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلدۇم. 1981 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كەلدىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «ئايگۈزەل»، «مېھرىگىياھ»، «قامغاق»، «قەبرە بېشىدىكى چۈش»، «قاچقۇن»، «دانۇر تاغا»، «لېيىغان بۇلاق» قاتارلىق ھېكايە، پوۋېست توپلاملىرىم ۋە رومانلىرىم ئېلان قىلىندى. «مېھرىگىياھ» رومانىم 1989 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەسەر» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

مېنىڭ ئەسلى كەسپىم رەسساملىق. شۇڭا گۈزەل سەنئەت ساھەسىدىمۇ بىر قىسىم ئەسەرلىرىم ئېلان قىلىندى. «ئېغىر كۈنلەردە»، «پەرھاد ۋە شېرىن»، «قەدىمىي ئۇيغۇر ئۇۋچىلىرى»، «موللا مۇسا سايرامى»، «فارابى» قاتارلىق كۆپلىگەن ماي بوياق ۋە سىدام سىزما ئەسەرلىرىم كىتاب - ژۇرناللاردا قايتا - قايتا نەشر قىلىنىپ ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، شۇنداقلا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، شىۋە تىلىدىكى 800 دىن ئارتۇق كىتابنىڭ مۇقاۋىلىرىنى لايىھىلىدىم. مەن لايىھىلىگەن «قىرغىز خەلق داستانلىرى»نىڭ مۇقاۋىسى 1990 - يىلى مەملىكەت بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك كىتاب - ژۇرنال مۇقاۋىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش يىغىنىدا «مۇنەۋۋەر ئەسەر» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا مەن غەليانلىق يىللاردا بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە تولىمۇ ئېچىنىمەن. شۇڭا ھەر سائەت، دەقىقىلەرنى بوش ئۆتكۈزمەسلىك كويىدا، ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەم گۈزەل سەنئەتتىن ئىبارەت ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قوش ژانىرىدا تىرىشىپ، تىرمىشىپ كېتىۋاتىمەن. بولۇپمۇ كۆپ قىسىملىق رومانىم «لېيىغان بۇلاق» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مەن نەچچە يۈزلىگەن خەت، تېلېفونلارنى تاپشۇرۇپ ئالدىم ۋە ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلدىم. ۋاقتىمنىڭ قىسلىقىدىن ئەڭ يىراق ھەم جاپالىق يەرلەردە ئىشلەۋاتقان ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ھەم دېھقانلارنىڭ خەتلىرىگە جاۋاب يازغان بولسامۇ نۇرغۇنلىغان خەتلەرگە رەھمەت ئېيتالمىدىم. شۇڭا ماڭا خەت يېزىپ، تېلېفون بەرگەن كەڭ ئوقۇرمەنلەر، ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچى، دوختۇر ۋە زىيالىيلار، ئىشچى - دېھقانلار، تىجارەتچى، سودىگەرلەرگە چىن دىلىم، ساپ دىيانىتىم بىلەن رەھمەت ئېيتىمەن ۋە سالام يوللايمەن.

## ئاپتورغا يېزىلغان خەتلەر

«لېيىغان بۇلاق» رومانى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئاپتور جالالىدىن بەھرام ئوقۇرمەنلەردىن 300 پارچىدىن ئارتۇق خەت تاپشۇرۇپ ئالغان. بۇ خەتلەرنى يوللىغانلارنىڭ ئىچىدە «لېيىغان بۇلاق» رومانىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئەسلى پروتوتىپلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار، ئىشچىلار ۋە باشقا ھەر ساھە، ھەر كەسىپكە تەۋە ئادەملەر بار. مەن ئۇشبۇ يازمىلىرىمغا قەلەم تەۋرىتىش جەريانىدا بۇ خەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى كۆرۈپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. نەتىجىدە بۇ خەتلەردىن بىرنەچچە پارچىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇشنى لايىق كۆردۇم.

### 1

*ئەسكەرتىش: بۇ خەتنى ئاپتورنىڭ يېقىن دوستى، شائىر، پېشقان مۇھەررىر، ئىقتىدارلىق ژۇرنالىست، كۆزگە كۆرۈنگەن كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى مەرھۇم مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن بېيجىڭدا داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە يازغان.*

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك دوستۇم جالالىدىن، ياخشىمۇ سەن؟ تېنىڭ سالامەتمۇ؟ خانىمىڭ ۋە پەرزەنتلىرىڭ تىنچلىقمۇ؟ جانابى ھەق ھەممىمىزنى

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى www.uyghurkitap.com



سالامەت قىلسۇن ۋە ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن.

قەدىرلىك دوستۇم جالالىدىن، سۆزۈمنى «سەن»لەپ باشلىغانلىقىمدىن تاسادىپىيلىق ھېس قىلمىغانسەن. ئۇلۇغ ئىجادىي مېھنىتىڭ بولغان رومانىڭدا «ھېكمەت»نىڭ «كامىل»نى سەن دېگۈزۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا توختالغىنىڭنى بىلگىنىمدىن بويان، نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە سېنى «سەن» دەپ ئاتىمىغانلىقىمدىن بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم. شۇڭا سېنىڭ ئارزۇيۇڭ بويىچە ئىش قىلدىم.

دوستۇم جالالىدىن، خەستىلىك ئازابىنى تارتىۋاتقان ئەڭ ئېغىر پەيتلىرىڭدىمۇ سېنى ئەسلىدىم ۋە سېنى ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىچىدە سېغىندىم. سەن دوستلار خاتىرىسىنى قەلبىڭدە تولۇق ساقلاپ كەپسەن، ئۇلارنىڭ خاتىرىسىنى ئەبەدىيلەشتۈرمەكچى، ئەۋلادلارغا قالدۇرماقچى بوپسەن. بۇ نېمىدېگەن ئالىيجانابلىق، نېمىدېگەن ئۇلۇغۋار مېھنەت.

دوستۇم، بىز ھەقىقەتەن چىن دوستلاردىن ئىدۇق، بىز شۇنداق ياشىغانىدۇق... ھاياتىمىزدىن يېرىم ئەسىر ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە سەن بۇرۇلۇپ كەينىڭگە، يەنى ئاشۇ ئۇزاق ئۆتمۈشكە قاراپ، بىزنىڭ كەچمىش - كەچۈرمىشلىرىمىزدىن رومان يازسا ئەرزىيدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىپسەن. ئەقلىڭگە ئاپىرىن! مەن سېنى ئىلگىرىمۇ چۈشەنگەن، قايىل بولغانىدىم، بۇ قېتىم مەن سېنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشكە مۇيەسسەر بولدۇم. مەن سېنىڭدەك بىر دوستۇمنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلىنىمەن. سەن مېنى يەنە ئاشۇ ئۇزاق ئۆتمۈشكە - نەۋقىران ياشلىق دەۋرىگە باشلاپ كەتتىڭ. سەن مېنى ئاشۇ ھىجران قايغۇسى بىلەن ۋىسال شادلىقى، دوستلۇق مېھرى بىلەن دۈشمەنلىك ھەسەتلىرى، قايناق مېھنەتلەر بىلەن جاپا-مۇشەققەتلەر ئالمىشىپ تۇرغان رەڭدار بەختىيار كۈنلەر بىلەن قاپقارا ئازابلىق تۈنلەرگە باشلاپ كەتتىڭ. قەلبىمدە يېڭى ھېس - تۇيغۇلارنى ئويغاتتىڭ. خەلقىمىزدە:

«كۆرگىلى كەلدىڭلىمۇ، كۆيدۈرگىلى كەلدىڭلىمۇ؟
كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلىنى ياندۇرغىلى كەلدىڭلىمۇ؟!»


دېگەن قوشاق بار. دېگەندەك، كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتلارنى قەلبىمدە قايتىدىن ياندۇردۇڭ، مېنى قايتىدىن ئىجاد - مېھنەت قاينىمىغا باشلاپ كىردىڭ. دوستۇم، ساڭا ھەۋەسىم كېلىدۇ. ھازىر دېرىزەمنىڭ ئالدىدا بىر تۈپ قاشتېشى گۈلى پورەكلەپ ئېچىلدى. ئەنە شۇ گۈلنىڭ ئەڭ چىرايلىق ئېچىلغىنىدىن بىرنى ئۈزۈپ ساڭا تۇتقۇم، سېنى ئاشۇ ئىجادىي مۇۋەپپەقىيىتىڭ بىلەن تەبرىكلىگۈم كېلىۋاتىدۇ.

دوستۇم، سەن كىشىلەر ئاسان ئېرىشەلمەيدىغان بىر بەختكە ئېرىشتىڭ، يەنى سەن ياشلىق دەۋرىگە، ئاشۇ رەڭدار ئۆتمۈشكە، يېقىملىق، مېھرىبان دوستلار ئارىسىغا قايتىپ كەتتىڭ؛ سەن مۇرات، كامىل، نايۇپى، شادىمان، ئامانۇللا، گۈلزىبا، نەفىسە، زۇمرەتلەرنىڭ قېشىغا كەتتىڭ؛ مېھرىبان، كۆيۈمچان ئاتا - ئانىلار، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، جاپاكەش خوتەن دېھقانلىرى ئارىسىغا چۆكتۈڭ. شۇ تاپتا سەن ئاشۇ سۆيۈملۈك، مەرد، تالانتلىق، ئاق كۆڭۈل، گۇناھسىز، جەسۇر قەھرىمانلىرىڭ بىلەن بىللە شاۋقۇنلۇق يورۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى بۈك - باراقسان باغلاردا سەيلە قىلىۋاتقانسەن؛ قۇم قايغىنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىدا، زۇمچەك - زۇمچەك قۇم بارخانلىرى بىلەن ئورالغان بۇغدايزارلىقلاردا مۇرات، كامىل، نەفىسەلەر بىلەن ئورما ناخشىسىنى ئېيتىپ ئورما ئورۇۋاتقانسەن؛ ئاي نۇرىغا چۆمگەن ئانارلىق باغدا كامىل بىلەن نەفىسەنىڭ تۇنجى مۇھەببەت ھېسسىياتىغا تولغان يۈرەكلىرىنىڭ قانداق تېپىۋاتقانلىقىنى تىڭشاۋاتقانسەن؛ مۇقامچى مىزراپشاھنىڭ بالىخانىسىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ساتارىنىڭ تارلىرىدىن ياڭرىغان ئاشقانە ناۋا - كۈيلىرىنى ئاڭلاۋاتقانسەن!

مەرھۇم دوستىمىز نايۇپى (تەڭرى ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن) «باھار» ناملىق بىر شېئىرىدا:

«قانچە - قانچە باھارلار ئۆتتى، ھەر باھارنىڭ پەيزى باشقىچە،
قانچە چېچەك قويۇلۇپ پۈتتى، قويۇلغاندەك كۆزلەردىن تامچە».

دېگەنىدى. دوستۇم، سەن ئاشۇ چېچەكلەر قويۇلۇپ پۈتمەستىن بۇرۇن گۈلزىبا، نەفىسە ۋە زۇمرەتنىڭ يېشىل كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە ئۆرۈك چېچەكلىرىنى



بېيشتۇر، بۇ ئۇلارنىڭ ۋاپاغا تولغان قەلبىنىڭ بىغۇبارلىقىنى ئىپادە قىلسۇن؛ سەن ھالرەڭ ئالما چېچەكلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۇستىگە چاچقىن، مەڭزىگە بېيىشقان ئالما چېچەكلىرى ئۇلارنىڭ خىجالەت بولغان چاغدىكى ھايالىق مەڭزىنىڭ قىزىللىقىنى ئەكس ئەتتۇرسۇن؛ مەجنۇنتالنىڭ ياپيېشىل نوتىلىرىدىن تاج ياساپ باشلىرىغا كىيدۇر، بۇ ئۇلارنىڭ بىشىدىن كەچۈرگەن مۇھەببەتلىك، رەڭدار ياشلىق دەۋرىنى ئەسلەتسۇن؛ قۇلاقلىرىغا يېڭى ئېچىلغان سېرىق سەمبەر گۈلىنى قىستۇرغىن، بۇ ئۇلارنىڭ ھىجران ئازابى بىلەن جۇدالىق ھەسرىتىدە سارغايغان گۈزەل چېھرىسىنى كۆرسەتسۇن...

ياز دوستۇم، ياز! قەلىمىڭدىن سەھىپىلەر ئۈستىدە گۈللەرنى ئېچىلدۇر، ئۇنىڭدىن گۈل دەستىلەر ياساپ ئەۋلادلارغا تۇت!

دوستۇڭ مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن
1996 - يىلى 8 - ئاپرېل، بېيجىڭ.

## 2

*ئەسكەرتىش: جالالىدىن بەھرامنىڭ يېقىن سەپدىشى، «لىپىغان بۇلاق» رومانىدىكى پېرسوناژلارنىڭ بىرى بولغان توختىنىياز قۇربان تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ خەت جەمئىي 37 ئورىگىنال بولۇپ، ئۇنىڭدا رومانغا مۇناسىۋەتلىك بىرقاتار مەسىلىلەر ھەققىدە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈلگەن. بەزى تەكلىپ - لايىھىلەر ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر تەۋسىيە قىلىنغان. ئەمما مەن ھەجىم جەھەتتىكى چەكلىمىلىكنى نەزەردە تۇتۇپ خەتتىن ئايرىم ئابزاسلارنى ئۈزۈپ ئېلىش بىلەن كۇپايىلەندىم.*

بەختىمگە يارىشا كىتابنى مەتقاسىم ئابدۇراخماندىن ئەۋەتكەن ئىكەنسىلە، 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئابدۇرېھىم ئېلى بىلەن بىللە ئاتايىن ئۆيۈمگە چىقىپ تاپشۇرۇپ بەردى. ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ شۇ كۈنى چۈشتىن باشلاپ ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتىم - دە، 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگە قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك بىر قېتىم كۆرگەندىن كېيىن، يەنە 3 -، 4 - قىسىملىرىنى ئىككى قېتىمدىن ئوقۇشقا، بەزى ماۋزۇلارنى 4 — 5 قېتىم ئوقۇشقا ئۈلگۈردۈم. مۇشۇ لەنەت تەگكۈر قولۇم ماڭا ياخشى ئىتائەت قىلغان بولسا، بىر ياقتىن ئوقۇپ بىر ياقتىن تەسىراتىمنى يېزىپ ماڭغان بولار ئىدىم. كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى كىتابخانلارنىڭ سەردارى دېيەلمىسەممۇ (بۇ شەرەپكە مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، خالىدەم، باش مۇھەررىر، مۇھەررىر، كوررېكتورلار مۇيەسسەر بولۇشقا لايىق) مۇنەۋۋەر ئوقۇرمەن دېيىشكە ۋە «ئارى

ھەق راست، شۇنداق كۈنلەردە ياشاپ، ئەزرائىلنىڭ ئالدىدىن قېچىپ كەتكەنىدۇق. روماندا قىلچە مۇبالىغە ۋە ياسالمىلىق يوق. بۇنىڭغا ۋىجدانىم، ساپ ئىمانىم بىلەن قەسەم قىلىپ بېرىمەن!» دېيىشكە تامامەن ھەقلىق دەپ ئويلايمەن...

رومانىنىڭ 4 - قىسمىدا خالىق مەتمۇسا تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلدۇ، 5 - قىسمىدا قەھرىمانلىرىم ئۇرۇمچىگە يۆتكەلدىمۇ؟ خوتەندە مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، قاھار جېلىلنىڭ يۈرىكىنى كاردىن چىقارغان، نۇرغۇن كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان «دۇپېگەي» ھەرىكىتى نەگە قويۇلدۇ؟ جاراھەتنى پېزىۋېرىپ قان - يىرىڭدىن سەسكىنىپ، بۇ ئالەمدىكى توققۇز بېھىش جەننەتۇل ئۇرۇمچىگە كېتىشكە ئالدىراۋاتامسىلە؟ ئۇ يەردىكى بەختىيار تۇرمۇشنى يازماقچىمۇ؟ ياكى قەھرىمانلىرىم يېڭى رەقىبلەر بىلەن ئىككىنچى فرونت ئاچامدۇ؟ ئەگەر يېڭى فرونت ئېچىلسا رومانىنىڭ گرادۇسى بىراقلا تۆۋەنلەپ كەتمەسمۇ؟ مانا بۇ مەسىلە رومانىنى ئالدىنقى قىسىملارغا نىسبەتەن بەك قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ. كۆپ تومۇق بۇ رومانىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى چوقۇم ياخشى ھەل قىلىنىشى كېرەك. ئەمدى مۇھەببەت ئۈچۈن كۆپ سەھىپە ئاجرىتىپ، ئاخىرقى ئىككى قەھرىمانىنى «مۇھەببەتچىمىز ئاشقوۋ»غا ئايلاندۇرۇپ قويساق بولمايدۇ. ئەگەر ئۇرۇمچىدىكى پاراۋان تۇرمۇشنى يازساق، كېيىنكى قىسىملارغا «سۇزۇلگەن بۇلاق» دەپ نام قويىمىزمۇ؟ تېمىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن قەھرىمانلارغا بۇگۈنگىچە خوتەندە تۇرۇش ئىمكانىيىتى يارىتىش كېرەك ئىدى. ئۇلارنى خوتەندە نوپۇسقا ئېلىشمۇ ئاسانغا چۈشەتتى. سىلىنىڭ كاللاڭلىردىكى پىلان ماڭا نائېنىق، ئەمما شۇنى ئېسىڭلىردا تۇتۇشىڭلا كېرەككى، سىلىنىڭ ئۇرۇمچى تۇرمۇشىنى يازىمەن دېگىنىڭلا ئالەم بوشلۇقىنىڭ يىراق بۇلۇڭىدىن بىر يۇلتۇزنىڭ تېلىسكوپقا يېقىنلاپ كەلگىنىدەك بىر ئىش. يۇلتۇزغا تىكىلگەن دۇربۇن، تېلىسكوپ شۇنچىلىك كۆپىيىدۇكى، سەل بىخەستىلىك قىلساڭلا قەتئىي بولمايدۇ. يەنە بىر تومۇ، ئىككى - ئۈچ تومۇ يېزىش ئۈچۈن كېتىدىغان كۈچ جەزمەن ئالدىنقى تۆت تومغا كەتكەن كۈچتىن كەم بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەگەر گاڭگىراپ داۋامغا تېزلا تۇتۇش قىلمىساڭلا قايناق پۇرسەت قولدىن كېتىدۇ...

گەپ قىلىۋېرىپ تېمىدىن سەل چەتنەپ كەتتىم. ئاساسىي مەقسىتىم، يەنىلا «سول» لۇشيەنىنىڭ قالدۇق روھ - ئەرۋاھلىرىنى «سول»چىل پۇرسەتپەرەسلەرنى يازغاندا، ياكى سەلبىي پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتقاندا،

www.uyghurkitap.com



80 ـ، 90 ـ يىللار ئادەملىرى 60 ـ، 70 ـ يىللاردىكى ئادەملەرگە ئوخشاپ قالسا بولمايدۇ: زېمىندىن، كېرىموف يىراقنى كۆرمەيدىغان، چالا ساۋات نادان ئەمەلدار بولۇپلا قالماي، يەنە ئاQ غا ئوخشاش كۈلكىگە قالىدىغان ساددىلىق، بىچارىلىك تەرىپىمۇ بار. زېمىندىننىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» كۇرسىدا داسىنىڭ كۆتىنى جوزا قىلىپ خەت يازغانلىقى، سىنىپىي كۈرەش تەربىيىسى يېغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تاپتىن چىقىپ كەتكەن نامرات دېھقانغا سوفىلىيورلۇق قىلمەن دەپ ھېرىپ كەتكەنلىكى، ئۆتمۈشنى ئەسلەش تامىقى ئەتكۈزۈپ ئۆزى باشلامچى بولۇپ يېگەنلىكى، يېيىش جەريانىدا زورۇقۇپ كەتكەنلىكى، 60 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر ئاQ لىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن سۈرىتى ئەمەسمۇ؟...

سىلە يازغان تېمىنى بۇنىڭدىن 20 ـ 25 يىل بۇرۇن يازىدىغان گەپ ئىدى. خەنزۇ يازغۇچىلار «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»نىڭ ئاخىرلىرىدىلا ئويغىنىپ، ماۋ زېدۇڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا چەكلەنگەن رايونلارغا بۆسۈپ كىرىپ پۇخادىن چىققۇدەك يازدى. ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرى بويىچە ئاق يەر قالمىدى. مەسىلەن، ھازىرقى زامان شائىرى ئەي چىڭنىڭ «رىمدىكى گلادىئاتورلار مەيدانى» دېگەن چوڭ ھەجىملىك سىياسىي لىرىكىسى، «ئىرەن»، «فۇرۇڭ بازىرى»غا ئوخشاش ئەسەرلەر. خەنزۇلار بۇ يازغۇچىلىرىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرىدى، بېشىغا ئېلىپ كۆتۈردى. بىزنىڭ گال، مەست ئەدىبلىرىمىز ئۇيقۇسىنى ئېچىپ، چاپىقىنى سۈرتۈپ بولغىچە ۋەزىيەت تېزدىن بۇرۇلۇپ، ئىسلاھات تېمىسى بازار تاپتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدىبلىرى چورۇق بىلەن خامپىغا سەكرەپ ئىسلاھات تېمىسىغا كىرىشىپ كەتتى. بۇ يېڭى تېمىنى ئۇلار چۈشەنمەيتتى. خەنزۇلارغا نىسبەتەن چۈشىنىكسىز بولغان بۇ شەيئىنى بىزنىڭ يۇرتداشلىرىمىز ئاران «يەرنى ھۆددىگە بېرىش»، «كۆلىغا ئۈزۈم، ياغاق ئاپىرىپ سېتىش»، «كۆپرەك پۇل تېپىش»، «كاستۇم، شلەپە كىيىپ ياۋروپاچە ياسىنىش» دەپلا چۈشەندى (ھەممىسى ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن كۆپ ساندىكىسى).

ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ ئەھۋالى شېئىرىيەتنىڭكىدىن بىرقەدەر ياخشىراق بولسىمۇ، ئومۇمەن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرگۈدەك ۋەزىيەت يارىتالىغىنى يوق. يازغۇچى ئۆز قەلبىنى، خەلقنىڭ ئىداسىنى تىڭشىماي، ھەقىقىي رېئاللىققا ياندىشىماي، ئۆتكۈنچى ئەمىر ـ پەرمانلارنىڭ، يالغان ـ ياۋىداق، سۈنئىي خەۋەر، خىزمەت دوكلاتىنىڭ يەڭگىسى، قاش، كىرپىك تۈزىمەيدىغان ئۇستا بولۇپ قالسا، ئۆز مىللىتىنى ئەخمەق ئەتسە خەلق ئۇلارنى ئۇنتۇيدۇ. ئۇلارنى پۈتۈنلەي بىكار تەلەپ دېگىلى بولماس، ئۇلارمۇ بازارغا كىرىپ تېلېۋىزورلاردا، رادىئودا ئېلان قىلىنىۋاتقان «جىيا ـ جىيا كالتىسى»، «يەنشىڭ خۇباۋ ئىچىملىكى»، «ئانارخان ماركىلىق سوپۇن» قاتارىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر قىممەت ياراتتى، ئىسمى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىندى، ئاز ـ تولا نەپىمۇ ئالدى. يەنە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئوبزورچىلىرى، مەدھىيىچىلىرىمۇ بولدى. خۇددى ئىككى توخۇ يەر تاتىلاپ تويىنى كولاپ يېقىن يېتىپ بىر ـ بىرىنىڭ بويىندىكى پېتلىرىنى بېقىشقاندەك، بېزىپ ماختىشىپ ئۆزىچە مەمنۇن بولۇپ يۈرۈشتى. ھازىر بىر قىسىم يازغۇچىلار مىللىتىمىزنىڭ ئىللىتى ھەققىدە بەدىئىي ئەسەر، ماقالىلەرنى يېزىۋاتىدۇ. بۇ ئېغىر كېسەلنىڭ ئېگىرىشىغا ئوخشاش ناھايىتى ئاجىز ئاگاھلىنىۋاتىدۇ. بەزى كىشىلىرىمىز «كىر»نى يازدى دەپ ئاغرىنىپ، تىللىشىپ يۈرۈشمەكتە. سىلىنىڭ ئەسىرىڭىزمۇ مۇشۇ چوڭ قايىنامدا قانداق ئاتاقلارغا، جۇدۇنلارغا دۇچ كېلەر؟ سىلە رومانىنى پېزىشتا پۈتنى يونۇپ ئۆتۈككە ملس كەلتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانماي، پۇتقا قاراپ ئۆتۈك تىكىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپسىلە. سيۇژىت تۈزۈشتە رېئاللىققا سادىق بولۇپ، ياسالمىلىقتىن خالىي بىر بەدىئىي مۇھىت يارىتىپسىلە، تۇرمۇش بەك چاكىنىلىشىپ كەتمەپتۇ. پېرسوناژ خاراكتېرى ـ ئىندىۋىدۇئاللىقى ئوبدان گەۋدىلەندۈرۈلۈپتۇ، ھەر بىر پېرسوناژنىڭ سۆزى، ھەرىكىتى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس تەسۋىرلىنىپتۇ. شۇغىنىسى، چاقچاقتا نامرات، ياۋاش، مۆمىن، مىسكىن، باشقىلاردىن قورقۇپ تىترەپ ياشايدىغان خوتەنلىكلەرنى غۇلجىغا خاس مەسخىرىۋاز، بەك جۇشقۇن، باشلىقتىن ھېيىقمايدىغان باتۇرلاردىن قىلىپ قويۇشقا تىلس ـ تاملس قاپسىلە. ئىنشائاللا، خۇدا نەۋرە ـ چەۋرىلىرىمىزنىڭ مىجەزىنى شۇنداق قىلىشقا نېسىپ قىلغاي. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، سىلىمۇ، مەنمۇ 20 يىلنى قورقۇنچ، ۋەھىمە ئىچىدە، ئۆز كۈچ ـ قۇدرىتىمىزنى دەڭسىيەلمەي، ئېشەكنى غوجام دەپ تۈكلۈك پاچىقىنى سىلاپ، كۆتىگە ئاپتاپ چۈشسە شۇ يەردىن ئاپتاپ ئىسسىنىپ ئۆتكۈزدۇق. سىلە ئۈزۈمچىنىڭ ئەركە بالىسى بولۇپ چاقچاق ـ ھەزىللىرىڭلا بىر ياقتىن ئورىسا، بىر ياقتىن كۆكلىگەن بىددەك ياشارغىنى بىلەن خوتەندە قالغانلار ھېلىمۇ جىمغۇر ياشاۋاتىمىز...

4 ـ تومدىكى ماۋزۇلارنى ئوقۇۋېتىپ سىلىنىڭمۇ سفىنكىس ھەيكىلى ئالدىدا ھودۇقۇپ، خېلى تەمتىرىگەنلىكىڭلىنى، ساراسىمە ئىچىدە قەلەمنى ئېھتىيات بىلەن تەۋرىتكىنىڭلىنى، ئىككىلەنگەنلىكىڭلىنى ھېس قىلدىم. مۇراتنىڭ قولىغا قورال ئالدۇرۇپ، ئۇنى باندىتقا ئايلاندۇرغانلىقىڭلا، ئۇ ئۆلگەندە قاتتىق قايغۇرۇش ھېسسىياتىنى ھېكمەتكە يۇكلەپ ئىپادىلىگىنىڭلا تەپەككۇر تولپارىنى، چاپتۇرۇشتىكى خېلى يۇقىرى ماھارەت ۋە

خۇدانىڭ كۆكلۈكلىگە ئىنساپ بەرگەنلىكى!...

رومان ھەققىدە ئوبزور خاراكتېرىدىكى بىرەر ماقالە شەكىللەندۇرۇش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئائىت مۇھىمراق ئوبزور ئوقۇغىنىم يوق. يەنە ئوبزورچىلار ياۋروپا - ئامېرىكا ئەدەبىياتشۇناسلىقىدىن ئارىيەت ئېلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تاڭغان چىرايلىق ھەم غەلىتە ئېلان ماركىلىرىنىڭ نامىنىمۇ بىلمەيمەن. دۆلىتىمىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن سوتسىيالىزم لاگېرىدىن شۇنچە كۆپ ماركا ئۆتنە ئېلىپ، نامرات جۇڭگونى بېزىمەكچى بولغانىدى. ھەتتا «كوممۇنا»نى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كولخوز، سوۋخوزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى، كوممۇنىزمغا ئۆتۈشنىڭ ئالتۇن كۆۋرۈكى، جەننەتكە كىرىشنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى دېيىشكەنىدى. پۈشكىننىڭ «ئالتۇن بېلىق ھەققىدە چۆچەك» دېگەن ئەسىرىدە تەسۋىرلەنگەندەك، ئالتۇن بېلىق ئاچچىقلاپ قۇيرۇقى بىلەن سۇنى بىر داۋالغۇتۇۋىدى، بېلىقچىنىڭ ئاچكۆز خوتۇنى كونا پۈچۈق تەگنىسى، قىڭغىر كەپىسى بىلەن نامرات موماي ھالىتىگە قايتقاندەك، بىراقلا «تۆۋەن باسقۇچتىكى سوتسىيالىزم» ئىكەنلىكىمىز ئايان بولدى.

مەن بىر قىسىم تەنقىدچىلەرنىڭ ئۈرۈمچى قىزلىرىغا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە قىز - ئاياللىرىنىڭ مودا كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ، ئۇلارنى «دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش»كە ئۇرۇنغىنىدەك نامرات خەلقنىڭ نامرات، نىمجان، بىچارە ئەدەبىياتىغا ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئالتۇن ھەللىك نەقىشلىرىنى تاقىشنى ياقتۇرمايمەن. پەلسەپىنىڭ بارس ئۇستقۇرۇلمىنىڭ دەرىجىسى ۋە سۈپىتىنى بەلگىلەيدۇ دېگەن نوقتىئىنەزەرگە ئاساسلانغاندا ھەم ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەنبەسى بولغان تۇرمۇش شەكلىمىز، ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇش دەرىجىمىزدىن قارىغاندا (تۇرمۇشنى خروئىن چېكىشلىپ كۆزمەتمىگەن بولساق)، ئەدەبىياتىمىز ھەم رومانچىلىقىمىز ھەققىدە سەممىيلىك بىلەن راست گەپ قىلىشىمىز لازىم...

رومانىدىكى بەزى ئېپىزوتلار ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك ئىزاھاتلارنى بەرمەكچىمەن.

1. 2 - كىتابنىڭ مەلۇم بابىدا رېخىم نۇرنىڭ ئىككى سائەت دەرسنى قالدۇرۇپ ئىت تالاشتۇرۇش ئويۇنىغا كەتكەنلىكى، باشقا سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سەي ئوتاۋاتقانلىقى يېزىلغان. خوتەندە ئىت تالاشتۇرۇش 11 - ئاينىڭ ئاخىرى باشلىنىپ يەنە بىر يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. شۇڭا بەزى تەپسىلاتلارنى بايان قىلغاندا ۋاقىت، پەسىلنى ھەرگىز ئالماشتۇرۇپ قويماڭلا.

2. 3 - تومدا ھېكمەت بېگىمپىرىق سۇ ئامبىرىغا سۈرگۈن قىلىنغاندا بەزى كەچلىرى سۇ ئامبىرى بويىغا بېرىپ يالغۇز ئولتۇرۇپ مۇڭلىنىپ ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردۇ ھەم شېئىر ئوقۇيدۇ. ئۇ شېئىرلارنى سىلە دۇ فۇنىڭ دەپ يېزىپسىلە، ئەسلىدە ئۇ دۇ فۇ بىلەن زاماندىش شائىر لى بەينىڭ ئىدى.

3. ئەسەرنىڭ قايسىبىر بابىدا قىستۇرۇلغان «يازغان شۇ خېتىڭ» دېگەن شېئىر گېرمانىيە شائىرى ھېنرىخ ھېينى (ماركسنىڭ دوستى) نىڭ مەشھۇر لىرىكىسى بولۇپ، ئۇ سوۋېت تاتار شائىرى مۇسا جەلىلنىڭ شېئىرى دەپ ئېلىنغان.

4. ھېكمەت، كامىللار ئىلىم - پەنگە، ئەدەبىياتقا بولغان مۇھەببەت قىزغىنلىقى بىلەن سوۋېت ئۆزبېك شائىرى تۇراپ تۆلەگە خەت يېزىپ شېئىرلار توپلىمى ئەكەلدۇردۇ. ئەسەردە (2 - كىتابتا) تۇراپ تۆلەنىڭ ئۇلارغا يازغان جاۋاب خېتىدە ئۇلارنىڭ سالمىنى خېلىل ھەمرايۇقا، ھېزىم ئىسكەندەروۋقا، ئىلىيار بەختىيارغا يەتكۈزگەنلىكى يېزىلغان. ئەسلىدە تۇراپ تۆلەنىڭ جاۋاب خېتىدە ئۇلارنىڭ سالىمىنى غاپۇر غۇلامغا، ئايبەككە، مىرمۇھسىنگە، سىرتىمىرگە، ئىسقەت مۇختارغا، مەخسۇت شەيىخزادىگە يەتكۈزگەنلىكى يېزىلغان. گەرچە ھەر ئىككى گۇرۇپپىدىكى شائىرلار سوۋېت شائىرلىرى بولسىمۇ، ئۆزبېكلەرگە يازغان سالام خەتنىڭ قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر شائىرلىرىغا يەتكۈزۈلگەنلىكى پاكىتقا ئۇيغۇن بولماي قاپتۇ...

## 3

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ھۆرمەتلىك جالالىدىن ئاكا، قانداق ئەھۋالىڭىز؟
ھارمىلى قەلىمىڭىزگە ھاردۇق يەتمىگەي!

يېقىندا نەشردىن چىققان «لېيغان بۇلاق» رومانىڭىزنىڭ تۆت قىسمىنى چەكسىز قىزىقىش، ھاياجان ۋە ئۈمىد ئىچىدە قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ ئوقۇپ چىقتۇق. رومانىنىڭ بىزگە قاتتىق تەسىر قىلىشىدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، رومان بىزنىڭ يېشىمىزدىن باشلاندى (دېمەكچىمىزكى، پېرسوناژلىرىڭىز بىلەن بىز تەڭ قۇراملىق ياشلار)؛ ئىككىنچىدىن، رومانىدىكى ئاساسىي سيۇژىت ئوقۇتقۇچىلار تۇرمۇشى، بىزمۇ دەل ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرغان ستۇدېنتلارمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە روماندا دوستلۇق، مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، ئۆگىنىش ۋە رەزىللىك، نەپسانىيەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىك، ئاداۋەت قاتارلىقلار ئۇستىلىق بىلەن گىرەلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بىز پېرسوناژلىرىڭىز بىلەن بىرلىكتە شۇ دەۋرلەرنى باشتىن ئۆتكۈزدۇق. ئۇلار بىلەن تەڭ كۈلۈپ، تەڭ قايغۇردۇق. رومانىڭىزنىڭ بىزگە

www.uyghurkitap.com



قانچىلىك تەسىر قىلغىنىنى بۇ خەت بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمىز. ئەگەر پېنىمىزدا بولغان بولسىڭىز، بىز مۇشۇ رومان ھەققىدىكى سۆھبەتلەر بىلەن نەچچە كېچىنى ئاپئاق تاڭغا ئۇلاشتۇرار ئىدۇق.

جالالىدىن ئاكا، رومانىڭىز جەمئىي نەچچە قىسىم، قاچانراق نەشردىن چىقار؟ ئەڭ ئاخىردا ھېكمەتنى شۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان خەتنىڭ مەزمۇنىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدۇق. مۇمكىن بولسا شۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن بىزنى ۋاقىپلاندۇرغان بولسىڭىز.

ھېكمەتنىڭ مەھبۇبە بىلەن توي قىلىشى ئىدىيىمىزگە سىغمىدى. چۈنكى ھېكمەتنىڭمۇ تاللاش ھوقۇقى بار تۇرسا.

مالالىق يەتكۈزۈپ قويدۇق، ئەپۇ قىلارسىز. سىز ئۈسكەن يەردە ئۈسۈپ، سىز ئىچكەن سۇنى ئىچىپ چوڭ بولغان يۇرتداشلىرىڭىزنىڭ يۈرەك سالىمىنى قوبۇل قىلغايسىز. سىزگە سالامەتلىك، ئائىلىڭىزگە بەخت ۋە ئىجادىيىتىڭىزگە ئۇتۇق تىلەپ:

ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىزىكا فاكۇلتېتى 94 - يىللىق 1 - سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن:

ئابىبەك ئابدۇلھەق، پاتىگۈل سايىت، پاتىمەم تۇرسۇن، قەلبىنۇر مىجىت، زىمىتۇنەم ئەنۋەر، نۇرسىرىك ساغاتبەك (قازاق)، باھارگۈل بەكرى، ھىمىت مۇھەممەت.

4

ئەسسالام جالالىدىن ئاكا، ياخشىمۇ سىز؟ مەن سىزنىڭ مەڭگۈ سالامەت بولۇشىڭىزنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

مەن سىزنىڭ «لىپىغان بۇلاق» رومانىڭىزنى ئوقۇپ ئۇنىڭغا قانداق ئەسىر بولۇپ قالغىنىمنى يېزىپ تۈگىتەلمەيمەن. ھەتتا چۈشۈمدە زۇمرەتنى نەچچە قېتىم كۆرۈپ بولدۇم.

جالالىدىن ئاكا، ھېكمەتنىڭ سىز ئىكەنلىكىڭىزدە گەپ يوق. ھازىرقى ئايالىڭىز ئاشۇ ئايالىڭىز شۇمۇ؟ يوتۇپ كەتكەن بالىڭىزنى تاپتىڭىزمۇ؟ مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم بۇلارلا ئەمەس، ئاتېپوسكا ۋاقتىم توشسا يۇرتۇمغا بارماي سىز يازغان رەسىتلەرنى، مەدەنىيەت يۇرتلىرىنى، گۈلزىبانىڭ مەھەللىسىنى كۆرۈپ كېلىش نىيىتىگە كەلدىم. چوقۇم بارىمەن. جالالىدىن ئاكا، كىتابىڭىزنى ئوقۇپ بولغىلى پېرىم يىلدىن ئاشتى. 2 - قېتىم ئوقۇپ ماقال - تەمسىللەر بىلەن مۇراتنىڭ قىزىق چاقچاقلىرىنى كۆچۈردۇم...

ھۆرمەت بىلەن:

فۇكاڭ نېفىت بازىسى بۇرغىلاش پونكىتى ئاسىيەدىن.

5

ھۆرمەتلىك جالالىدىن بەھرام تاغا، تېنىڭىز سالامەتمۇ؟

مەن سىزنىڭ «لىپىغان بۇلاق» ناملىق كۆپ قىسىملىق رومانىڭىزنى سۆيۈپ ئوقۇۋاتقان كىتابخان بولىمەن.

جالالىدىن تاغا، ھېكمەت دېگەن ساخاۋەتلىك ئوقۇتقۇچى سىز، شۇنداقمۇ؟ مەن تەرجىمىھالىڭىز ئارقىلىق ھېكمەتنىڭ سىز ئىكەنلىكىڭىزنى پەرەز قىلدىم. ئەگەر راستىتىن شۇنداق بولسا سىزدىن بىرنەچچە سوئال سورىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز:

- جالالىدىن تاغا، سىز ئۇماق پەرزەنتىڭىز ئەزىمەتنى تاپتىڭىزمۇ؟ ئۇ ھازىر يېنىڭىزدىمۇ؟ سىز ئاخىرى زادى كىم بىلەن تۇرمۇش قۇردىڭىز، مەھبۇبە بىلەنمۇ ياكى ماھىگۈل بىلەنمۇ؟ ئاخىرقى سوئالىم، سىز كامىل تاغا بىلەن ھازىرمۇ يېقىن دوستمۇ؟

رومانىدىكى گۈلزىبا، ھېكمەت ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرىنىڭ رەسىمىنى ئەۋەتىپ بەرسىڭىز، مەن كۆرۈپ بولۇپ سىزگە قايتۇرۇپ بەرسەم بولامدۇ؟

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 43 - ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 2 - يىللىق 2 - سىنىپتىكى ئاسىيە ئابلادىن.

## «لىپىغان بۇلاق» رومانى ھەققىدە سۆھبەت

**سوئال:** سىزنىڭ «لىپىغان بۇلاق» ناملىق كۆپ تومىلۇق رومانىڭىزنىڭ دەسلەپكى تۆت تومى نەشر قىلىنىشى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھادىسە خاراكتېرلىك تەسىر قوزغىدى. سىز بۇ ئەسىرىڭىزنىڭ يېزىلىش جەريانى ھەققىدە قىسقىچە سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

**جاۋاب:** ئەينى يىللاردا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى جەنۇبىي شىنجاڭغا، يەنى رايونىمىزنىڭ ئەڭ چەت جايلىرىغا تەقسىم قىلىش بىر خىل ئادەتكە ئايلانغانىدى. دەل شۇ سەۋەبتىن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن نۇرغۇن ياشلار جۇملىدىن شىمالىي شىنجاڭدىن كەلگەن ياشلارمۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا باردى. ئۇلار شۇ يەردە يەرلىشىپ، شۇ يەرنىڭ ئېغىر خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يەرلىكنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوقۇتقۇچى بولدى، مەنمۇ ئەنە شۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرى ئىدىم.

مەن ئەينى چاغدا خوتەن ناھىيىسىنىڭ باغچى (چۈنخۇا) گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئورۇنلاشتىم. مەن ئۇ يەردە بىرمۇنچىلىغان خوتەنلىك ياشلار بىلەن

ئۇچراشتىم، دوستلاشتىم. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى بىلەن تونۇشتۇم، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ئېغىر، خىزمىتى جاپالىق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار زادى ۋايسىمايتتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىستېداتلىق ياشلار ئىدى، بەزىلىرى شائىر ئىدى، بەزىلىرى يازغۇچى ئىدى، بەزىلىرى رەسسام ئىدى، بەزىلىرى مۇزىكانت ئىدى، بەزىلىرى ئۆزىنىڭ ھۆسنخېتى بىلەن تونۇلغانىدى. مەن ئۇلاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندىم. شۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلار مېنىڭ كۆڭلۈمگە خۇددى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك ئورنىشىپ كەتتى. گەرچە مەن بۇ ھەقتە ئالىقانچىلىك خاتىرە قالدۇرمىغان بولساممۇ، شۇ چاغدا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى رەت-رەتتى بىلەن ماڭا ئايان ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا مەرھۇم دوستۇم، شائىر، ژۇرنالىست مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇددىن بىلەن بۇ ئىشلار ھەققىدە كۆپرەك پاراڭلىشاتتۇق. چۈنكى شۇ ۋەقەلەرنىڭ ئەڭ يادروسىدا، جەۋھىرىدە شۇ تۇراتتى. بىز ئەنە شۇ چاغلاردىكى ئىشلار ھەققىدە پاراڭلاشقىنىمىزدا تۈنلەرنى تاڭلارغا ئۇلايتتۇق. ئۇنتۇلۇپ كېتەي دېگەن ئىشلارنى ئۆزئارا يادىمىزغا سېلىشاتتۇق، مۇشۇنداق قىلىپ بىزنىڭ كەچمىش-كەچۈرمىشلىرىمىز بۈيۈك بىر سىمفونىيىگە ئوخشاش كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مېنىڭ بۇلارنى يېزىش ئىستىكىم بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن شۇ زامانلاردا چىققان گېزىتلەرنى، ھۆججەت، قارارلارنى يىغىپ ماڭدىم. بەزىلىرىنى كۆچۈردۈم. شۇڭلاشقا مەن روماندا سىياسىي، ئىجتىمائىي تەرەپلەردىن شۇ زاماننى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەزى بىر پاكىتلىق نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىدىم.

مەن ھەر قېتىم ئەينى چاغدىكى ئاشۇ دوستلارنى ئويلىغىنىمدا كۆزۈمگە ياش كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ياپياش پېتىلا بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالدى، ھاياتلىرىنىڭ بولسا چاچلىرى ئاقاردى، بەللىرى پۈكۈلدى، كۆز گۆھەرلىرى تۆكۈلدى. مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا ئەنە شۇ ئۇنتۇلماس تۇرمۇش سىمفونىيىسى مېنى يېزىشقا ئۈندەيدۇ. شۇ تۈرتكە بىلەن 1995-يىلى 11-ئاينىڭ 22-كۈنى مەن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ يېزىشنى باشلىدىم. چۈنكى ئاشۇ دوستلارنى ياد ئېتىش، ئۇلارنى تارىختا قالدۇرۇش مەن ئۈچۈن بىر مۇقەددەس بۇرچ بولۇپ قالغانىدى.

مەن روماننى يېزىشقا كىرىشىپ بىر يىلدىن سەل ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدىلا دەسلەپكى ئۈچ تومنى يېزىپ تۈگىتىپ نەشرگە بەردىم. ئەمما روماننى نەشر قىلغۇچىلار 4-تومنىمۇ تېزدىن يېزىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلغاچقا 41 كۈن ئىچىدىلا 4-تومنىمۇ يېزىپ تۈگەتتىم. 5-تومنى 56 كۈندە تۈگەتتىم (ئۇ پات ئارىدا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى). روماننى يېزىش جەريانىدا مەن نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزۈمنى كونترول قىلالمىدىم، ھەر بىر ۋەقە، ھەر بىر ئىش مېنى ئالدىرىتىپ تۇردى. ھەتتا كېچىلىرىمۇ مەگدەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. كېچىسى سائەت ئۈچتىن ئاشقاندا ئورنۇمدىن تۇرىمەن، ئاندىن پاكىز يۇيۇنۇپ يېزىشنى باشلايمەن. ئەتىگەنلىك چايغىچە ئۈچ سائەت ئەتراپىدا يېزىش بىلەن مەشغۇل بولىمەن. كۈندۈزى ۋاقىت بولسىلا يازىمەن، چۈشتە ئازراق ئارام ئالىمەن، كەچتە تاماقتىن كېيىن يەنە يازىمەن. پەۋقۇلئاددە ئامال قىلغىلى بولمايدىغان ئىش بولمىسىلا ھەر كۈنى دېگۈدەك يازىمەن. شۇنداق قىلىپ روماننىڭ يېزىلىش سۈرئىتى تېز بولدى.

**سوئال:** ئەسىرىڭىز ئەسلىدە نەچچە توملۇق يېزىلماقچى ئىدى، ھازىر نەچچە توم يازماقچى بولۇۋاتىسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟

**جاۋاب:** ئەسلىدە بۇ رومانىم يەتتە توم يېزىلماقچى ئىدى. ھازىرغىچە بەش تومنى يېزىپ تۈگەتتىم. روماننىڭ 5-تومىدا باش قەھرىمان ھېكمەت خوتەندىن ئايرىلىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ يەنە بىر باش قەھرىمان كامىل بىلەن بىرگە ئىشلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچىدىكى زىيالىيلار ئارىسىدىكى تۇرمۇشى باشلىنىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ شەخسىي تۇرمۇشۇمدىن ئېلىپ ئېيتسام يىگىرمە يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى ئۈرۈمچىدىكى زىيالىيلار قاتلىمى بىلەن ئارىلىشىپ كەلدىم. بۇ جەرياندا ئۈرۈمچىدىكى زىيالىيلارنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش، خىزمەت، ئىجادىيەت جەھەتلەردىكى كەچمىشلىرىنى خېلى ئەتراپلىق كۆزەتتىم ۋە چۈشەندىم. ئۇلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرى، دۇنيا قاراش جەھەتتىكى ھەرخىل پەرق ۋە ئوخشاشلىقلىرى، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە تۇتقان ئۆزگىچە پوزىتسىيىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆگەندىم. شۇنىڭ ئۈچۈن روماننىڭ كېيىنكى ئىككى تومىدا باش قەھرىمان ھېكمەت بىلەن كامىلنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۈرۈمچىدىكى زىيالىيلار تۇرمۇشىنى ئىككىنچى بىر فرونت قىلىپ ئېچىپ يېزىشنى پىلانلىغانىدىم. شۇنداق بولغاندا ئەسەر ئىمكانىيىتىنىڭ يار بېرىشىچە يەتتە توم بىلەن ئاخىرلاشماقچى ئىدى، ھەتتا يەتتە توم بىلەن يازماقچى بولغانلىرىمنى تۈگىتەلەيمەنمۇ يوق، دېگەن گۇمانىمۇ بار ئىدى. ئەمما ھازىر بىر قىسىم زىيالىيلار ۋە مۇھەررىرلەر «سەن رومانىڭدا خوتەندىكى تۇرمۇشنى يېزىپسەن، ئەمدى ئۇنى شۇ پېتى ئاخىرلاشتۇرۇۋەت. زىيالىيلار قاتلىمىنى يازىمەن دېسەڭ ئۇ ئايرىم بىر تېما، ئايرىم بىر ئەسەر بولسۇن» دېيىشتى. بىر ئويلىسام بۇمۇ توغرىدەك قىلىدۇ، بىر ئويلىسام كۆڭلۈمگە نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى ئۈيۈپ كەتكەن زىيالىيلارغا

www.uyghurkitap.com



مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىشكە رايىم بارمايدۇ. لېكىن مەن ئەسەرنى 6 ـ توم بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان تەقدىردىمۇ زىيالىيلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئاز ـ تولا يامداپ ئۆتۈش خىيالىدا مەن. چۈنكى ھېكمەت زىيالىيلار ئىچىگە كىردى. بۇنى يانداپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ.

**سوئال:** كۆپ ساندىكى ئوقۇرمەنلەر سىزنى ئەسەردىكى باش قەھرىمان ھېكمەتنىڭ ئۆزى دەپ قارايدىكەن. سىز بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟

**جاۋاب:** بىر ئەسەردە يازغۇچى پەقەت ئۆزىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. ھېكمەت بىر تىپىك ئوبراز. ئەمما ئىجادىيەت جەريانىدا يازغۇچىنىڭ بەزى پسىخىك ھالەتلىرى، مىجەز ـ خۇلقى ئۆزى ياقتۇرغان قەھرىمانغا سىڭىپ قالىدىكەن. مەسىلەن، ھېكمەتتىكى ئەپۇچانلىق، كۆڭۈلچەكلىك، ھاياجانلىنىش قاتارلىقلار مەندىكى خۇسۇسىيەتلەر. كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلەر خەت يېزىپ «ھېكمەت سىز ئىكەنسىز» دېيىشتى. ئۇلار ھەم توغرا دەپتۇ، ھەم سەل ئاشۇرۇۋېتىپتۇ. دەرۋەقە، يازغۇچى ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ ئەڭ سەرخىلىنى ئۆز قەھرىمانىغا بېرىدۇ. بۇ نورمال ئىش. مەنمۇ ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن كۆپ ئىشلارنى ھېكمەتكە بەردىم. روماندىكى ھېكمەتنىڭ دادىسى ماشىنىچى، ئۇ 1957 ـ يىلى ئوقۇۋاتقان ۋاقتى ئەمەس ماشىنىچى... 

مەن بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن يەنە بىر قېتىملىق سۆرگۈننى كامىلغا بەردىم (يەنە بىر سىرنى ئاشكارىلاپ ئۆتەي، روماندىكى كامىلنىڭ پروتوتىپى رەھمەتلىك دوستۇم مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىددىن ئىدى، بۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىقرار ئىدى). چۈنكى روماندا تىلغا ئېلىنغان ئەلنامىدىكى سۆرگۈن كامىلغا ماس كېلەتتى. روماندا ئەلنامىدىكى تېۋىپ غوجا باھاۋىددىنھاجى (بۇ ئادەمنى ئۆز ئىسمى بىلەن ئالدىم) ھەققىدە سۆزلىنىدۇ، مىنبەگلار ئۇنىڭ دورىخانىسىنى مۇسادىرە قىلماقچى بولغاندا كامىل كېچىدە رەجەپ كاناي (بۇ ئادەمنىمۇ ئۆز ئىسمى بىلەن ئالدىم) بىلەن ئوغرىلىقچە كىرىپ ئەڭ ياخشى دورىلار بىلەن رېتسېپلارنى ئوغرىلاپ چىقىدۇ. بۇمۇ مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىش ئىدى. ئەمما ئۇنى مەن كامىلغا بەردىم.

رومانىنىڭ چىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى. غىل ـ پال ئۆتۈپ كەتكەن بىر ۋەقەنىڭمۇ پروتوتىپى بار. ئەينى چاغدىكى دوست ـ بۇرادەرلىرىمنىڭ رومانىنى ئوقۇپ ماڭا يازغان خەتلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، مەن روماندا ئالىمجان زىغرۇللا دېگەن كىشىنى تىلغا ئالدىم، ئۇ ھازىرقى خوتەن ۋىلايەتلىك مائارىپ باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇرەھىم ئۇلاجى شۇ. ھازىرقى خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئابلەت قۇربانىنى روماندا ئامانۇللا قۇربان دەپ ئالدىم. مانا مۇشۇنداق چىنلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوقۇرمەنلەر مېنى ھېكمەت شۇ دەپ قاراشماقتا.

**سوئال:** ئەسەرنىڭ كېيىنكى ۋەقەلىكى بىلەن تۇرمۇشىڭىز ئوتتۇرىسىدا يەنە قانداق باغلىنىشلىق تەرەپلەر بار؟

**جاۋاب:** مېنىڭ رومانىمنىڭ ئىسمىنى «لېيغان بۇلاق» دەپ ئېلىشىممۇ ئۆز زامانىسىدا سىنىپىي كۈرەشنىڭ خاتا تۈزىتىلىشى تۈپەيلىدىن جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنىڭ لېيىپ كەتكەنلىكىگە ئىشارە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. مەن دەل مۇشۇ «لېيغان بۇلاق»تا ناھايىتى كۆپ ئازاب چەككەنمەن. ئۆتكەندە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدىكىلەر مېنى لېكسىيە بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىدى. لېكسىيىگە خوتەندىن بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارمۇ قاتناشقانىكەن. لېكسىيە تۈگىگەندىن كېيىن ئەنە شۇ خوتەنلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باشقىلارغا «مۇشۇ جالالىدىن مۇئەللىم ئەينا، خوتەندە كۆرمىگەننى كۆرگەنىيا، ياﺋاللا بىز شۇ ۋاقىتتا ئۆلەپ قالارمىكىن دەپتۇق» دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى. ھېكمەتنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن، بۇلارنىڭ بىرسىمۇ يالغان ئەمەس. رومانىنىڭ باش قىسمىدا زەيتۇنە دېگەن بىر قىز سۆزلىنىدۇ. ئۇ ئەسلىدە چوڭ دادامنىڭ قىزى بولۇپ ھەقىقىي ئىسمى زەيتۇنە ئەمەس، تۇرسۇنئاي ئىدى. ئۇ رۇس مەكتىپىدە ئوقۇغاچقا تونىيە دېيىلەتتى. كېيىن ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنى روماندا زەيتۇنە دەپ ئالدىم. ھېكمەتنىڭ مەيدىسىدە شۇ قىز چەككەن رۇسچە «كۈتكىن مېنى مەن ھەم ئىنتىزار» دېگەن خەتنىڭ باش ھەرپلىرى بار ئىدى. 5 ـ تومدا ساقال ئالدىغان تىغ بىلەن ھېكمەتنىڭ مەيدىسىنى تىلىپ، ئاشۇ خەتنى قىرىدىغان بىر ئېپىزوت بار. بۇلارمۇ مېنىڭ ھاياتىم بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا مېنى جىن ـ شەيتان قىلىپ تاياق ـ توقماقلار بىلەن يېپەن قىلىش، بويىنۇمغا تاقاق سېلىش، يەرئاستى زىندانغا سولاش، قىشتا يالاڭ ئاياغ ھالدا مۇز ئۈستىدە ئىشقا سېلىش قاتارلىق نۇرغۇن ۋەقەلەر روماندا ئاساسىي جەھەتتىن تولۇق بايان قىلىندى.

**سوئال:** ئەسىرىڭىزدىكى باش قەھرىمانلار ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشنى

خالامسز؟

**جاۋاب:** ئوقۇرمەنلەر پات ئارىدا رومانىنىڭ 5 ـ تومى بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى. شۇ چاغدا ئۇلار ئۆزلىرى قىزىققان بىر قىسىم قەھرىمانلارنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردىن خەۋەردار بولالايدۇ. 6 ـ تومدا ئوقۇرمەنلەرنى قىزىقتۇرغان ماھىگۈل، ھېكمەت، مەھبۇبە ۋە كاملىنىڭ كېيىنكى كەچۈرمىشلىرى سۆزلىنىدۇ. مەن بۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئوقۇرمەنلەر رازى بولغۇدەك بىر تەرەپ قىلىمەن.

كۆپ ساندىكى ئوقۇرمەنلەر كىچىك ۋاقتىدا يوقاپ كەتكەن ئەزىمەتنىڭ تەقدىرىنى سوراپ ماڭا خەت يازدى. ئۇلار خەتلىرىدە «ھېكمەت ئوغلىنى تاپالامدۇ، ئەسەرنىڭ 4 ـ تومىدا سۆزلىنىدىغان غوپۇر نىيازنىڭ ئۆيىدىكى بالا ئەزىمەت شۇمۇ قانداق؟» دېگەن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. دەرۋەقە ئوقۇرمەنلەر ئويلىغاندەك غوپۇر نىيازنىڭ ئۆيىدىكى بالا ئەزىمەتنىڭ ئۆزى شۇ. ئۇنى ھېكمەتنىڭ تۇنجى ئايالى گۈلزىبانىڭ سىڭلىسى گۈلرۇز غوپۇر نىيازغا سېتىۋەتكەن. كېيىن ھېكمەت مەھبۇبە دېگەن ئۆزبېك قىز بىلەن توي قىلىپ بىر قىز پەرزەنتلىك بولۇپ ئىسمىنى ئۈچقۇنئاي قويغان. ئەمما نەبىنىڭ تۈرمىگە كىرىپ قېلىشى سەۋەبلىك ئۇلار ئايرىلىپ ياشايدۇ. مەھبۇبە ئۈچقۇنئاينى ھېكمەتتىن يوشۇرۇپ لوپتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېكمەت ئۈچقۇنئاينى ئىزدەپ لوپقا بارىدۇ. دەل مۇشۇ جەرياندا ھېكمەت يول ئۈستىدە ئون بىر ياشقا كىرىپ قالغان ئەزىمەت بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. لېكىن ئۇلار ئۇزۇن مۇددەت ئايرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بالا ئىكەنلىكىنى بىلىشمەيدۇ.

ھېكمەت خوتەندىن يۆتكىلىدىغان چاغدا بىر كېچىسى مۇنداق چۈش كۆردى:

ھېكمەت بىر تار كوچىدا قىزى ئۈچقۇنئاينى يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى. كوچىنىڭ بىر دوقمۇشىدا بىر ئوغۇل بالا بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى توپىغا پېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن يەڭلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قوللىرىنى يارا بېسىپ كەتكەنىدى. دەل شۇ چاغدا ئۈچقۇنئاي:

ـ دادا، قولۇمدىكى توقاچنى ئاۋۇ تىلەمچى بالىغا بېرەيمۇ، ـ دېدى. ھېكمەت:

ـ ھەممىتىڭىزگە رەھمەت بالام، بېرىڭ، بېرىڭ، ـ دېدى.

ئۈچقۇنئاي قولىدىكى ناننى بالىغا تەڭلىدى. بالا شۇنداق بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنىمۇ جاراھەت بېسىپ كەتكەنىدى. ھېكمەت شۇنداق قاراپ چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى بۇ بالا باشقا بىرسى بولماستىن ھېلىقى غوپۇر نىيازنىڭ بېقىۋالغان نەۋرىسى ئەنۋەر ئىدى (غوپۇر نىياز ئەزىمەتنى بېقىۋالغاندا ئىسمىنى ئەنۋەر قويغانىدى). بالا ئۈچقۇنئايغا قاراپ:

ـ مەن تىلەمچى، دىۋانە ئەمەس. مەن ئاتا دىۋانىسى. سىز مېنىڭ دادامنى قايتۇرۇپ بېرىڭ، ـ دېدى.

ھېكمەت يۈگۈرۈپ كېلىپ بالىنى كۆتۈردى:

ـ ئەنۋەر ساڭا نېمە بولدى؟

بالا ھېكمەتنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ:

ـ دادا، جېنىم دادا، سىز مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟ بۇنىڭدىن ئون تۆت يىل ئىلگىرى يوقاپ كەتكەن ئەزىمەت مەن ئەمەسمۇ؟ مېنى تاشلاپ نەلەرگە كەتمەكچىسىز؟ مېنى ئېلىپ كېتىڭ دادا، ـ دەپ زار ـ زار يىغلىدى.

ھېكمەت چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن نەق شۇ چاغدا ئۇرۇمچىدىكى ئاممىۋى مېھمانخانىنىڭ بىر كۆرۈمسىز ياتىقىدا غوپۇر نىيازنىڭ نەۋرىسى ئەنۋەر (يەنى ئەزىمەت) كارىۋات ئۈستىدە چۆچۈپ ئويغاندى-دە، «دادا» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. غوپۇر نىياز ئاپئاق ساقاللىرى تىترىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ بالام، سېنى قارا بېسىپتۇ ـ دە، مېنىڭ بىلەن بىرگە ياتامسەن، ـ دېدى. ئەنۋەر:

ـ ياق، مېنى قارا باسمىدى، بىلەمسىز دادا، ھېلىقى چاغدا بىزنىڭ ئۆيگە كىرگەن ھېكمەت ئاكاش «مەن سېنىڭ داداڭ» دەپ مېنى باغرىغا باستى. مەن ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، «راست، سىز مېنىڭ دادام، دادا مېنى ئېلىپ كېتىڭ» دېسەم ئۇ يوقاپ كەتتى، ـ دېدى.

غوپۇر نىياز خۇددى ئېگىلگەن ھاسسىدەك ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا جىمجىت تۇراتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ۋىجدان يارىسى قاناپ كەتكەنىدى.

ئەتىسى ھېكمەت لوپقا بېرىپ غوپۇر نىيازنى ئىزدىدى. لېكىن ئۆيدە ئادەم يوق ئىدى. قوشنىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ ئايالىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن نەۋرىسى ئەنۋەرنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە كەتكەنىكەن.

5 ـ تومدا يەنە ئوقۇرمەنلەرنى تەقەززا قىلغان ماھىگۈل توغرۇلۇق سۆزلەندى. ئۇ رىشك ـ كۈندەشلىك سەۋەبىدىن ئۇرغۇن دەرد ـ ھەسرەت ۋە پۇشايمان بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتتى. بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەر ماڭا يازغان خەتلىرىدە «ھېكمەت ماھىگۈلنى ئالسا بولاتتى، ئۇ نېمە ئۈچۈن مەھبۇبە بىلەن توي قىلىدۇ؟» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. مېنىڭچە تۇرمۇش ئۆزىگە خاس بىر جەريان. شۇنداق ئىكەن، بەزىدە ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

يەنە كۆپ ساندىكى ئوقۇرمەنلەر مەھبۇبەگە قىزىقىدۇ. ھېكمەت مەھبۇبە بىلەن ئايرىلىپ كېتىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ

كەلدى. مەھبۇبە ئۈچقۇنئايى دېگەن قىزى بىلەن خوتەندە قالدى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن خوتەندە ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى ئېچىلدى. ھېكمەت بۇ يىغىنغا باردى، يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن خوتەندە قالدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېكمەت مېھمانخانىدا يېتىپ مۇنداق بىر چۈش كۆردى؛ چۈشىدە گۈلزىبا:

- ھېكمەت، سىز رېئاللىقتا يۈزلىنىڭ، مەن سىزنىڭ يۈرىكىڭىزنى ئون بەش يىل ساقلىدىم، ھازىر مەن ئۇنى مەھبۇبەگە قايتۇرۇپ بەردىم، - دېدى.

ئەتىسى ھېكمەت سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ گۈلزىبانىڭ قەبرە بېشىغا باردى. قەبرە بېشىدا بېشىغا ئاپئاق ياغلىق سالغان بىر ئايال يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. ھېكمەت يىراقتىن ئۇنىڭغا دىققەت قىلدى. ئايال يىغلىغان ھالدا سۆزلەيتتى.

- گۈلزىبا ھەدە، سىزگە رەھمەت، مەن بۇ دۇنيادا سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلالمىسام، ئۇ دۇنيادا قىلىمەن. سىز ماڭا ھېكمەتنى قايتۇرۇپ بەردىڭىز، كېچىدىن چۈشۈمدە شۇنداق ئايان بولدى، ئەمدى ئۇ قايتىپ كېلىدۇ، ئەمدى مەن ھېكمەتنىڭ قەلب سارىيىغا ھەقىقىي ساھىبجان بولىمەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھېكمەتمۇ بۇقۇلداپ يىغلىدى، ئايال ئورنىدىن تۇردى، ئۇ مەھبۇبە ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھېكمەت تۇراتتى. ھېكمەت:

- مەھبۇبە مېنى كەچۈرەمسىز؟ - دېدى.

مەھبۇبە ئۈن - تىنسىز ھالدا ئۇنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ ھېكمەت مەھبۇبەنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدى. ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتكەندە مەھبۇبەنىڭ خىزمىتىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەش ئىشى ھەل بولدى. ئۇ خوتەندىكى خىزمەت رەسمىيەتلىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. لېكىن ئۈچ كۈندىن كېيىن ھېكمەتكە بىر شۇم خەۋەر كەلدى. مەھبۇبە يول ئۈستىدە ماشىنا ۋەقەسى بىلەن قازا قىلغانىدى.

روماننىڭ ئاخىرىدا ھېكمەت يۇرتىنى كۆرۈش ۋە تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن غۇلجىغا باردى. بۇ چاغدا ماھىگۈلمۇ سەييارە داۋالاش خىزمىتى بىلەن غۇلجىغا بارغانىدى. ئۇلار غۇلجىدا ئۇچراشتى ۋە تۇغقانلىرىنى يوقلاش ئۈچۈن يېزىغا چىقتى. بىر كۈنى ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى شۇ يەرنىڭ داۋىيجاڭىنىڭ ئۇلارنى ئۆيىگە چاقىرغانلىقىنى، بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار داۋىيجاڭنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ھەيران قېلىشتى، چۈنكى داۋىيجاڭ باشقا بىرسى ئەمەس مەتمۇسا ئىدى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

**سوئال:** ئەسىرىڭىزنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ زور ئالقىشىغا ئىگە بولۇشىدىكى ئاساسىي ئامىللارنى نېمىلەردىن ئىبارەت دەپ قارايسىز؟

**جاۋاب:** مەن ئەسىرىمدە ئۆز زامانىسىدىكى تارىخنى بوياپ كۆرسەتمىدىم، ئۇنى يېزىش جەريانىدا چىرايىم تاتارمىدى، نېمە بولسا شۇنى يازدىم، ئەسەردىكى ۋەقەلەرنىڭ چىنلىقىغا ئوقۇرمەنلەر ئىشەندى. ھەتتا بىر ئوقۇتقۇچى ئاغىنەم تېلېفون بېرىپ «غۇلجىدىكى ئوغلۇڭ ئەزىمەت شۇمۇ؟» دەپ سورىدى.

**سوئال:** ئەسىرىڭىزنىڭ ئاخىرى قاچانلاردا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ؟

**جاۋاب:** ئەگەر سالامەتلىكىم ياخشى بولۇپ بەرسە ئاخىرى كېلەر يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ.

**سوئال:** ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن خەتلەر سىزدە قانداق تەسىراتلارنى پەيدا قىلدى؟ سىز ئۇلارغا جاۋاب يازدىڭىزمۇ؟

**جاۋاب:** نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەردىن خەت ئالدىم، ئۇلارنى ئوقۇپ ھەقىقەتەن كۆپ تەسىرلەندىم. خەتلەر ماڭا نىسبەتەن ناھايىتى زور ئىلھام ۋە مەدەت بولدى. ئەنە شۇ سەممىي خەتلەر ئارقىلىق ئىجادىي ئەمگىكىمنىڭ مەن ئويلىغاندىنمۇ ئارتۇق قەدىرلەنگەنلىكىدىن سۆيۈندۈم. بەزى خەتلەر ئەسىرىمنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىنىڭ يېزىلىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى. مەسىلەن: غۇلجىدىن كەلگەن بىر قىسىم خەتلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەسىرىمگە «كىندىك قان تۆكۈلگەن يەرلەر» دېگەن بىر باب قوشۇلدى.

## ليېغان بۇلاق

**(شۇ ناملىق روماننىڭ 5 - تومىدىن پارچە)**

### ماھىگۈلنىڭ ھېكمەتكە يازغان خېتى

ۋاپاسىز قارا كۆڭۈلگە!

«ھېكمەت، مەن بۇ خەتنى يېزىۋاتقىنىمدا دەھشەتلىك ئىزتىراپتىن بېشىم گويا ۋاڭگىدە ئېتىلىپ كەتكۈدەك چىڭقىلىپ پۈتۈن تېنىم غەزەپ - نەپرەتتىن لەرزىگە كېلىپ، كۆزلىرىمدىن ئوت - چېقىنلار چاچراپ، پېشانەمدىن سوغۇق تەر تۆكۈلۈپ ئۆزۈمنى يوقاتقان ئەسەبىيلىك گىردابىدا تۇرۇۋاتىمەن! بىراق خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈر، ئەقىل - ئىدراكىمدىن ئايرىلىپ قالغىنىم يوق!... ئۇ ھېلىھەم بولۇپ ئۆتكەن ساختىلىقلارنى، بۈگۈنكى رەزىللىكلەرنى زەررىچە بولسىمۇ ئەسكە ئالالىغۇدەك كۈچ - مادارغا، تىرىك قالغان نېرۋىلارغا ئىگە ئىكەن!...

ھېكمەت، سىز مېنى ئۈرۈمچىگە بېسىم بىلەن

ماگدۇرغىنىڭىزغا (كۆزدىن يوقاتقان خۇشاللىقىڭىزغا) توپتوغرا ئۈچ يىلدىن ئېشىپتۇ، بۇ يىللاردا نېمىلەر بولۇپ ئۆتمىدى؟ قانداق پاجىئەلەر قارار تاپمىدى؟ ئەگەر مېنىڭ تۆككەن ياشلىرىم سەل بولۇپ ئاققىنىدا جاھاننى توپان سۈيى باسقان بولار ئىدى! ئاتەشلىك ئاھلىرىم سىڭگەن خەتلىرىم، سىزنىڭ قارا كۆلەڭگىڭىزدىن ئۆرتىنىپ كۆيگىنىدە ئالەم قىپقىزىل ئوت ئىچىدە تاۋلىنار ئىدى! مېنىڭ چەككەن پىراقلىرىمدىن گۈل - گىياھ، تالى - مەجنۇن، سەرۋەر - چىمەنلەر سارغىيىپ بەرگى خازان پەسلىگە كىرگەن بولاتتى. بىراق سىز غەيرىيلەرنىڭ تىكەنلىك باغلىرىدىن گۈل ئۈزۈپ زەھەر - زوقۇملىرىنى شەربەت دەپ بىلىپ بەخىرامان كۆكۈل سەيلىسى قىلىپ يۈرگەچكە ھەممىنى ئۇنتۇدىڭىز! مەندەك بىغۇبار، پاك مەسۇمەنى قەلب بوستانىڭىزدىن يۇلۇپ تاشلىدىڭىز، كۆز قارىچۇقلىرىڭىزدىن ئۆچۈردىڭىز، ھەتتاكى مەرھۇم ئاچامنىڭ ئۆلۈمى سىز ئۈچۈن بەجايىكى توي، تەنتەنىلىك بايرام بولدى!...

مەن نېمىدېگەن سادا، ئەقىل لال قالغۇدەك ئەخمەقتۇرمەن! ئۆتكەن ئاشۇ يىللاردا سىزنى ئويلىمىغان بىرەر دەقىقە، مىنۇتلىرىم بولمىدى!... يازنىڭ زېرىكەرلىك ئۇزۇن كۈنلىرى، قىشنىڭ ئادەم سەسكەنگۈدەك تاڭ ئاتماس تۈنلىرى سىز ھامان، ھامان قېشىمدا ئىدىڭىز، ئۇيقۇ كارۋىنى بېسىپ نەم كىرپىكلىرىم يۇمۇلسىمۇ سىز يەنىلا كۆكۈل قەسرىمدە كۈلۈپ تۇراتتىڭىز. «ئەزىمەتنى باغرىمغا تېڭىپ، گۈلزىبا ئاچامنىڭ روھىنى خۇش قىلىمەن!» دېگەن ئەھدىلەرنى قانچە - قانچە قېتىملاپ زىكرى قىلغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. تىلەكلەرگە تولغان خىياللار، مۇشكى - ئەنبەر پۇراق چاچقاندەك تاتلىق ئەسلىمىلەر ھاياتىمنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ قالغاچقىمۇ چۈشلىرىمدىن چىقمايتتىڭىز... سىز ھامان ماڭا مەمنۇنىيەت بىلەن باش لىڭشىتىپ ئىللىق تەبەسسۇم قىلاتتىڭىز، ناۋادا بىرەر كېچە چۈشلىرىمدە ئايان بولمىسىڭىز، گويايىكى بۇ دۇنيادا ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغاندەك بەختسىزلىك، ناتىۋانلىق مېنى ئۆز قۇچاقلىرىدا قىينايتتى. شۇنداق، ئۇ چاغلاردا شېرىن ئارزۇ، تاتلىق ئۈمىدلىرىم دەريا بولۇپ ئاققانىدى! مانا ئەمدىلىكتە قەلبىم قۇپقۇرۇق، كۆكۈل باغلىرىم ياپراقسىز، گۈل - چېچەكسىز ھۇۋۇلداپ قالدى!

ھېكمەت! مەن سىز ئۈچۈن ئاچچىق ياشلارنى تۆككىنىم، تالاي - تالاي ھەسرەتلەرنى چەككىنىم راست. ئەمما ھازىر ئۇلارنى ئويلىسام پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئېچىنىشتىن ئوت بولۇپ يانىدۇ. نېمىشقا دەمسىز؟ سىز ئۇ چاغلاردا ئوقۇمۇشلۇق، نازۇك تەبىئەتلىك، شېرىن سۆزلۈك، رەسمىي - يوسۇن تەكەللۇپلارغا تولىمۇ ئۇستا، ۋاپادار، ياخشى خۇيلۇق يىگىت ئىدىڭىز. مەن سىزنىڭ دىيانەت، پاكلىق ئۈچقۇنى بىلەن يانغان قەلبىڭىزنىڭ مېھىر - سەممىيىتى نۇر بولۇپ تۆكۈلۈپ، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئاجايىپ كۆزلىرىڭىزگە ئىشىنەتتىم. لېكىن ھەمىشە ئىلھام، پىكىر، مۇھەببەتنىڭ تازا نۇرى بىلەن يانغان كۆزلىرىڭىزنىڭ تەكتى سەھراسىدا مۇناپىقلىق بىخلىرى بىخلانغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن!

ئاچامنىڭ مەجبۇرىي تويى قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ بىخ نوتا سۇرۇپ كۆزگە چېلىقتى. «توۋا، بۇ تۆھمەتنى» دەپ ياقىڭىزنى تۇتماڭ! ئېسىڭىزدىمۇ، مەن يىگىرىق سۇ ئامبىرىغا ئاچامنىڭ توي خەۋىرىنى ئېلىپ چىققىنىمدا سىز راست - يالغاندىن لايغا ئۆزىڭىزنى ئېتىپ، يىغلاپ قاقشىغاندەك بولدىڭىز (ھەرھالدا ئوخشاتتىڭىز). مەن: «ھېكمەت ئاكا، ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز؟» دەپ سورىغىنىمدا، سىز ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك: «نېمە قىلىشنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، قۇربان ھاكىم كەلگەندە بىر گەپ بولار» دەپ سۇسلا جاۋاب بەردىڭىز. ئۇ چاغدا مېنىڭ يولدا كەلگۈچە «ھېكمەت ئاكام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كېتىدۇ، ھەتتا ئەسەبىيلەرچە شەھەرگە يۈگۈرىدۇ ۋە كېرىموفنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپ چوڭ ھادىسە تۇغۇلىدۇ» دەپ ئويلىغانلىرىم كۆپۈككە ئايلانغانىدى. بىز ھەممىمىز كۈلپەت ئىچىدە ئۆرتىنىۋاتقان، گۈلزىبا ئاچام ئۆلۈم خېتى يېزىپ قويۇپ ياش ھاياتىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئازابلىق كۈنلەردە، سىز شەھەرگە كىرىپ توي ئويىنىدىڭىز. ئۇنتۇپ قالمىغانسىز، قۇربان ھاكىمنىڭ قىزى ماھنۇرنىڭ تويىدا گۈلباغ رەستىلىرىنى چاڭ كەلتۈرۈپ گارمۇن چالدىڭىز، ناخشا ئېيتتىڭىز! بۇنداق كۆڭلى قارىلىق قىلىشىڭىزنى كىممۇ ئويلاپ يەتكەن؟! شۇ چاغدا بىچارە ئاچام دەرەخ دالدىلىرىدا، تام ياقىلىرىدا يۇم - يۇم ياش تۆكۈپ سىزگە تەلمۈرۈپ يۈرگەنلىرىدە سىز ئۇنى ئويلاپ قويدىڭىزمۇ؟! ئەدناسى، ئۇنىڭ باغرىدىكى بالىڭىزمۇ ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنمۇ؟! ئېھتىمال سىز ئۇنى «بۇلغاندى» دەپ كۆكۈل دەپتىرىڭىزدىن ئۆچۈرۈۋەتكەن بولغىيدىڭىز، بىراق بىلىپ قويۇڭكى، ئاچامنىڭ پاك مۇھەببىتى، سىزگە ۋاپادار دىيانەتلىك قەلبىنىڭ پىنھانلىرىدا، يۈرىكىنىڭ قات - قاتلىرىدا ئىدى! بىراق سىز ئۇنىڭ ئەقىسىدىنى پايخان قىلىپ، ئۆزىنى خازان قىلدىڭىز، ئۇ سولدى، سارغايدى، قۇرۇدى، خەستە تۇپراققا ئايلاندى! ئەمما گۈلنىڭ تونى قىرىق يارماق، يوپۇرماقلىرى يىرتىق بولسىمۇ، ھۆسنى پاكىز بولغىنىدەك ئاچامنىڭ بارلىق كۆرۈنۈشى پاك يۈرىكىدە ئىدى. ھېلىھەم ئېسىمدىن چىققىنى يوق، ماھنۇرنىڭ تويى بولۇپ ئەتىسى ئەتىگەندە مەھبۇبە ماڭا ھەجىيىپ تۇرۇپ: «ئاخشام قاراشال يىپىنغان گۈلزىبا ئاچام بىر دەستە گۈلنى ھېكمەت ئاكامغا سۇنغانىدى، ئۇ قوبۇل

www.uyghurkitap.com



قىلمىدى» دەپ مېنىڭ يۈرەك - باغرىمنى ئۆرتۈەتتى. ئەجەبا، ھەممىڭىزنىڭ ئاسمىنىنى شۇنچە تېز بولۇت قاپلاپتۇ. قېنى سىزدىكى سۆيگۈ ئىرادە، يوروقلۇق سۇلىرىغا قاراپ قىلغان قەسەملىرىڭلار شۇ چاغدىلا ئېقىن بىلەن بىللە كەتكەنمۇ؟! دەرەخ غولىغا ئويۇلغان قوش يۈرەك ۋاپادارلىقنىڭ سىمۋولىمۇ ياكى ۋاپاسىزلىقنىڭ نىشانىسىمۇ؟!

ۋاپاسىز ھېكمەت! مەن «يۈرەكنىمۇ تۆمۈردەك دات باسىدۇ» دېگەن تەمسىلنى ئاڭلاپ ئەجدادلىرىمىزدىن كۈلگەنىدىم. ئەمدى ئويلىسام ئۇلار توغرا ئېيتىپتىكەن. يۈرەكنى داتلا ئەمەس، بەلكى قۇرت يەيدىكەن، چىرىيدىكەن، ھەتتا بىر پارچە سېسىق گۆشكە ئايلىنىدىكەن! مەن شۇنىڭغا دىققەتمەنكى، گۈلچېنئاينىڭ پۈشۈك توپى بولغان كۈنى مەھبۇبە: «ھېكمەتكامنىڭ گارمۇنىنى ئاڭلىغۇم بار» دەپ يىلىنسا مەنمۇ ئۇنى بىللە ئېلىپ كەپتىمەن، ئۇنىڭ ھە دېسىلا ئۇششىكتىن مارىشى، كۆزلىرىنى يالت - يۇلت ئويىنىتىپ مېھمانخانىغا قارىشى، دېرىزىلەردىن بويۇنداپ قىزىرىپ كېتىشى مەندە غەيرىي خىياللارنى تۇغدۇرغانىدى. دېگەندەك سىز مېھمانخانىدىن چىقىپ ھويلىدىكى كارىۋاتتا ئۇششاق باللارنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرگەن بولۇپ ئولتۇردىڭىز. مەن ئىچىمدە: «گۈلزىبا ئاچامنىڭ يوقلۇقى تەسىر قىلدى» دەپ ئويلىغانچىقا، سىز ھەققىدە كۆڭلۈمدە ھېچقانداق شۈبھە كەچكەن ئەمەس ئىدى. لېكىن ھازىر شۇ چاغدىكى سىزنىڭ ئاشخانىدا چىنە - قاچىلارنى يۇيۇۋاتقان مەھبۇبەگە كۆز قىرىڭىزدا قاراپ قويغان ھالەتلىرىڭىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، سىز مەقسەتلىك ھالدا «ئوۋ» ئوۋلاپ چىققان ئىكەنسىز! خۇددى باختىشىنىڭ دېپى يېرىلسا، گەردىشى مايمۇنغا ئويۇنچۇق بولغىنىدەك، گۈلزىبا ئاچامنىڭ ئۆلۈمى ھەر ئىككىڭلارغا بايرام شادلىقى بولغان! ئېھتىمال سىز «مەھبۇبەنىڭ قارا نىيىتىدىن بۇرۇن خەۋىرىم يوق ئىدى» دەپ ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇشىڭىز مۇمكىن. ئەجەبا، لوپتا ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ يۈرگەن چاغلىرىڭلاردىمۇ ئۇ ئىپلاس ئەزىمەت توغرۇلۇق زوۋان سۇرمىدى! كىرىمووف ھىيلە- مىكىر بىلەن پەيدا قىلغان توي خېتىنى قويىنىدىن چىقارغاندا، ئۇنىڭغا شاھىد بولغان ئۈچ قىزنىڭ ئىچىدە مەھبۇبەنىڭ بارلىقىنى بىلمەمسىز؟ ھەتتا بۇ ئىبلىسنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىق خېتىنىڭ كاساپىتىدىن ئاچامنىڭ سوتتىن قان قەي قىلىپ چىققانلىقىدىن خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟! سوتتىكى شۇ زەربىدىن كېيىن ئاچام كۈن تەگمىگەن گىياھتەك كۈندىن - كۈنگە سولىشىپ، سارغىيىپ ئۆرە بولالمىدى...

ھېكمەت! سىزدە تۇراقلىق پىكىر، تەۋرەنمەس مەۋقە ئەسلا بولمىغان، بولمىسا مەھبۇبەنىڭ شۇنچە رەزىللىكلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ توي قىلارمىدىڭىز؟ بوپتۇ، بۇرۇن «بىلمىدى» دەيمۇ پەرەز قىلايلى، لېكىن توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەزىمەتنىڭ سېتىلىپ كېتىش پاجىئەسىدە مەھبۇبەنىڭ قولى بارلىقىنى بىلدىڭىز، شۇنداق تۇرۇقلۇق بىر چاياننى قويىنىڭىزدا ساقلاپ كېلىۋاتىسىز، ھەتتا بىر قىزىڭىزمۇ بولدى. بىلىپ قويۇڭ، ئۇ سىزنىڭ قىزىڭىز بولسا، ئەزىمەت كۆز ئېچىپ كۆرگەن يۈرەك پارىڭىز، تاقەتسىز تەلپۈنگەن ئىككى قەلبنىڭ چىن مۇھەببەت مېۋىسى، تاتلىق شەربىتى ئىدى. ئەگەر مەھبۇبە دېگەن نىيىتى بۇزۇق ئەزىمەتكە قىلغان سۇيىقەستىنى ئۆز ۋاقتىدا دېگەن بولسا، ئانام ۋاقىتسىز ئۆلەرمىدى، ئۇكام نەبىنىڭ ياشلىق چىرايى بۇزۇلۇپ، شۇنچە دىشۋارچىلىق تارتامدى، ئەزىمەتمۇ ئۆز ۋاقتىدا تېپىلماسمىدى؟ شۇنچە قارا يۈزلۈكلەرنى قىلغان بۇ پاسكىنىنىڭ نەزىرىدە بىز «دىۋانىلەر»، «كېسەل كۆرپىلىرى» بولدۇقمۇ، سىز قىلغان ھەممەتلىرىڭىزنى ماختىنىپ ھېكايە قىلمىسىڭىز، بۇ رەسۋانىڭ ئاغزىدىن ئاشۇنداق سېسىق پوق ئاقارمىدى؟!

ھېكمەت! جان - جىگەر ئوغلىڭىزنىڭ يوقاپ كېتىشى، ئۇنىڭ دەردىدە ئانامنىڭ ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتۈشى، نەبىنىڭ چۆل - باياۋانلاردا، يات يۇرتلاردا سەرسانە، دىۋانە، قەلەندەر بولۇپ ئۆكسىنى ئىزدەپ تارتقان رىيازەتلىرى كۆز ئالدىڭىزغا كەلگەندە ۋىجدان ئازابى ھېس قىلمامسىز؟! بەلكىم سىز ئەزىمەتنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىگە خۇش بولدىڭىز، ئەگەر ئەزىمەت بولغان تەقدىردىمۇ «چىرايلىق خوتۇنىڭىزنىڭ ئالدىغا «سوغۇق زەللە» قىلىپ قانداق ئاپىراتتىڭىز؟! «چىرايلىقنىڭ نازى دىۋنى پىلىنىڭ قىلالايدۇ» دېگەن تەمسىل بارغۇ. بولدى بەس، مەن بۇنداق سۆزلىسەم، سۆزنىڭ كاللەك يىپى ئۆزۈلمەي چۇۋۇلغۇدەك... قىسقىسى، سىز بۇ دەلىللەر ئالدىدا دىيانىتىڭىزنى، پەزىلىتىڭىزنى ئەخلاق تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچەپ كۆرۈڭ!»

## مەھبۇبەنىڭ تۈرمىدىكى نەبىگە يازغان خېتى

جاپاكەش ئۇكام نەبى!

«مەن خېتىمنى سەن ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزۈم ئۈچۈن پۈتۈۋاتىمەن. سەن پۈتكىن - پۈتمىگىن بۇ گېپىم راست، نېمە ئۈچۈن دەپ سورىمامسەن؟ مەن ساددىلىقىمدىن، گۆدەكلىكىمدىن، شەخسىيەتچىلىكىمدىن ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىم، گۇناھلىرىم، رەزىللىكلىرىمنى ئەخلاق تارازىسىغا سېلىپ دەڭسەپ كۆرمەكچىمەن. مەن زادى مۇشۇ ئازغىنا ھاياتىمدا «ئادەمدەك ياشىدىممۇ يوق؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب تاپماقچىمەن. مەن بۇ خەتنى ساڭا پۈتىشتا كۆپ ئويلاندىم، ئەخلاق مىزانلىرىدىن چەتلەپ

كەتتىممۇ قانداق؟ دەپ ئۆز - ئۆزۈمدىن سورىدىم. ئەمما يۈرىكىم ماڭا: «نەبىمۇ چوڭ بولدى، ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈچىلىكى بار» دەپ مەدەت بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈرەك باغرىمنى ئۆرتەپ كېلىۋاتقان بىر - بىرىگە زىددىيەتلىك، قارىمۇقارشى بولغان سەرگۈزەشتىلەرنى ئەينەن قويۇۋالمىسام ھېكمەت، ماھىگۈل ھەم سىنىڭ ئالدىڭدا ئەبەدىلئەبەد قارا قاغا بولۇپ قالغۇدەكمەن، شۇڭا ھايا - نومۇسنى بىر چەتكە قايرىپ قىلىنلىق قىلىشقا توغرا كەلدى.

مەن ئون ئالتە يېشىمدا ھېكمەتكە ئاشىق بولغىنىم راست، بۇنى مەن شالاقلىق دېيەلمەيمەن. دەسلەپتە كۆرمىسەم ئۆلتۈپ كېتەرمەن دەپ ئويلىدىم، نەدىكىنى، ئۇ ھەرقاچان خىيالىمدىن چىقمايدۇ، تەنھا قالغانلىرىمدا سېغىنىمەن، ئويلايمەن، ناھايىتى كۆپ ئويلايمەن! مەن ئۇنى ساراڭلارچە ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. ھېكمەت ھەر شەنبە بوستاندىن كېلىپ بولغۇچە مەكتەپتىن قېچىپ بولسىمۇ گۈلباغدا ساقلايتتىم، ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنگەن ھامان ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ياكى ئالدىغا ئۆتۈپ قايرىلىپ قاراپ ماڭاتتىم، ئۇ گۈلزىبا ئاچامنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا، خۇددى قوزىسىنى يوقاتقان كېيىكتەك بويۇن قىسىپ قالاتتىم... مېنىڭ تۇتقۇدەك ساپىقىم، ئېسىلغۇدەك ئېلىنچۇكۇم بولمىسىمۇ، قەلبىمدە نېمە ئۈچۈندۇر ئاجىز ئۈمىد يىپى ئۆمۈچۈك تورىدەك ئېسىلىپ تۇراتتى. مەن سېغىنىش پىراقلىرىمغا توي - تۆكۈن، مەرىكىلەردىن داۋا تاپاتتىم، چاقىرسىمۇ، چاقىرمىسىمۇ باراتتىم. ئېيتىڭە نەبى، خۇدا كۆڭۈلگە سالغان ئىشق - سەۋدانى كىممۇ ئەيىبلىيەلىسۇن؟! لېكىن مەن قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلالايمەنكى، ھېكمەتنى غايىبانە ياخشى كۆردۈم، گۈلزىبا ئاچام ھەققىدە پىتنە - پاسات تارقاتمىدىم، پەقەت گۇناھ ھېسابلانسا، ھەسەت قىلغىنىم راست! كېيىن گۈلرۇزنىڭ سۈيىقەستلىك ئېرىقىغا سۇ ياقلىغىنىمغا ئۆزۈم ئىقرار (مەن بۇ ترغرۇلۇق ئۆز ۋاقتىدا ھېكمەتكە دېگەنىدىم). مەن يەنە بىر رەزىللىكنى دادىللىق بىلەن ساڭا دەپ بېرەي: ئەگەر گۈلرۇزنىڭ سۈيىقەستى ئىشقا ئاشسا، ھېكمەت گۈلرۇزنى ئالمايتتى، بۇ يەردە ئەڭ خەتەرلىك رەقىب ماھىگۈل ئىدى، ئۇ ماڭا رەقىب بولغىنى بىلەن مەن ئۇنىڭغا كۈشەندە بولمايتتىم، چۈنكى ئۇ ھەممە تەرەپتىن مەندىن ئۈستۈن تۇراتتى. گۈلزىبا ئاچام تۈگىگەندىن كېيىنمۇ بۇ رەھىمسىز رېئاللىق مېنى داۋاملىق ئازابلاپ تۇردى. قىش - زېمىستانلاردا تاماق ئېتىپ قوشكۆلگە يوقلاپ چىقسام، ئۇ قوپاللىق بىلەن: «سىز كىم بولىسىز؟ مەن سىزنى تونۇمايدىكەنمەن» دەپ گەمگىمۇ باشلىمىدى. ئەگەر مۇرات ئاچچىقلىمىغان بولسا ئۇ مېنى ئاشۇ ئايدالادىنلا يولغا سېلىپ قويغان بولاتتى. ھېكمەت سامبۇسىدىن (كۆڭلۈم ئۈچۈن) بىرنى يەپ بولۇپ: «بۇنىڭدىن كېيىن كەلگۈچى بولماڭ، بۇ يەردە تۇزۇمىمىز قاتتىق» دەپ ھەيدىۋەتتى. قوشكۆلدىكىلەر شەھەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەن خېلى يېقىنلىشىپ، ئۇزۇنۇپ باققان بولسامۇ ئۇ، كۆز قىرىنى سالمىدى. نەبى ئۇكام، مەن مۇھەببىتىم يولىدا ھارماي - تالماي ئات سالغىنىم راست، بىز لوپتا ئىنقىلاب قىلغان ۋاقتىمىزدا، مەن ئۇنىڭدا ئەخلاقىي جەھەتتىن ياخشى تەسىراتلارنى قالدۇرۇپ، ئارىمىزدىكى توڭ خېلى ئېرىگەندەك بولدى. بىراق ماھىگۈلدىن ئەنسىرەپ تۇراتتىم، بۇ توغرۇلۇق ئېنىق جاۋابقا ئېرىشەلمىسەملا نېمە قىلىشىم ماڭا ئايان بولاتتى. شۇڭا، بىر كۈنى مەن ئۇنىڭ ئۆيلىنىشى ھەققىدە گەپ ئېچىپ: «دوستلىرىڭىز بىرەر قىزنى كۆرسەتكەنمىدى؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ماھىگۈلنى سايە قىلىشقاندى، ئۇغۇ پەزىلەتلىك قىز... ئۆزۈممۇ... لېكىن...» دەپ توختاپ قالدى. مەن ئاسماقچىلاپ: «ئۇ سىزنى ياخشى كۆرمەمدۇ؟» دېدىم. ھېكمەت: «بۇنىڭ ئەكسىچە!... ئەمما ماھىگۈل بىر تۇغقان سىڭلىمدەك بولۇپ قاپتىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇقۇغۇچىم تۇرسا...» دېدى. مەن ئۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ۋارقىرىۋەتكىلى، ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلغىلى تاسلا قالدىم. چۈنكى ھېكمەتنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتى ياخشى كۆرۈشنى تەرك ئېتىپ، «سىڭلىسى»، «ئوقۇغۇچىسى»غا ئۆيلىنىشكە ئىجازەت بەرمەيدىكەن...

ئۇكام نەبى، مەن قىلىنلىق قىلىپ يۈرەككە تالىق سىرلارنى ئاشكارىلىۋەتكىنىمدىن ئەجەبمۇ نومۇس قىلىۋاتىمەن، ئامالىم قانچە، مېنىڭ مەڭگۈ مايلىق قاپاق بولۇپ قالغۇم يوق! شۇنىمۇ ئىقرار قىلىشىم كېرەككى، مەن ھېكمەتنىڭ ماڭا ئېگىلمەيدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتكەندىن كېيىنلا دوستلىرىنى ئىزدىدىم. كامىل، مۇرات، زۇمرەت، نەفىسەلەر ئۇنى قىستىدى. ئەزەلدىن دوستلىرىنىڭ لەۋزىنى يەرمىغان ھېكمەت ئاخىرى ئۆزىنى قۇربان قىلدى. ئەرلەر ئۇزاپ ماڭغان چاغدا، ھېكمەت بىلەن مۇراتنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى! مەن شۇ چاغدىلا ھېكمەتنىڭ مېنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسامۇ، تېگىۋالساملا بولدى، كېيىنكى تۇرمۇش ئۆزلۈكىدىن ياخشىلىنىپ كېتىدۇ، دەپ خام ئويلىغانىكەنمەن... بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىش يادىمغا كەلسىلا ھەم كۈلگۈم، ھەم يىغلىغۇم كېلىدۇ. بىر كېچىدە ھېكمەت «گۈلزىبا... زىبا...» دېگىنىچە جۆيلۈپ تۇرۇپ كەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇمۇ، مەنمۇ جىمىپ قېلىشتۇق، ئۆي ئىچىدە ئۇشۇق - تۆشۈك سۆز بولۇنمايتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ سوراپ تۇرۇۋالدىم. ھېكمەت مېنى ياخشى كۆرمىگىنى بىلەن كۆڭلۈمنى ئايايتتى. ئۇ ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كېتىپ:

ـ ماگىزىنغا كىرىپ «ئاۋۇ چۆگۈن نەچچە پۇل دېسەم، مۇنچە پۇل» دېدى. «ئاله پۇلۇڭنى، ئەكە چۆگۈننى» دەپ ئېلىپ چىقىۋاتسام، قاياقتىندۇر پەيدا بولۇپ قالغان گۈلزىبا: «چۆگۈننى نېمىشقا ئالدىڭىز؟» دەپ ئۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا قانچە قىلىپمۇ چۈشەندۈرەلمىدىم، ئۇ ئارقىغا ئۆرۈلۈپلا كېتىپ قالدى. قانچە ۋارقىرىساممۇ توختىمىدى... ـ دەپ سۆزلەپ بەردى.

مەن ئۆزۈمچە تەبىر بېرىپ: «گۈلزىبا ئاچام ئۇ دۇنيادىمۇ سىزنى ئويلايدىكەن، ئۇشۇق نەرسىگە پۇلنى بۇزماڭ دېگەن بېشارەتنى بەرگەن چېغى» دەپ قويدۇم. بىراق بۇ چۈشنىڭ مەنىسىنى بەكمۇ كېچىكىپ چۈشەندىم. ئەسلىدە ئۇنىڭ سېتىۋالغان چۆگنى مەن ئىكەنمەن، راست ئەمەسمۇ، نە نەپرىتى، نە مۇھەببىتى بولمىغان بىر قىزغا تەقدىرىنى باغلاش خۇددى: «ئاله پۇلۇڭنى، ئەكە چۆگۈننى» دېگەندەكلا گەپقۇ.

پۈكۈلۈپ ئولتۇرغان ماھىگۈل بەللىرىنىڭ ئاغرىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمىگەنىدى. چۈنكى ئۇ بەخت ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ بەختسىزلىككە دۇچار بولغان بىر قىزنىڭ خۇددى ئېچىقلىق تۇرغان خاتىرىدەك يۈرىكىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ماھىگۈل چېچەكلەپ كەتكەن شاھنىڭ پىلىكىنى پەرلەپ، بىلىنى رۇسلىدى ـ دە، خەتنىڭ داۋامىنى دوم يېتىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«جېنىم ئۇكام نەبى، خېتىم بەكمۇ ئۇزاپ كەتتى،



ئۆزۈمنىڭمۇ ئەزەلدىن زېھنىم گال بولغاچقا پىكىرلىرىمنى يىغالمايۋاتقان بولسام كېرەك. مەن مۇھەببىتىم يولىدا زىيازەتمۇ چەكتىم، گۇناھقىمۇ پاتتىم... لېكىن ئېرىشكىنىم بەختسىزلىك! ئەزىمەت ئىشىدا ئۆزۈمنى بىر ئۆمۈر كەچۈرەلمەيمەن. شۇ چاغدا مېنى شەيتان ئازدۇرمىغان بولسا، ھېكمەتنىڭ قەلبىدە زەررىچە بولسىمۇ ئىسسىق ئورنۇمنى تاپقان بولاتتىم، ئەڭ بولمىسا ئۇنىڭ يۈرىكىدە توڭلاپ كەتكەن مۇزلارنىڭ بىرەر پارچىسى ئېرىگەن بولار ئىدى. سەنمۇ ئىككى يىل يۇرت كېزىپ كىشىلەر بوسۇغىلىرىدا بوينۇڭنى قىسىپ، تىلەمچىلىك كوچىلىرىدا تېنەپ ـ تەمتىرەپ ياشلىق ھاياتىڭنى نابۇت قىلمىغان بولار ئىدىڭ (بۇ توغرۇلۇق سەن ئۈرۈمچىدىن كەلگەندىلا كەچۈرۈم سورىغانىدىم). مەن دېۋەڭنىڭ ئۆمرى خاتالىق ئۆتكۈزۈش، توۋا قىلىش بىلەن ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ. بەزى چاغلاردا «تىلىم يوق گاچا تۇغۇلۇپ قالغان بولسامچۇ» دەپ ئويلاپ كېتىمەن، مانا بىر ئېغىز سۆزۈم بىلەن سەن تۈرمىدىكى مەھكۇمغا ئايلاندىڭ. كۆڭلۈڭنىڭ ياخشىلىقىدىن تېخى ماڭا: «ئاچا، تولا يىغلاپ ئۆزىڭىزنى ئەيىبلەۋەرمەڭ، مېنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ قېلىشىمغا گۈلرۇزنىڭ ئۆلۈمى سەۋەب بولمىدى» دەپ تەسەللى بەردىڭ... ساڭا رەھمەت، مىڭ مەرتەم رەھمەت! ئالماستەك پاكىز كۆڭلۈڭگە رەھمەت! خۇدايىم پاك بەندىلىرىنى ئاپىرىدە قىلىشتىن بۇرۇنلا ياخشىلىق، ساخاۋەت نۇرلىرىنى زوۋۇلىسىغا قېتىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ. گەرچە سەن كۆڭلۈمنى ئاۋۇتقان بولساڭمۇ، ئەمما مېنىڭ يۈرىكىمنى پۇشايماندىن ئىبارەت بىر مەرەز چاڭگاللىرىغا ئېلىۋالدى، ھەر مىنۇت، ھەر دەقىقە نەشتەرلىرىنى سانجىغىنى سانجىغان...

ئەقىللىق ئۇكام نەبى! بىز ئاياللارنىڭ قورسىقىغا بالا پاتقان بىلەن بىر ئېغىز گەپ پاتمايدىكەن، بىر گەپ بىلەن سەمىرىپ، بىر گەپ بىلەن ئورۇقلاپ كېتىدىكەنمىز، غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىشمىساق يېگەن نېنىمىز تېنىمىزگە سىڭمەيدىكەن، رىۋايەتتە شۇنداق دېيىلىدىكەن: ھاۋا ئانىمىز «بۇغداي دېگەن مېۋىنى يەيمىز» دەپ تۇرۇۋاپتۇ، ئادەم ئاتىمىز «بۇنى پەرىشتىلەر يەپ سالماڭلار دېگەن» دېسە، ھاۋا ئانىمىز ھەر كۈنى ۋىتىلداپ، كوتۇلداپ ئادەم ئاتىمىزنى جاق تويغۇزۇپتۇ. ئاخىرى ئۇلار بۇغدايدىن بىر تىلىم يېگەنىكەن، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىستاپ جەننەتنى بۇلغاپتۇ، ئاخىرى پەرىشتىلەر ئۇلارنى جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىپ، بىرىنى مەغرىبكە، بىرىنى مەشرىققە تاشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ھاۋا ئانىمىزنىڭ ۋىت ـ ۋىتلىكىدىن ئۇلار قىرىق يىل ئايرىلىپ كېتىپتۇ. بىز ئاياللارغا بۇ ئۇدۇم پۇشتىمىزدىن قالغان چېغى، سېنىڭ تۈرمىگە كىرىپ قېلىشىڭغا مېنىڭ مۇشۇ مەرەز تىلىم سەۋەبچى... يامان نىيەتتە دېمىگەن بولساممۇ بەرىبىر نەتىجىسى يامان ئاقىۋەت كەلتۈردى. بەزى چاغلاردا ۋىجدان ئازابىدىن ئۆلۈۋالغۇم كېلىدۇ. لېكىن ھېكمەت «ئانا ـ بالا ئىككىمىزنى قوغلىۋەتكەن تۇرسا، قىزىم قانداق قىلار» دەپ ۋايىم يەيمەن...

قىسقىسى، ئۇكام نەبى، مەن قارىغۇ مۇھەببەتنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، نۇرغۇنلىغان سەۋەن ـ خاتالىقلارنى ئۆتكۈزدۈم. سەن ئانا ـ بالا ئىككىمىزنى ئېتىۋېتىش

ئۇچۇن كىرگەندىمۇ دېيىشكە تېگىشلىك بولمىغان، غۇرۇرىڭنى دەپسەندە قىلىدىغان گەپلەر بىلەن ھاقارەتلىدىم. ھېكمەتنىڭ: «سىز ئۆزىڭىزنىڭ باينىڭ قىزى ئىكەنلىكىڭىزنى پەش قىلماقچىمۇ؟ بىلەمسىز، گۈلزىبا، ماھىگۈل، نەبىلەر نامراتچىلىق ئىچىدە يېتىلگەن ساپ گۆھەرلەر...» دېگەن سۆزىدىن كېيىنلا ئۆزۈمنىڭ خاتا قىلغىنىمنى ھېس قىلىپ يەتتىم. نەبى سېنى، ماھىگۈلنى كۆپ رەنجىتتىم. ماھىگۈلنىڭ مېنى ھەر نېمىلەرگە ئوخشاتقىنى خاتا ئەمەس، توغرا. مەن ئاشۇنداق ئىبلىس، رەزىل، پاسكىنا، چايان! ئويلاپ باققىنا، ھەرقانداق قىز ـ يىگىتنىڭ ئۆز بەختىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇچۇن ۋاستە تاللىمايدىغانلىقىنى ئېنىققۇ. ماھىگۈلمۇ ئۆز بەختىنى تارتتۇرۇپ قويغانلىقى ئۇچۇنلا، پەرىشتەدەك بىر قەلب ئىگىسىگە قانچىلىك تۆھمەتلەرنى قىلغان، ئەقىل سىغمايدىغان قاباھەتلىك تىللارنى ياغدۇرغان، ھېكمەتنى گويا مەلئۇن تەبىئەتلىك ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان!... بەخت ئىزدەش ئەنە شۇنداق رەھىمسىز، شەپقەتسىز بولىدىكەن، ھەتتا ۋاقتى كەلگەندە دوستلارمۇ بىر- بىرىگە باقمايدىكەن. مەن بەزى چاغلاردا ئۆزۈمنىڭ مۇھەببىتىمنى، سۆيگۈ يولىدىكى شىجائىتىمنى، ۋاپا ـ ئىشق بابىدا يېتىلگەن ـ يېتىلمىگەنلىكىمنى دەڭسەپ كۆرمەيلا ئوتقا سەكرىگەنلىكىمنى ھېس قىلغىنىمدا چۆچۈپ كېتىمەن. كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم، ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئاچامنىڭ مۇھەببىتى بەجايىكى تاغدا بالقىغان ئوتلۇق قۇياش ئىكەن. ئۇ، ئۆز ھارارىتى بىلەن ھەممىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىشقا قادىر ئىكەن. لېكىن مېنىڭ ياخشى كۆرۈشۈم ساددا، پاك، غۇبارسىز بولسىمۇ، ئاشۇ قۇياش ئالدىدا ئۇچقۇنچىلىك بولالمايدىغانلىقىنى كۆزۈم يەتتى. ھېكمەت بىلەن بىللە ئۆتكەن بىرنەچچە يىللىق ھاياتىمدىن شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، مەن يۈرىكىنى بىرىنچى ئايالى بىلەن بىللە دەپنە قىلىۋەتكەن ئادەمنىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغان قەلب سارىيىغا مېھمان بولۇپ كىرىپتىمەن، بۇ سارايدىن شۇنداق بىر ئەكس سادا ياندۇكى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرقانداق ساھىبجامال مېھمانغىمۇ ئۆزىنىڭ سوغۇق ھەم سىرلىق تەبەسسۇمىدىن باشقا ساھىبخانلىق قىلالمايدۇ. مەن لوپنىڭ بىر ئايدىك كېچىسى ھېكمەتتىن: «باشقا قىزلارغا سۆز ئېچىپ كۆرمىدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ: «دېدىمغۇ، كۆڭلۈم تارتمايدۇ، ئېھتىمال گۈلزىبا ھەممىنى ئېلىپ كەتكەن بولسا كېرەك...» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. ئۇ يالغان ئېيتماپتۇ، مەن بۇلارنى نېمىشقا بۇرۇنراق ئويلىمىغاندىمەن. بۇلارنى بىلىپ يەتكىنىمدە ئۆزۈمنىڭ شاكىلىدىن ئەمدىلا ئايرىلغان يۇمران چۈجە، ئۆردەك بالىسىنى دوراپ كۆلگە سەكرىگەندەك ئەخمىقانە پاجىئەگە قەدەم قويغانلىقىمنى بىلدىم! بۇرۇن ھېكمەت بىرنەچچە قېتىم «ئايرىلىپ كېتەيلى» دېگەن تەكلىپنى قويغاندا، مەن يىغلاپ ـ قاقشاپ، يالۋۇرۇپ زادىلا ئۇنىمىغاندىم، ئەمدى ئۇنداق نادانلىقنى قىلمايمەن. ئەرلەر ئۇچۇن كۆڭۈلسىز خوتۇنىنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشاشتىن ئارتۇق ئازاب بولمىغىنىدەك، ئاياللار ئۇچۇنمۇ مۇھەببەتسىز ئەر بىلەن ئۆتۈش ئۆلۈمدىنمۇ ئارتۇق بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىدىكەن. ئەمىسە ھېكمەتتىن ئايرىلىپ كېتەيمۇ، بىر قىزىم يېتىم بولسۇنمۇ؟ ياق!..ياق!!!... ھېكمەت بەختىنى ئىزلەۋەرسۇن، مەن ئۇنىڭغا پۈتلىكاشاڭ بولمايمەن... پەقەت ئۆمرۈمنى بىر ئۇندە، بىر تۇندە تەنھا ئۆتكۈزۈپ خۇدايىمدىن ھېكمەتنىڭ كۆڭۈل قەسرىگە مېنى ساھىبخان قىلىشنى، قەلب بۇلاقلىرىغا چىن سۆيگۈ شەربەتلىرىنى تۆكۈشنى تىلەيمەن. شامۇ سەھەرلەردە گۈلزىبا ئاچامنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھېكمەتنىڭ يۈرىكىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنىمەن، بىر يىل... ئون يىل... يىگىرمە يىل... ھەتتا ئۆمرۈم بويى كۆز ياشلىرىم بىلەن قەبرىسىنى نەمدەپ ئاھ ـ ناله قىلسام خۇدا گۈلزىبا ئاچامغا سېخىي ـ ساخاۋەت، رەھمى ـ شاپائەت ئاتا قىلسا ئەجەب ئەمەس. شۇ چاغدىلا ھېكمەت مېنى ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ. ھەقىقىي ئىشق قىياملىرىنى دىل بوستانلىرىمغا تۆكىدۇ. گەرچە مېنىڭ ئۇ چاغلاردا چاچلىرىم مەشۇتتەك ئاقىرىپ، كۆز گۆھەرلىرىم تۆكۈلۈپ، بەللىرىم مۈكچىيىپ كەتسىمۇ، ھېكمەتنىڭ باغرىغا بىر نەپەس باش قويۇۋالغىنىم ماڭا مىڭ يىللىق بەخت ـ ئېھسان ھۇزۇرىنى بېرىدۇ. ئېھتىمال بەزىلەر: «بىر ناتىۋان مەزلۇمەنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىزدىمىگەن ھېكمەتنى مۇناپىق، كۆڭلى قارا، ۋاپاسىز، پەزىلەتسىز...» دەپ ئەيىبلىشى مۇمكىن. مەن ئۇنداق دېيەلمەيمەن، بۇنداق دېگۈچىلەر ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسىلەرگە ئېرىشەلمىگەندە، ناشۈكۈرلۈك، نامەردلىك دېپىنى چالىدىغانلاردۇر، خالاس...

خوش نەبى ئۇكام، مەن كۆڭلۈمدە پۇخ بولۇپ كەتكەن ھەممە دەردۇ ئەھۋالىمنى تۆكۈۋالدىم. ئۆزۈمنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن... ئەمدى مېنى ئەيىبلەمسەن ياكى ئەپۇ قىلامسەن، سېنىڭ ھىممەت ـ ساخاۋىتىڭگە باغلىق، خۇدايا توۋا، دۇنيادا سېنىڭدىن ئۆزگە سىرداشىم، مۇڭداشىم يوقتەك قېشىڭغا بارغۇم، سۆزلەشكۈم كېلىپلا تۇرىدۇ، گەرچە بىز بىر بىر ئانىدىن تۇغۇلمىساقمۇ، سەن بىر تۇغقان قېرىندىشىمدەك سېنىڭ خىيالىڭ بىلەن ياشايمەن. گېپىم تۈگىدى. ھە راست، ئۆتكەندە ئاپارغان ئىچ كىيىملەر ساڭا خۇپ كەلدىمۇ؟ ھازىر مەن قارىلىق بولۇپ قالدىم، ئانام قازا قىلىپ ئۆلۈمنى جامائەت بىلەن ئۇزاتتىم. ھېكمەت بوستاندا تۇتۇلۇپ يەر ئاستىدىكى زەي زىنداندا ياتىدۇ. بىلمىدىم، ھازىر ئۇنىڭ ھالى نېچۈك!...

ئامان بولغىن، بەختسىز ئاچاڭ: مەھبۇبەدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بىر ھويلىدا ئۈچ چوكان

(ھېكايە)



ئابدۇرېھىم مەنسۇرى

مەلۇم بىر شەنبە كۈنى ئىدى. ئاي ئاخىرىدا خەجلىگۈدەكمۇ پۇل قالمىغىنى ئۈچۈن غېرىبسىنىپ بېش ـ ئاخىرى يوق تۈگىمەس خىياللارغا ئەسىر بولۇپ، تارغىنا ياتاقتا تورۇسقا قاراپ ياتاتتىم. تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى. مەن خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ دېدىم:

ـ كىرىڭ.

ـ يائاللا، قاچانلا قارىسا خىيال، ئەتىدىن ـ كەچكىچە تورۇسقا قاراپ ياتقىنىڭ ياتقان بەگكىنىڭ تۈگىمەس خىيالىنى سۈرۈپ. زېرىمەپ كەتمە يەنە تالا ـ تۈزگە چىقماي، ـ دېدى دوستۇم فەررۇخ كىرگىنىچە سۆزلىگەچ قولۇمدىن تارتىپ، ـ تۇرە ئورنۇڭدىن. سىرتتا ماشىنا ساقلاپ قالدى.

ـ نېمە ئىش قىلىمىز؟ مېنى بىر ئارامىمدا قويساڭ بولماسمىدى.

ـ ئاتاڭ ساڭا قەيسەر دەپ ئىسىم قويغۇچە، لاتا دەپ ئىسىم قويسىچۇ. قوپە، مۇشۇنداق شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ ئەسكى مازىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ياتماي. بولە تېز، ماشىنىدىكى دوستىمىز سىرتتا بەك ساقلاپ كەتتى.

مەن ئامالسىز ئاياغلىرىمنى كىيىپ، ياتاقتىن چىقتىم. راست دېگەندەك قورۇ تېشىدا ماشىنىلىق بىر دوستىمىز ساقلاپ تۇرغانىكەن. بىز ئۈچ ئاغىنە رەستى بازاردىن توخۇ، بېلىق، سامسا، كاۋاپ ۋە ھەر خىل يەل ـ يېمىشلەرنى سۇلياۋ خالتىلارغا قاچىلاپ، ماشىنا بىلەن يۈرۈپ كەتتۇق. ماشىنا چوڭ كوچىلاردىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئىككى تەرىپى ئېگىز ئۆسكەن ئاق تېرەكلىك قاراماي يولنى بويلاپ ئالاھەزەل يېرىم سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن گىلرەڭ سىرلانغان چوڭ بىر تۆمۈر دەرۋازا ئالدىدا توختىدى ـ دە، سىگنال ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قورۇ ئىچىدىن 23 ـ 24 لەردىكى چىرايلىق بىر چوكان چىقىپ بىز بىلەن ناھايىتى قىزغىن سالام ـ سائەت قىلىشتى، ئاندىن دەرۋازىنى ئېچىپ بىزنى قورۇغا باشلىدى. بۇ بىر خۇيزۇنىڭ شەخسىي قورۇسى بولۇپ، ھويلىسى خېلىلا كەڭرى، قاتارىسىغا چۆرىدەپ ئون نەچچە ئېغىز ئۆي سېلىنغانىدى. ئۇدۇلدىكى ئۆي بىزنى باشلاپ كىرگەن چوكاننىڭ ئۆيى ئىكەن. بىز ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە ئۆيدە بىزنى باشلاپ كىرگەن چوكاندىن باشقا يەنە ئىككى چوكان ئولتۇراتتى. «ئالە شەرىڭنى، خۇددى ئالدىن كېلىشىپ قويغاندەكلا ئۈچكە ئۈچ. ھەر بىرىمىزگە بىردىن توغرىلىشىپتۇ ـ دە» دېدىم كۆڭلۈمدە. ئۆيگە كىرە ـ كىرمەيلا بۇلارنىڭ چاقچاقلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئارىلىشىۋاتقىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

ـ يائاللا بار ئىكەنسىلەر ـ ھە؟! بىر كەلسە بىرنەچچە كۈن يېتىۋېلىشقان، بىر كەتسە «ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك» ئايلاپ ـ يىللاپ يوقاپ كېتىشكەن.

ـ ئاداش، بۇ خەق سەن بىلەن بىزگىلا قاراپ تۇرىدۇ،

دەمسەن. بۇ خەقنىڭ بىزدەكتىن نەچچە ئۇنى بولماي.

– ۋاي - ۋۇي، نېمە قىلسا قىلىشمامدۇ، بۇ خەق سەن بىلەن بىزنىڭ ئېرىمىز بولمىغاندىكىن.

مەن شۇ تۇرقى بىر توپ ئۆچكىلەرنىڭ ئارىسىغا بىر ياۋاش قوي قېتىلىپ قالغاندەك جىمغىنا ئولتۇراتتىم.

ئاردىن بىرى ماڭا:

– هوي يىگىت، هەيران قېلىۋاتامسىز؟ بىزچۇ، مۇشۇنداقراق چوكانلار، قارىسام تاۋاردەك قىزىرىپلا كېتىپسىز، – دېدى.

– خېنىم، قەيسەرنىڭ بۇ يەرگە تۇنجى كېلىشى، چاقچاقلىرىڭىزنى هازىرچە بىزگىرەك قىلىپ تۇرارسىز هە؟!

– قارىسام يۈزى ئېچىلمىغان بالىدەك تۇرىدۇ، شۇڭا دەيمىنا؟

– يۈزى ئېچىلغان - ئېچىلمىغاننى هېلى كۆرۈپ قالىسىز.

– ئۇنداق بولسىغۇ ياخشى.

چاقچاق ئارىسىدا ئۆي ئىگىسى بىلەن يەنە بىر چوكان قىزىق چاي كەلتۈرگەندىن كېيىن بىز ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى شىرەگە رەتلىك تىزىپ بىزنى تائامغا تەكلىپ قىلدى. هاراقتىن بۇرۇن هەممىمىز قورسىقىمىزنى خېلى ئوبدان ئەستەرلىۋالدۇق. فەررۇخ بولسا ئىككى رومكىغا هاراقنى تولدۇرۇپ قويۇپ، سورۇن ئەهلىنى قىسقىغىنا تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. چەتتە ئولتۇرغان ئاق پىشماق چوكاننىڭ ئىسمى ئايشەگۈل بولۇپ، ئۇ نۇر هەم رەڭدىن يارالغاندەك قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى ئەۋرىشىم بويلىرىغا يۆگەشكەن، يۇمران لەۋلىرى ئەمدىلا ئېچىلغان ئەتىرگۈلدىن پەرقى يوق ئىدى. كۆكسىنى يېپىپ تۇرغان زىبۇ - زىننەتلىرى كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى. تىرناقلىرى بويالغان بولۇپ، ئىنچىكە بارماقلىرىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكلەر ئۇردىدىكى مەلىكىلەرنى ئەسلىتەتتى. قېنىق سۆرمە سۈرۈلگەن يوغان هەم نۇرلۇق كۆزلىرى كىشىنىڭ هەۋسىنى كەلتۈرەتتى. يەنە بىر قىز باهارگۈل بولۇپ، مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسى ئىدى. ئۇ، ئۇچىسىغا روباشكىدىن ئارانلا پەرقلىنىدىغان، كۆكرەك ئويمىسى خېلىلا كەڭ ئويۇلغان، ئاپئاق گىرىپ كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ بەدەنلىرى لىققىدە تولغان، قاپقارا قويۇق چاچلىرى مۈرىسىگە يېيىلغان، چىرايى چىلاندەك قىزىل هەم پارقىراق كەلگەن، بىر قاراشتا 24 ياشلاردىكى قىز ئىدى. دىۋاننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى چەتتە ئولتۇرغان، تونۇردىن هازىرلا سويۇۋېلىنغان توقاچتەك يۇملاق، قاشلىرى هىلال ئايدەك، كۆزلىرى خۇمالاشقان، بىر قاراشقىلا شوخلۇقى ۋە تېخى كىچىكلىكى چىقىپ تۇرىدىغان، قاشتېشىدەك سۈزۈك، بولۇق چاچلىرىنىڭ ئالدىنى سېرىق بوياۋالغان، جادۇ كۆزلىرى ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىپ ياندا قويىدىغان بۇ قىزنىڭ ئىسمى مەلىكەم ئىدى.

مەن ئۆز ئۆمرۈمدە بىر - بىرىدىن گۈزەل بۇنداق چوكانلارنى، يەنە كېلىپ بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا كۆرۈشكە نېسىپ بولۇۋاتقانلىقىم ئۈچۈنمۇ قەلبىمدىكى مىسكىنلىكلەر نەلەرگىدۇر غايىب بولغانىدى. مەن گويا بىر پەرىزاتلار دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك ئەقلى - هوشىمنى يوقىتىپ قويۇشقا تاس - تاسلا قېلىۋاتاتتىم. مەن ئۇلارنى ئۆزۈمچە سېلىشتۇرۇپ ئولتۇراتتىم. بۇلار ئارىسىدا زادى قايسىسى ئەڭ سەتەڭ؟ ئۇدۇلدا ئولتۇرغىنىمۇ؟ ياق، ئاۋۇ نېرىقى. ياق... ياق، ئۇمۇ ئەمەس، ماۋۇ بېرى چەتتىكى، ياقەي، ئاۋۇ يان تەرەپتىكىسى... سىز بىر گۈللۈك باغقا كىرىپ قېلىپ گۈلزارلىقتىكى گۈللەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئېسىللىكىدىن تاللاپ بولالمىغىنىڭىزدەك، بۇ چوكانلارنىڭ زادى قايسىسىنىڭ سەتەڭلىكىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۇنداق ئاسانغا چۈشمەيتتى. بۇ چوكانلارنىڭ هەممىسىلا چىرايلىق، بىر - بىرىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان تەڭداشسىز گۈزەللەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، مەشغۇلاتى، هەتتا بەزى كەچۈرمىش - تەقدىرىگىچە ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ رەڭگىروهى ۋە خۇلقلىرىمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى. بۇ چوكانلار بىر قاراشقا جىمغۇر، ئىتائەتچان، كۆڭلى خۇشتەك كۆرۈنسىمۇ، تەكتى بىر يەرلىرىدىن ئۆز بەختىدىن مەهرۇم بولغان بەختسىز چوكانلار ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا ئىتائەتچانلىقى ئاستىدىكى قارشىلىقنىڭ، ياۋاشلىقى ئاستىدىكى جەسۇرلۇقنىڭ، مەهكۇملۇقى ئاستىدىكى غالىبلىقنىڭ بارلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ هەرىكەتلىرىدىن، نەپرەتلىك ئەرلىرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن بەختسىزلىكنىڭ هەسرىتىدە ئۆرتىنىپ ئۆز ئەركى ۋە كۆڭۈل مايىللىقىنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا بىلىپ تۇرۇپ خۇپپىيانە هالدا نۇرغۇن پەسكەش ئىشلارنى قىلىشتىن قولىنى ئۈزەلمەي كېلىۋاتقىنى ئېنىق ئىدى.

– قېنى ئەمسە، سورۇن رەسمى باشلاندى، كېلىڭە باهارگۈل، سىز ئۆي ئىگىسى، مەن بولسام ساقى. بۇ ئىككى رومكىنى قائىدە بويىچە ئىككىمىز كۆتۈرۈۋېتەيلى، – دېدى فەررۇخ هاراق تولدۇرۇلغان ئىككى رومكىنىڭ بىرىنى باهارگۈلگە تەڭلەپ.

– ئۆزۈمنىڭمۇ بۈگۈن تازا ئىچكۈم كېلىپ تۇراتتى، – باهارگۈل شۇنداق دېدى - دە، رومكىنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. رومكا تېزلا بىر ئايلىنىپ بولدى. مەن كۆڭلۈمدە «بۇ چوكانلاردىن بىرەرسى بولسىمۇ ئىچمەس» دەپ ئويلىغانىدىم. نەدىكىنى، ئۇلارغا سالا - سۇلۇمۇ كەتمىدى.

بۇ سورۇندا كىم كىم بىلەن بىقىن، قايسى چوكاننىڭ ئۇغۇل دوستى يوق، فەررۇختا بۇنىسى بەش قولدەك ئايدىڭ بولغاچقا، ئىككىنچى رومكىدىن باشلاپ هاراقنى جۈپ - جۈپتى بىلەن قۇيۇشقا باشلىدى.

- خەپ شۇڭ، هازىردىن باشلاپ ساقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنى جاكارلايمەنكى، مۇشۇ رومكىدىن باشلاپ رومكا كىمگە كەلسە شۇ كىشى بىردىن قىزنىچىلىق قىلىپ ئىچىدۇ. ئەگەر خىلاپلىق قىلغۇچىلار بولسا كەينى - كەينىدىن ئۈچ رومكا هاراقنى جازا ئورنىدا ئىچىدۇ. قېنى، ئالدى بىلەن يەنىلا باهارگۈل بىلەن ئىككىمىز باشلاپ بېرەيلى. ئېلىڭە باهارگۈل، ئاۋۋال سىز باشلامسىز ياكى مەنمۇ؟

- باشتا موللامنىڭكىنى ئاڭلايمىز - دە، ئەلۋەتتە.

- چاتاق يوق، ئۇنداق بولسا مەن سىلەرگە بىر كۇپلېت رۇبائىي ئوقۇپ بېرەي.

- قېنى ئوقۇڭ، ئاڭلاپ باقايلى، لېكىن بۇ چوكانلارنىڭ ئۆمەر هەييام شېئىرلىرىنى پۈتۈن ياتقا بىلدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭ. بېكىلىپ قالمىسىڭىزلا مەيلىغۇ، - دېدى گەپ ئارىلاپ ئايشەگۈل.

- ناهايىتى ياخشى، قارىغاندا سورۇن بۈگۈن باشقىچىلا قىزىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. قېنى ئەمىسە، مەنمۇ هازىرچە ئۆزۈم بىلگەننى دەپ باقاي.

دېيىشەر جەننەتنىڭ هۆر كەۋسىرى بار،
ئېرىقتا مەي بىلەن سۈت، شېكەر ئاقار.
ماڭا مېڭ ئېيسىدىن بىر نەق ياخشىراق،
تولدۇرۇپ قەدەهنى تۇتقىن قېنى يار.

- بارىكاللا، خوشە، - دېدى ئىلهام.

- توختاڭلار، باهارگۈل بىرنەرسە دەپ بولغاندا ئاندىن ئىچىمىز، - دېدى فەررۇخ. قالغانلارمۇ:

- توغرا، ئەمدى باهارگۈلنىڭكىنمۇ ئاڭلاپ باقايلى، - دېيىشتى.

- هوي يىگىتلەر، سىلەر بىزنى هېچنېمە ئۇقمايدىغان ساۋاتسىز قاتاردا كۆرىدىكەنسىلەر - دە! ئۆزۈڭنى تازا بىر كۆرسىتىپ قويە، - دېدى مەلىكەم.

- ئۇنداق بولسا مەنمۇ هەييامنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى دەپ بېرەي:

بىر كۆچۈم بولغاندا هاتەمدەك گويا،
بۇزاتتىم پەلەكنى بۇنداق بىۋاپا.
كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكۈدەك تولۇق،
قۇراتتىم بىر پەلەك، بىر يېڭى دۇنيا.

مەلىكەمنىڭ رۇبائىيسى بىلەن تەڭ سورۇن تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى.


فەررۇخ يەنە ئىككى رومكىغا هاراقنى لىق تولدۇرۇپ:

- دوستلار، كەيپىيات ئىنتايىن ياخشى بولۇۋاتىدۇ. ئەمدى بۇ ئىككى رومكا ئىلهام بىلەن مەلىكەمگە كەپتۇ. قېنى، دىققەت بىلەن ئاڭلايلى.

- ئىلهامجان، قېنى مەرهەممەت، ئاۋۋال سىزنىڭكىنى ئاڭلايلى.

- بولدى، ئۆچرەتنى ئاۋۋال سىزگە بېرەي.

- رەهمەت، ئۇنداق بولسا مەنمۇ ئۆمەر هەييامنىڭ ئېسىمدە قالغان مۇنۇ بىر كۇپلېت رۇبائىيسىنى دەپ بېرەي:



قاۋاقتىن بىر بوۋاي چىقتى ئۆزى مەست،
قولتۇقتا جايناماز، قولدا رومكا بەس.
- نېمە ئىش، - دېدىم ئاكا، - جان ئاكا،
دېدى: «ئېيخ جاهاننىڭ ئىشىدۇر هەۋەس».

«ياپىر، هەممىسىلا شائىر چوكانلار ئىكەنغۇ» دەۋەتتىم مەن ئىچىمدە.

- قەيسەر ئاداش، قىزلار قانداقراق ئىكەن، - دېدى فەررۇخ ماڭا كۆرەڭلىگەندەك قاراپ.

- هەققەتەن سۆيۈملۈك قىزلار ئىكەن، - دېدىم مەن ئۇلاپلا.

- خەپ شۇڭ، ئەمدى نۆۋەت ئىلهامجاننىڭ. قېنى، ئاڭلاپ باقايلى، - دېدى ئايشەگۈل.

- بولدۇ، بولدۇ. قاتاردىن قالغۇچە خاتادىن قال دەپتىكەن، مەنمۇ ئۆمەر هەييامدىن باشلاي.

قولۇڭدا بار ئىكەن بىرغىنام ئاق نان،
ئىككى جىڭ مەي يەنە قوي گۆشى بىر سان.
ئولتۇرساڭ يار بىلەن بىر خارابىدا،

بۇنداق دۆلەتنى تاپمىغاي سۇلتان.

— خوش - خوش، ئۆلمە ئىلھام، ئىچە ئىچ.

ھاراق يەنە ئىككى رومكىغا تولدۇرۇلدى.

— بـۇ ئىككى رومكا ھاراق، بىرى ئايشەنىڭ، يەنە بىرى بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كەلگەن دوستىمىز قەيسەرجاننىڭ. قېنى ئايشەگۈل، ئالدى بىلەن سىز دوستىمىز قەيسەرنىڭ يۈرەكلىرىنى مۇجۇۋەتكۇدەك بىرنەرسە دەيسىز، ئاندىن قەيسەرنىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرىدىن ھوزۇر ئالىمىز. دوستلار، قانداق دېدىم؟

— يـاخشى، قېنى ئايشەگۈل، قۇلىقىمىز سىزدە، — دېدى فەرروخ.

— مەنمۇ ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدىن ئاران بىر كۇپلېتلا بىلىمەن، شۇنى بولسىمۇ دەپ بېرەي.

شەۋكەتنى خاقاننى تاجىنى،①
مەن ساتاي مەي ئۈچۈن سەللە شايىنى.
مەككارلىق ئەلچىسى تەسۋى دېگەن ئۇ،
مەن ساتاي مەي ئۈچۈن شۇ دەسمايىنى.

ئايشەگۈلنىڭ رۇبايىسى تۈگىشى بىلەن چاۋاك ئاۋازى ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى.

— دوستۇم قەيسەر، دۇتارىڭنى ئاله، بىز سېنى بۇ چوكانلارغا نۇرغۇن قېتىم ماختىغان. شۇڭغا تۇشلۇق پۈتۈن ھۈنىرىڭنى چىقىرىپ چوكانلارنىڭ مەڭگۈ ئېسىدە قالغۇدەك بىر چاله- دېدى ئىلھام.

— ئۆزىڭىزنى بۈگۈن كۆردۇق. ئەمما بۇلار سىزنى خېلى بـۇرۇنلا بىزگە تونۇشتۇرۇپ بولغان. تەقدىر بۈگۈن بىزگە سىزنىڭ ناخشىلىرىڭىزنى ئاڭلاشنى نېسىپ قىلىپتۇ، پۇخادىن چىققۇدەك بىر ئاڭلىۋالايلى، — دېدى باھارگۈل.

— بۇلار بەكلا ئاشۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇلار دېگەندەكمۇ ياخشى چـالالمايمەن. قېنى، بىلگىنىمچە چېلىپ باقاي، — دېدىم - دە، دۇتارنى ئېلىپ چېلىشقا باشلىدىم.

ئۇنىڭ ئۇستىگە مەنمۇ خېلى كۈنلەردىن بۇيان ئۇبدانلا زېـرىككەنىدىم. راستىنى ئېيتسام، ھەرقانداق بىر مۇزىكانتتا بۇنداق گۈزەل قىزلارنى كۆرگەندە بۆلەكچىلا ھېسسىيات بىلەن چـالـدىغان خۇيىنىڭ بارلىقىنى يوشۇرمايلا قوياي. دۇتارنى چېلىۋاتىمەن، ئۆي ئىچىدە ئادەم بارمۇ - يوق، ھەتتا بىرەرسىنىڭ كۈچلۈكرەك تىنغىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. تەرلەپ كەتسەم چـوكـانلار يـۇمشـاق لۆڭگە بىلەن پىشانەمدىكى تەرلەرنى سۈرتەتتى. ناخشا ئاخىرلاشقاندا بولسا قوش - قوشلاپ چايلارنى سـۇنـۇشاتتى. بەزى چوكانلار بولسا «بولدى، بىردەم دەم ئېلـىـۋالـسـۇن، ئـاران بـىـر چـىـققـاندا بىر قېتىمدىلا ھۆ قىلدۇرۇۋەتمەيلى» دەپ مېنى ئايايتتى. مېلودىيىنىڭ مۇڭلۇق ۋە يېـقىملىق ئاھاڭلىرى تېكىستلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن قوشۇلۇپ پۈتۈن سورۇن ئەھلىنى مۇڭغا چۆكتۈرگەنىدى.

بـۇ ناخشىلار سورۇننىڭ ئۆزىدىلا ئېيتىلىۋاتقان بولسىمۇ، گـويا يىراق - يىراقلاردىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك، بۇ مۇڭلۇق كۈينىڭ ساداسى كېچىنىڭ چەكسىز ئاسمان بوشلۇقىدىن ئۆتۈپ شەھەرنىڭ ئېگىز - ئېگىز بىنالىرىغا ئۇرۇلۇپ ئەكس سـادا قايتۇرۇپ، ياغاچتەك قېتىپ ئولتۇرغان بۇ دەردمەن چوكانلارنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇلاتتى. بۇ ناخشىلارنىڭ ھەر بىر مىسرالىرى چوكانلارنى پەپىلەۋاتقاندەك، ئەركىلىتىۋاتقانـدەك، ئـۇلارنـىـڭ روھـىـي دۇنيـاسـىـدىـكى ئازابلىرىنى ئويغىتىۋاتقاندەك، ئۇلارنى ئىختىيارسىز ھەسرەتلىك ياش تۆكۈشكە مەجبۇر قىلماقتا ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئازابلىرى كۆز يېشى بىلەن تۈگەيدىغان ئازاب ئەمەس ئىدى. تۇرۇپ- تـۇرۇپ ھـەر كـۈنى، ھەر ئايدا، ھەر يىلى بېشىدىن كەچۈرگەن خىلمۇ خىل خورلۇقلىرى كۆز ئالدىدا ئايان بولۇۋاتقاندەك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قوياتتى. شۇ تاپتا ئۇلار مىدىر - سىدىر قىلىشمايتتى. يامان بىر چۈش كۆرۈپ، چـۈشىدە پۈتۈن زېھنىنى، پۈتۈن مۇھەببىتىنى، پۈتۈن ئۆمۈر ئارزۇسىنى، پۈتۈن ھاياتىنى ئىسراپ قىلىۋاتقاندەك ھېـس قىلىشاتتى. ھاراق داۋاملىق ئىچىلمەكتە. سورۇن ئەۋجىگە چىقماقتا، ھەممىدىن مەن بەكرەك چارچىغانىدىم. ناخشامنى توختىتىپ دۇتارنى تامغا يۆلەپ قويدۇم.

— بەك چارچاپ كەتتىڭىز، مانا بۇ قىزىق چاينى ئىچىپ بىردەم ئارام ئېلىۋېلىڭ، — ئايشەگۈل چىيىمنى يەڭگۈشلەپ ئالدىمغا بىر پىيالە قىزىق چاي قۇيۇپ قويدى.

ئۇ ماڭا ھەدەپ يېقىنچىلىق قىلىۋەرگەچكىمۇ كۆزۈمگە بۆلەكچىلا ئىسسىق كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى.

— راست، دېمىسىمۇ قەيسەر بەكلا ھېرىپ ھالىدىن كەتتى، ئەمدى ئۈن ئالغۇنى قويۇپ بىردەم تانسا ئوينايلى. قېـنـى مـەلـىكەم، ئۈن ئالغۇنى بېسىۋېتىڭە، — دېدى فەرروخ.

ئۈن ئالغۇدىن تانسا مۇزىكىسى چىقىشى بىلەن فەرروخ باھارگۈلنى تانسىغا تارتتى.

— مـەن يـاخـشـى بـىـلـمەيمەن، باشقىلارنى تارتىپ ئوينىسىڭىز!

— ئۆي ئىگىسى بولغاندىكىن ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز باشلاپ بېرىشىڭىز كېرەك، — فەرروخ باھارگۈلگە چىڭلا يېپىشتى.

— ئوھوش، مەن ياخشى بىلمەيمەن دېگەندىكىن بولدى قىلىڭە! — باھارگۈل فەرروخنى سىلكىۋەتتى.

— كـۆڭـلـىـڭـىزگە كەلمىسۇن، سىز راستلا ھاكاۋۇر ئىكەنسىز.

① «كەينىڭ»كەي - كەي خسراۋ (ت)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ــ ئۆزۈمگە بىلىنمىسە كېرەك، بەلكىم شۇنداقراقتىمەن. سىز ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ھەممە تەرەپتىن مۇكەممەل بولۇشىنى تەلەپ قىلسىڭىز، ئۇ چاغدا دۇنيادا ئۇنداق مۇكەممەل ئادەمدىن نەچچىسى تېپىلار؟ ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا ئىشىنىمەنكى، مەن بىر باش پىيازنىڭ پۇلىغا ئاران يارىشىم مۇمكىن.

ھاراق داۋاملىق ئىچىلمەكتە. تانسا توختىماي ئوينالماقتا. ھەممەيلەن ئوبدانلا كەيپ بولغان بولۇپ، ۋاقتىمۇ خېلى بىر يەرلەرگە بېرىپ قالغانىدى. مەن ساقىدىن رۇخسەت سوراپ زەر قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتتىم. ئورۇنلاشتۇرۇش شۇنداق بولسا كېرەك، قايتىپ كىرسەم ئۆيدە باھارگۈل بىلەن ئايشەگۈلدىن باشقا ھېچكىم قالماپتۇ.

ــ قالغانلار قېنى؟

ــ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىردىن ئۆيى بار، قېنى تۇرامسىز؟ باھارگۈل ھەدەملەرمۇ ئارام ئالسۇن، ــ دېدى ئايشەگۈل.

ــ ھېچ چۈشىنەلمىدىمغۇ، بۇ زادى نېمە ئىش؟

ــ دېدىمغۇ، دوستلىرىڭىز ھەممىسى جۈپ - جۈپى بىلەن دەپ.

مەن سائىتىمگە قارىدىم، سائەت ئون ئىككىدىن ئېشىپتۇ.

ــ بۈگۈن سىز ماڭا ھەمراھ بولۇشنى خالامسىز؟

ھە؟!... ئىش ئەسلىدىلا مۇنداق ئىكەن - دە! شەھەرگە بىر ئامال قىلىپ كىرىپ كېتىشنى ئويلىدىم، بىراق مەندە تاكسىغا كىرا قىلغۇدەكمۇ پۇل قالمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كەم بولغاندا مىڭ قىلسامۇ چەت بۇ يەردىن تاكسى تاپقىلى بولىدىغاندەك قىلمايتتى. ئىلاجسىز ئايشەگۈلنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم.

ئايشەگۈلنىڭ ئۆيىمۇ باھارگۈلنىڭ ئۆيىدەك چاققانغىنە بىر ئېغىز ئۆي بولۇپ پاكىز ھەم رەتلىك ئىدى. ئۆيگە كىرگەندە كەيپچىلىكتىنمۇ ياكى تەبئىي شۇنداقمۇ، بەلكىم تالاغا چىققاندا سوغۇق ھاۋانىڭ تەسىرىدىن ھاراق بىرئاز كۈچىنى كۆرسەتكەن بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا قاراپلا قاپتىمەن. ھاراق ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىنى قىپقىزىل قىزارتىۋەتكەن بولۇپ، خۇمارلاشقان كۆزلىرى، زىلۋا قامىتى، نازاكەتلىك تۇرقى ماڭا تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. مەن كېتەلمەيدىغىنىم كۆڭلۈمگە ئايان بولسىمۇ نېمىشقىدۇر يەنە سائىتىمگە قارىدىم.

ــ ئەمدى كەچ بولدى. سائىتىڭىزگە قارىغانىڭىزمۇ ھېچبىر پايدىسى يوق. بۇ كېچىدە بەربىر قايتىپ كېتەلمەيسىز! شۇغىنىسى ئۆيگە باشلاپ كىرگىنىمگە تۇشلۇق بىرنەرسىلەرمۇ قالماپتىكەن، ياخشىراق كۈتۈۋالالمايدىغان بولدۇم. توڭلاتقۇدا ئازراق پىششىق گۆش بار، ئاز بولسىمۇ زاكوسكا قىلايلى ــ ئۇ سۆزلىگەچ بېرىپ توڭلاتقۇدىن يوغان بىر پارچە پىششىق گۆشنى تەخسىگە ئېلىپ شىرەگە قويدى، ئاندىن يەنە ئىشكاپتىن تېخى ئاغزى ئېچىلمىغان بىر بوتۇلكا «ئېلى ئالىي ھارىقى» ئېلىپ ئۇنىمۇ شىرەگە قويغاندىن كېيىن، چاي دەملەپ ھەممىنى تولۇق قىلىۋېلىپ ئۆزىمۇ كېلىپ قېشىمدا ئولتۇردى.

ــ ئەتىگەندىن بېرى شۇنچە ئىچكىنىمىز يەتمىگەندەك يەنە ئىچەمىزمۇ، ــ دېدىم مەن نارازى بولغاندەك ئۇنىڭغا.

ــ بۇ دېگەن مېنىڭ كۆڭلۈم.

ــ ئېيتىڭە، ئۇلار مېنىڭ ئويۇنىمنى كۆرمەكچى بولغاندەك بىر ئېغىزمۇ تىنىپ قويماي يوقىۋېلىشىپ نېمە قىلغىنى؟ــ دېدىم مەن يەنە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئىچ - ئىچىمدىن تىت - تىت بولۇپ. ئۇمۇ مېنىڭ شۇ تاپتىكى بىر خىل جىددىي كەيپىياتىمنى سەزگەن بولسا كېرەك، قېنىق دەملەنگەن چاينى ئىككى پىيالىگە قۇيۇپ، بىرنى مېنىڭ ئالدىمغا سۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، قاش - قاپاقلىرىنى سۈزۈپ سۆزلەشكە باشلىدى.

ــ مەندىن خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ چىرايىڭىز ئەجەب تۇتۇلۇپ كېتىپتىغۇ؟

ــ ياقەي، چىراغ كۆزۈمنى قاماشتۇرۇۋەتتى. باھارگۈلنىڭ ئۆيى بەك دىمىق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاماكىنىڭ ئىسى، ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتكەچكە بېشىم بىرئاز ئاغرىۋاتىدۇ، ــ دېدىم مەن سەل ئوڭايسىزلىنىپ.

ــ قىزىپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ مەن تۇتۇپ باقاي، ــ ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئالقىنىنى پېشانەمگە قويدى. ماڭا ئۇنىڭ قولى گويا مېنى يېنىككىنە پەپىلەۋاتقاندەك ئىللىق تۇيۇلۇپ كەتتى، ــ ئازراق قىزىپ قاپسىز، ھېچقىسى يوق، ئىككىمىز بىر - ئىككى رومكىدىن ئىچىۋەتسەكلا ئوڭشىلىپ قالىسىز، قانداق، ــ دېدى ئۇ ھەييارلارچە كۈلۈپ. مەن ئۈن چىقمىدىم. ئۇ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، ــ قانداق، يەنە ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ ئەمدى تارتىنماي دەۋېرەي. مەن ئاشۇ دوستلىرىڭىزدىن نام - شەرىپىڭىزنى، مۇزىكىنى قالتىس چالىدىغىنىڭىزنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلاپ سىز بىلەن بىر تونۇشۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم. مانا بۈگۈن ئاخىر كۆرۈشتۇق. مەن ناخشىڭىزنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ دوستلىرىڭىزنىڭ بىكار ماختىمىغانلىقىنى بىلدىم. سىز چالغان ھەربىر كۈي پۈتۈنلەي مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك، يۈرەك تارلىرىمنى تىترىتىۋەتتى. قېنى، ئىچكەچ پاراڭلىشايلى، ــ ئۇ لىققىدە ئىككى رومكا ھاراق قۇيۇپ بىرىنى ماڭا ئۇزاتقاچ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى ــ

سىزگە راستىمنى ئېيتسام مەن بۇرۇن گىتارنى ياخشى كۆرەتتىم. باشقىلار ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر چالغۇلىرىنى ماختاپ كەتسە ئۆزۈم ئۇيغۇر تۇرۇپ پەقەت قايىل بولمايتتىم. قىسقىسى، گىتار مېنىڭ نەزىرىمدە ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ بۈيۈك چالغۇ ھېسابلىناتتى. بۇرۇن ئاشۇ ئاددىيغىنە ئىككى تارلىق دۇتارنىڭ بۇنچىلىك سېھرىي كۈچكە ئىگە چالغۇ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمىغانىكەنمەن. سىز بۈگۈن «دىل كۈيى»گە ئوخشاش بىر يۇرۇش مېلودىيىنى چالغىنىڭىزدا مېنىڭ پۈتۈن ھېسسىياتىم ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئاشۇ كۈيلەرگە قوشۇلۇپ كەتتى. مۇڭ ۋە ئەلەمگە تولغان مىسرالارنى ئوقۇۋاتقىنىڭىزدا مەن مۇشۇ بەختسىز ھاياتىمنىڭ ئەكسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. بۇ ناخشا مۇشۇ ئۆمرۈمدە ۋۇجۇدۇمغا ئەڭ تەسىر قىلغان، يۈرەك يارامغا ئەڭ تەسەللى بېرىۋاتقاندەك، دەردىمگە ئورتاقلىشىۋاتقاندەك، پۈتۈن كەچۈرمىشلىرىمنى سىز چالغان ئاشۇ دۇتارنىڭ نازۇك ئىككى تال تارىسىدا كۆرگەندەك بولدۇم. ئەگەر سورىۋېتىشلەردىن خىجىل بولمىغان بولسام، ساز چېلىۋاتقان ئاشۇ مۇبارەك قولىرىڭىزغا قانغىچە سۆيۈپ باغرىمغا تېڭىۋالغان بولاتتىم. گەرچە مەندە شۇنچىلىك جۈرئەت بولسىمۇ ئۇ بىر ئۆزئارا سورۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سورىۋېتىشكى ھەربىر جۈپ كۆزلەر سىزگىلا تىكىلگەن، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا چىداپ ئولتۇرماقتىن باشقا ئامالىم يوق ئىدى. دېمەك، مەن سىزنىڭ تونجى ناخشىڭىزنى ئاڭلىغان ۋاقتىتىن باشلاپ تا مۇشۇ مىنۇتلارغىچە ئىچىمدە گويا ئوت كۆيۈۋاتقاندەك تۇرالمايۋاتىمەن. سىزچۇ؟ ئەكسىچە پەرۋاسىز، سوغۇققان. كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم سىزدەك باغرىدىن كۆي - ناۋا تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر يىگىت ئالدىدا قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ھايا - نومۇس دېگەنلەرنى ساقلاپ قېلىشقا ئامالسىزمەن. سىز مەيلى خالاڭ ياكى خالىماڭ، بۈگۈنكى مۇشۇ بىر كېچىنى ھاياتىمدىكى ئەڭ بەختلىك كېچە دەپ ھېسابلايمەن.

ئۇ گەپتىن توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ ماڭا ئۆزىنى بىر خىل تەمكىن كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئوخچۇپ تۇرغان ھېسسىياتىنى ئاران-ئارانلا بېسىپ تۇرغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— بۈگۈن مەن مۇڭنى ئاڭلاپ سورۇن تۈگىگىچە ئىچىمدە ئۈنسىز يىغلاپ چىقتىم. چۈنكى دۇتارنىڭ نازۇك تارلىرى بىزدەك بەختسىز چوكانلارنىڭ نالىسىنى يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن ئەمەسمۇ؟

— قېنى، يەنە بىردىن كۆتۈرەيلى، — شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھاراقنى ئىچىۋېتىپ چوڭ - چوڭ تىنىغاندا بىر پەسلەپ، بىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئاپئاق گىرىپ كۆكلىكى ئىچىدىكى تولغان كۆكسى، ھاراقنىڭ تەسىرىدىن خۇمارلىشىپ كەتكەن تىنىق كۆزلىرى، پارقىراپ جىلۋىلىنىپ تۇرغان مەڭزلىرى، ھېسسىياتلىق سۆزلىرى... مېنى مەست - ئەلەس قىلىۋەتكەنىدى. ئەمما كۆڭلۈمدە بولسا مېنىڭ كۆڭۈككەن تەبئىتىم ئۇنىڭ شۇ ھالەتتە ئۆزۈنراق ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى كۆپرەك سۆزلەپ بېرىشىنى كۈتەتتى. ئۇ يەنە ھاراق قۇيدى.

— ھاراق دېگەن مۇشۇنداق سىڭگەندە ئىچىش كېرەك، قېنى يەنە بىرنى. مەن ئۇنىڭ قولىنى ياندۇرالمىدىم، رومكىنى ئېلىپ:

— ئۇنداق بولسا سىزگە بىر شەرت، ماڭا بۈگۈن پۈتۈن كەچۈرمىشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرىسىز، مۇشۇنىڭغا رازى بولسىڭىز تاڭ ئاتقۇچە دېسىڭىزمۇ سىز بىلەن ئىچىمەن، قانداق، بۇنىڭغا قوشۇلامسىز؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ. چۈنكى مەن ئۇچراتقان يىگىتلەر ئىچىدىن تۇنجى بولۇپ بۇ شەرتنى سىز قويدىڭىز. بەلكىم سىز مېنىڭ مۇشۇ مەنىسىز كۈنلىرىمگە نەپرەتلىنىدىغانسىز ياكى ئېچىنىدىغانسىز. مەيلى قانداق بولسۇن يەنىلا سىز ياخشىكەنسىز. چۈنكى مېنىڭ مۇشۇ ھالىتىمغا، بولۇپمۇ پۈتۈن كەچۈرمىشلىرىمگە قىزىقىۋاتقانلىقىڭىز ئۈچۈنلا سوراۋاتقىنىڭىزنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن. ماڭا سىزدىن باشقا بىرەرسى بۇنداق دەپ باقمىغان. مەن ئارىلاشقان ئەرلەرنى دەمسىز؟ ئۇلار خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ياسالما گەپلەر، سۈنئىي ماختاشلار بىلەنلا... قېنى كۆتۈرەيلى، بۇنى ئىچىپ مەن سىزگە كەچۈرمىشلىرىمنى تولۇق سۆزلەپ بېرىمەن. ئولتۇرۇپ سۆزلەشسەك تاڭ ئاتقۇچە ھېرىپ قالمىز. يېتىپ سۆزلىشەيلى...

## 1 - چوكاننىڭ ھېكايىسى

يۇرتىمىزنىڭ ئادىتى بويىچە قىزلار 17 - 18 ياشقا كىرگەندىلا ياتلىق قىلىۋېتىلەتتى. شۇڭا بىزنىڭ ئۆيگىمۇ ئەلچىلەر قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى. مەھەللىمىزنىڭ كونا ئادەتلىرىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا مەنمۇ مەھەللىمىزدىكى ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن بىر يىگىت بىلەن يۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆيدىكىلەر مېنى ئۆزۈمدىن ئون نەچچە ياش چوڭ بىرىگە پۈتۈشۈپ بوپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يىغلىدىم، قاقشىدىم، ھەتتا ئاپامنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ يالۋۇردۇم. بىراق ئاتا - ئانام باشتىكى گېپىدىن قەتئىي يانمىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشقا كۆزۈم يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكىنىمدە، ئۆز سۆيگۈنۈمدىن ئايرىلىپ باشقا بىرى بىلەن مەڭگۈ بەختلىك بولالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. شۇڭلاشقا ئۆز كۆڭلۈمدە ئۆزۈمنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بولغان نەرسەمنى

www.uyghurkitap.com




مەن ئۇنىڭغا ئاللىقاچان ئاتىشىپ كەتكەنىدىم. شۇنداق بولغانىكەن، يىگىتىم ماڭا نىسبەتەن تەشەببۇسكارراق ئورۇندا تۇرۇپ مېنى قوغدىشى، ماڭا ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى مەن ئائىلىنىڭ زورلىشى بىلەن ئۆزۈم ياقتۇرمايدىغان باشقا بىرىنىڭ نىكاھ ئارغامچىسى بىلەن باغلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئاجىز بىر قىز ئىدىم. ئەگەر يىگىتىم بىلىنى مەھكەم باغلاپ قېشىمغا كېلىپ «ھە»لا دېسە، ئۇنىڭ بىلەن يىراق - يىراقلارغا قېچىشقا، جاپا چەكسەممۇ ياقا يۇرتتىكى ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىدا سەرسان بولۇپ يۈرۈشكە رازى ئىدىم. كېچىلىرى بولسا «ئاھ خۇدا، مېنىڭ پەريادىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزسەڭ نېمە بولار، بۇ زېمىنغا ئۆزۈڭ ئاپىرىدە قىلىپ يەنە ئۆزۈڭ قىيىنغىنىڭ نېمىسى؟! بەختىن ماڭىمۇ ئاز - تولا ئىنئام قىلساڭ بولماسمۇ؟» دەپ نالە - زار قىلاتتىم. مەن مۇھەببەتنىڭ گۇناھ ئەمەس، بەلكى بىر پاك، مۇقەددەس سېزىم ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. ئاشۇ كۈنلەردە ماڭا بىر قارىغان كىشى مېنىڭ قاتتىق ھەسرەت چېكىۋاتقىنىمنى بىلىۋالالايتتى. شۇ چاغدىكى سولغۇن ھالىتىم بۇنىڭ جانلىق شاھىدى ئىدى. توي قىلىدىغان كۈن قىستاپ كېلىۋاتاتتى. ۋاقىتنىڭ قىستىشى بىلەن ئاخىر چىدىمىدىم. بىر كۈنى مەن يىگىتىمگە بىر دوستۇم ئارقىلىق ئۇنىڭغا بارلىقىمنى ئاتىشىپ كەتكەنلىكىم توغرۇلۇق بېشارەت بەردىم. بىراق ئۇچراشمىقىمىز ئىنتايىن تەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىر بىر كۈنى مەن يۈرىكىمنى قاپتەك قىلىپ كۆز باغلانغان مەزگىلدە ئۇنى مەھەللىمىزدىكى قويۇق ئورمانلىققا چاقىرتتىم. بىز ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئاشۇ جايدا ئۇچرىشاتتۇق. ئۇ، بۇ يەرگە كەلسە يايراپ كېتەتتى. بىراق ئۇنىڭ چىرايى بۇ قېتىم سولغۇن ئىدى. تۇۋا، ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ ئوغۇل بالا بولغاندىكىن ئۇ تەشەببۇسكار بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟! مەن بەكرەك تەشەببۇسكار بولسام ئۇنىڭغا باشقىچە تۇيۇلۇپ قالارمۇ؟ مەن ناز قىلماقتا يوق تېخى، ئۇ مېنى سىناۋاتامدۇ- يا؟! بىزدىكى بىردىنبىر مەقسەت ئۆيدىكىلەرنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقىنى گۇمران قىلىپ ئۆز ئەركىمىز بىلەن بەختىمىزنى تېپىش ئۈچۈنغۇ؟ مەن ئۇنىڭغا ئادەتتىكى ئەرزىمەس بىرنەرسىنى ئەمەس، ھاياتىمدىكى ئەڭ قىممەتلىك بولغان نەرسەم، يەنى قىزلىق ئىپپىتىمنى قۇربان قىلىش ئالدىدا تۇرىمەنغۇ؟! مەن مۇشۇ خىياللارنى سۈرۈۋاتقىنىمدا ئۇمۇ كۆڭلۈمدىكىنى بىلىپ قالدىمۇ قانداق، گويا جەرەڭگە تاشلانغان شىردەك ئېتىلىپ كەلدى - دە، مېنى قۇچاقلاپ كۆتەرگىنىچە تەلۋىلەرچە چۆپلۈككە باستى...

مەن ئۇنىڭ كۆكرىكىگە بېشىمنى قويۇپ ئىڭرايتتىم. ئاھ! ياشلىقنىڭ تۇنجى لەززىتى. ئۇ مەندىن «يۈرىكىڭىز نېمانچە تېز سوقىدۇ» دەپ سورىدى. مەن پەس ئاۋازدا «لەززەتتىن، خۇشاللىقتىن» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇنىڭمۇ تىنىقلىرى ئېتىلىپ كېتىۋاتاتتى. مەن بولسام ئۆزۈمنى كۆكتە ماmۇقتەك يۇمشاق بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۇزۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى. مەن كۆزلىرىمنى يۇمدۇم. ئۇ مېنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىۋالدى. چاچلىرىمغا، پېشانەمگە، لەۋلىرىمگە، بويۇنلىرىمغا ئاچكۆزلەرچە تويماي سۆيەتتى. ئۇنىڭ چوغدەك لەۋلىرى راھەتلىك قۇچاقلىرى، ئاھ!... ھېچنېمىنى بىلمىگەنىدىم. كۆز ئالدىم غۇۋالىشىپ بوشىشىپ كېتىۋاتاتتىم. پۈتۈن بەدىنىم چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ، ۋۇجۇدۇمغا جۇغىدە بىر شېرىن تىترەك ئولاشتى. ئاھ! تۇنجى مۇھەببەت. تۇغۇلۇپ چوڭ بولغىنىمدىن بېرى مۇھەببەتنىڭ تۇنجى لەززىتىنى تېتىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن شۇ دەقىقىلەردە پۈتۈن ئالەم ماڭا ئوخشاشلا شادلانغاندى. شۇ ھالەتتە قانچىلىك ۋاقىت بىھوش ياتقىنىمنى بىلمەيمەن. مەن كۆزلىرىمنى ئاچقىنىمدا، ئويالغىنىمدىن ئۇنى سىلىقىنا ئىتتىرىۋېتىپ ئېتەكلىرىمنى پەسكە تولۇق چۈشۈرۈپ، بېشىمنى ئىككى تىزىم ئارىلىقىغا تىقىپ ئولتۇرۇۋالدىم. ۋۇجۇدۇمدا بولسا ھېسابسىز بىر بەختىيارلىق. چۈنكى دۇنيادا ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىمگە ئۆزۈمدىكى ئەڭ قىممەتلىك بولغان نەرسەمنى ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن سالامەت تاپشۇرغانىدىم...

توي كۈنى سائەت - مىنۇتلاپ يېقىنلاپ كەلمەكتە. مەن ئۇنىڭغا «تېزرەك يىراق ياقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتەيلى» دەپ مەسلىھەت بەردىم. بىراق ئۇ يالغۇز ئانىسىنى تاشلاپ ئۇنداق قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. كۆڭلۈم لەسسىدە بولۇپ ئۆز تەقدىرىمگە تەن بەرمەكتىن باشقا ئامال قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇمۇ مېنى مەن ئۇنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرگەن بولسا رەت قىلماس ئىدى. دېمەك، ئۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى شۇ بىر قېتىمدىلا ئىسپاتلاندى. خەير، بوپتۇ دېدىم. نېمە ئامال دەيسىز؟ كۆڭۈل دېگەن نىجاسەتكەن، بىرىگە چۈشۈپ قالسا ئۇنى ئالماي بولمايدىكەن. ئۇنىڭ ئاشۇ ئاجىزلىقىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ گۈزەل، نازاكەتلىك ئىپپىتىمنى يوقاتقان بولاتتىممۇ؟ ئىسىت، ئۆز نەزىرىمدە مەن ئۇنى غايەمدىكى ماڭا مۇناسىپ بىردىنبىر ئەر، قەلبىم قەسرىدىكى شاھ، دىلخانامدىكى مۇقەددەس بايلىق، تۇيغۇ ئېتىزلىرىمدىكى ياپيېشىل چىمەن، سۆيگۈ تەشنالىقىمدىكى بىر بۇلاق، مەنۋىيىتىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ لىرىك سىمفونىيە، روھىمنى ئىگىلىگەن باھادىر دەپ كەلگەن ئەمەسمىدىم. ئەسلى ئەرلەر شۇنداق قارا يۈرەك بولامدىغاندۇ، دەپ كېچىچە ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىپ يىغلاپ تاڭنى ئاتتۇردۇم. ئاخىر ئويلاپ باقسام ئۇنىڭ

ئۇچۇن ھەسرەت چېكىپ ئۆزۈمنى ئۇپراتقانچە ئىش يوقكەن. ئاخىر بولماي بولغۇسى توىغا رازىلىق بەردىم. تويۇممۇ بولدى، ئەمما ئىچىمگە چوڭ بىر قورقۇنچ كىرىۋېلىپ كۆڭلۈمگە يەنە بىر پاراكەندىلىك سېلىشقا باشلىدى. چۈنكى مېنىڭ ئىپپىتىم ئـاللىقاچان يوقالغان. شۇ تاپتا يۈرىكىم پوك - پوك ئىدى. ئـەمما ئېرىم ئەكسىچە ماڭا يېقىن يولايمۇ دېمىدى. ئىلاھە شۈكرى، بىرىنچى ئاخشامدىن ساق - سالامەت ئۆتۈپ كەتتىم. ئەتىسمۇ جىم، ئۇنىڭ ئەتىسمۇ جىم، ھەتتا بىر ئايغىچە جىم. ئـەمما مېنىڭ ياشلىق ھېسسىياتىم ئۇرغۇپ تۇرغان، تولۇق يېـتىـلـگـەن چاغلىرىم بولغاچقا ئۇنىڭ يۈزلىرىمنى ئەرلىك تـۈيغـۇسـى بىـلـەن سىلاپ قويۇشنى، قېنىپ - قېنىپ سۆيۈشلىرىنى، باغرىغا مەھكەم بېسىشلىرىنى ئارمان قىلاتتىم. شـۇنداق قىلسىكەن دەپ ھەر كېچىسى تەلمۈرەتتىم. ئەمما ئـۇنىڭدىن مەن تەمە قىلىۋاتقان شېرىن لەززەت توغرۇلۇق ھېچ سادا يوق ئىدى. ياشلىق دەۋردىكى ھايات ھەرىكەتسىز ھەيكەلگە ئەمەس، قۇياش نۇرىغا، ساپ ھاۋاغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كـۆيۈنۈش ۋە پەرۋىشكە موھتاج ئىكەنلىكىنى مەن ياخشى بىلەتتىم. شۇڭلاشقا ماڭا ئەر بولغان كىشىنىڭمۇ ياشلىق ھاياتىنى مېنىڭدەك چۈشىنىشىنى خالايتتىم. بىراق ئۇ جانسىز مۇردىغىلا ئوخشايتتى.

كېـيىن ئۇقسام باشقىلار ئۇنى قەستلەپ قويۇپ كاردىن چىقارغانىكەن. بىر كۈنى تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا ئۆيدە مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى. ئۇ چاغدا مەن بىر ئۇيقامنى تۈگىتىپ بولغانىدىم، ئېرىم خېلىلا كەيپ بولغان بولۇپ، ئېگىز بويلۇق بىر ئەر كىشى بىلەن كىرىپ كەلدى. بىز ئادەتتە تاشقىرىقى ئـۆيدە يـاتاتتۇق. ئېرىم ھېلىقى ئادەمنى ئىچكىرىكى ئۆيگە باشلاپ، ئورۇن - كۆرپىنى ئۆزى راسلىدى. تام نېپىز بولغاچقا ئىچكىرىكى ئۆيدە تىرىق قىلغان ئاۋازمۇ تاشقىرىقى ئۆيگە ئوقتەك ئاڭلىناتتى. ئۇ مېنى ھەقىچان ئۇخلاپ كەتتى، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ئىككىسى بېتىپ ئـۇزاق ئۆتمەيلا خۇددى بىر جۈپ ئەر - خـوتۇن بىللە ياتقاندىكىدەك غەلىتە شەپە ئاڭلىنىپ قالدى. مەن ھەيران قالدىم. «تووا، بىرگە كەلگىنىمۇ ئەر كىشىدەك قىلاتتىغۇ؟ مېنى بىلىپ قالمىسۇن دەپ ياسىنىپ كىرگەن ئايالمىدۇ يا» دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆڭلۈمدە بىر خىل گۇمان پەيدا بولدى - دە، ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ يالاڭ ئاياغ پېتىملا بېرىپ ئـىشـىكـنـىڭ يـوچۇقىدىن ماردىم. باشتا كۆرگىنىم خاتا ئەمەس. ئىككى ئەر كىشى بـەچچـۋازلـىق قىلىشىۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا كۆزۈمگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتۇ. شۇنداقلا قارسام تاپسدا ئېگىز پاشنىلىق ئايغىم تۇرۇپتۇ، قولۇمغا ئالدىم - دە، ئېتىلىپ كىرگەن پېتىم ئېرىمگە مىنىۋالغان ناتونۇش ئادەمنى ئاياغنىڭ پاشنىسى بىلەن ئۇرىۋەردىم. ئەمما ئۇنىڭغىچە ئېرىمنىڭ ئېتىلىپ كەلگەن پېتى چېچىمنى تولاپ قاتتىق ئۇرۇشىنى كىم بىلسۇن. كېچىچە تاياقنى بـولۇشىغا يېدىم. ئەتىسى ھوشۇمغا كەلگىنىمدە پۈتۈن ئەزايىم ئۇۋۇلۇپ كەتكەندەك چېقىپ ئاغرىيتتى. بىر ئاي دېگەندە ئاران تالا - تۈزگە چىقالايدىغان بولدۇم. چىرايىم تـۇرمىدە يىللاپ ياتقان مەھبۇستەك سارغىيىپ جۈدەپ كەتتىم. شۇ قېتىمقى تاياقنىڭ ئازابى مېنى گويا بىر جانسىز ھـەيكـەلنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. مەن شۇ مـىنـۇتلاردا ھـاياتنىڭ ئۆزى زېرىكەرلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ماڭا ياشاش خۇددى بىر خىل مەجبۇرىيەتتەك، مەن بۇ مەجبۇرىيەتنى ئامالسىز ئورۇنلاۋاتقاندەك تۇلىمۇ سـۇس بـىـر روھىي ھالەتنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قـالغانىدىم. كېچىلىرى ئۇنسىز يىغلاپ كۆز ياشلىرىممۇ قۇرىدى. ئىست، ئىلگىرى ئۆز ئۆيۈمدە، ئۆز كارىۋىتىمدا شۇنچە شېرىن ئۇخلاشنىڭ نەقەدەر راھەت ئىكەنلىكىنى نېمىشقىمۇ ھېس قىلمىغاندىمەن. بۇنى ئويلىسام، ئىچ - ئـىچـىمدىن ئۆكۈنۈپ كېتىمەن. ئاخىر مەن ئۇنىڭدىن «خېتىمنى ئالىمەن» دېدىم. بىراق ئۇ سوتقا بارغاندا مېنىڭ ھەققىي ئەھۋالنى ئېيتىپ سېلىشىمدىن، ئۆزىنىڭ چاۋىسى چىتقا يېيىلىشتىن قورقۇپ ئاجرىشىشقا زادىلا ئۇنىمىدى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتتى. سالامەتلىكىممۇ تولۇق ئەسلىگە كـەلدى. مـەن تاياق يېگەن شۇ كۈندىن باشلاپلا بۇ دوزاختـىـن تېززەك قۇتۇلۇش نىيىتىگە كەلگەنىدىم. بىر كـۈنـى ئېـرىـمنىڭ ئۆيدە يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ياخشىراق دېگەن كىيىم - كېچەكلىرىمنى بىر سومكىغا



www.uyghurkitap.com



قاچىلاپ، ئىرىمدىن يوشۇرۇن ساقلاپ قويغان پۇللىرىمنى ئېلىپ ئۆيدىن قېچىپ چىقتىم. شۇ چىققانچە ھېچ يەردە توختىماي ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كەلدىم. يېڭى كەلگەن چاغلىرىمدا ئاشخانىلاردا ئىشلەپ كۈنۈمنى ئالدىم. بىراق ئاشخانا خوجايىنى تازا بىر خوتۇنباز ئوغرىكەن. راستىنى دېسەم بىرنەچچە قېتىم ئاياغ ئاستى قىلدى. ئەمما بۇ ئاشخانىدا قولدەك ئىشلەپ ئايدا ئالىدىغىنىم تايىنلىقلا پۇل. ئۇمۇ بولمىدى. باشقا ئاشخانىغا يۆتكىلىپ باقتىم. «ئىككى سەككىز ئون ئالتە» دېگەندەك ئالىدىغىنىمىسىدىنمۇ يامان يەرگە چۈشۈپتىمەن. ئۇ يەردىنمۇ چىقىپ كەتتىم. شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە كۈن ئەرزان مېھمانخانىلاردا يېتىپ ـ قوپۇپ يۈردۈم. بىر كۈنى ئاشخانىدا تاماق يەۋېتىپ باھار بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ مېنى شۇ كۈنىلا مۇشۇ قورۇغا قايتۇرۇپ كەلدى. خېلى كۈنلەرگىچە مەن بۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆنەلمىدىم. ئۆزۈمچە ئىنتايىن خورلۇق ھېس قىلدىم. يانچۇقتا بار پۇلۇممۇ تۈگىدى. ئادەمنى تۇرمۇش ھەممىگە مەجبۇرلايدىكەن. «ئاغىنەڭ قاغا بولسا يېيىشىڭ پوق» دېگەندەك ئاخىر مۇشۇ توپقا قوشۇلدۇم. كۆردىڭىز، ئۆيۈم مۇشۇ. سىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مەن تا ھازىرغىچە مېھرى ـ مۇھەببەتكە ئېرىشەلمەي كۆڭۈل ۋەيرانچىلىقىدا تەمتىرەپ يۈرۈۋاتىمەن. ھازىر مېنىڭ ئۇستىخانلىرىمدىن چىقىپ تۇرغىنى تەسۋىرلەپ تۈگەتكۈسىز تەنھالىق، زېرىكىش، ھەسرەت. دېمەك، مەن تەشنا بولغان نەرسەمگە ئېرىشەلمەي يىلتىز ـ يىلتىزىمدىن قۇرۇپ كېتىۋاتقان چۆلدىكى توغراققىلا ئوخشايمەن. ئوماق كۆزلىرىمدىن پاكلىق، باللىق، مېھرىبانلىقنىڭ تۈگىمەس سۈزۈك نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان 18 ياشلىق ئالتۇن چاغلىرىم كاردىن چىققان ھېلىقى ئېرىمنىڭ قولىدا قۇرۇپ قالغان ياپراققا ئايلاندى... تاڭ ئاتاي دەپ قاپتۇ، كېلىڭ، سىزنى قۇچاقلاپ قانغۇچە بىر يىغلىۋالاي...

ئەتىگەن يۈز ـ كۆزلىرىمىزنى يۇيۇپ، تالاغا چىققىنىمىزدا كۈن ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلگەنىدى. ئايشەگۈل ئىككىمىز ئەمدىلا ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئولتۇراتتۇق، بىردىن ئىشىك ئۈچ قېتىم چېكىلىپ، «ئورنۇڭلاردىن تۇردۇڭلارمۇ؟» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ باھارگۈلنىڭ ئاۋازى ئىدى.

باھارگۈل ئىشىكتىن ئەنە شۇنداق چاقچاق قىلىپلا كىرىپ كەلدى.

ـ قانداق قەيسەرجان، خېلى ئىسسىق بېسىپ قالغاندەك تۇرامسىز؟

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم.

ـ ئەتىگەندە تولا ۋاتىلدىماي ئالدىڭغا كەلگەن چاينى ئىچە ئاداش، ـ دېدى ئايشەگۈل.

ـ بولدى چاي قۇيما، ناشتىنى بىزنىڭ ئۆيدە قىلىمىز. يۈرۈڭلار، مەن تاماقنى پىشۇرۇپ بولۇپلا سىلەرنى ئالغىلى چىقتىم. بولۇڭلار چاپسان، ـ بىزنى ئالدىراتتى باھارگۈل.

باھارگۈلنىڭ زورلىشى بىلەن يەنە ئۇنىڭ ئۆيىگە چىقتۇق. ئۇ ئۆيدە ئاخشامقى چوكانلارنىڭ ھەممىسى يەنە جەم بولغانىدى. بىراق ئۇلارنىڭ ئۇغۇللاردىن مەن يالغۇز ئىدىم. بىز بىرەر قۇر تىنچلىق سورىشىۋالغاندىن كېيىن بىرلىكتە تاماق يېدۇق. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن داستىخان قايتا راسلىنىپ ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان بىرنەچچە تەخسە قورۇما، يەل ـ يېمىش ۋە ئىچىملىكلەر شىرەگە رەتلىك تىزىلدى.

ـ ئىچىشنى ئەتىگەندىلا باشلىۋېتىمىزمۇ، ـ دېدىم مەن.

ـ «ھاراق ئىچسەڭ سەھەر ئىچ، بولمىسا زەھەر ئىچ» دەپتىكەن. راستىنى ئېيتساق سىزنى بۈگۈنمۇ قويۇپ بەرگىمىز كەلمىدى. ناخشىلىرىڭىزنى يەنە بىر قېتىم قانغۇدەك ئاڭلىۋالايلى دەپ، بۇ ئەرزىمەس سورۇننى تۈزدۇق. بىزنى دېسىڭىز كۆڭلىمىز مانا مۇشۇنداق ئەيش ـ ئىشرەت بىلەنلا ئۆتىدۇ. مىڭ يوشۇرساقمۇ سىز ئاخشاملا بىزنى چۈشىنىپ بولدىڭىز. شۇڭا سىزدىن يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. بىز باشقىلارغا پۇلنى سۇدەك خەجلەتكەن بىلەن سىزدەك چولپانلارنى تېپىۋالساق خەجلەپ بېرىمىز.

ـ سىلەر ئۆز ياشلىقىڭلارنىڭ مۇشۇنداق بىھۇدە زايا بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىلەر؟

ـ بىزمۇ بۇنداق تېتىقسىز تۇرمۇشتىن بىر كۈن بولسىمۇ تېزرەك قۇتۇلۇپ كېتىشنى ئويلايمىز، ئەلۋەتتە. بىزدىمۇ كەلگۈسىگە بولغان يۈكسەك ئارزۇ، تاغدەك ئىرادە بار. سىز ئىشىنىڭكى، بىز مۇشۇ ئۈچ چوكانلارنىڭمۇ چوڭ بىر غايىمىز بار. بىز ئۇنى ئەمەلدە كۆرسەتمەي تۇرۇپ سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. شۇنى ئىشقا ئاشۇرالىساقلا، بۇ پاسىق بەدىنىمىزدىكى پۈتۈن پاسكىنىچىلىقنى پاك ـ پاكىز تازىلىغان بولىمىز. ئەمدى بۇ ھەقتە مۇشۇنچىلىكرەك سۆزلىشەيلى. چايلارمۇ سوۋۇپ قالدى، سورۇنىمىزنى باشلىۋالايلى، ـ دېدى باھارگۈل.

ـ بولىدۇ، مەنمۇ ئاغزىمغا كەلگەنچە جۆيلۈپ سىلەرگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىشنى خالىمايمەن.

ئاخشام بىر كېچە ئايشەگۈلنىڭ پۈتۈن ھاياتى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم. ئەمدى بۈگۈن سىلەرنىڭمۇ ھاياتىڭلاردىكى مۇشۇ بەختسىزلىكنىڭ بىردىنبىر سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ بېرىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن، ـ

دېدىم.

— بولىدۇ. سىزنىڭ ھەرقانداق تەلەپلىرىڭىز بولسا قولىمىز كۆكسىمىزدە. ئۇنداق بولسا مۇنداق قىلايلى. ئالدى بىلەن بىر يۈرۈش ناخشا - مۇزىكا ئاڭلايمىز. ئاندىن سىز ئارام ئالىسىز، بىرىمىز ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىمىزنى باشلايمىز. بىز سۆزلەپ بولغاندا يەنە سىز ناخشا باشلايسىز. شۇنداق قىلىپ بىردە بىز، بىردە سىز بۈگۈن سورۇننى مۇشۇنداق ئوينايمىز، — باھارگۈل شۇنداق دېدى - دە، ھاراقنى قۇيۇشقا باشلىدى.

مەن ئىنتايىن مەمنۇن بولغان ھالدا ھاراقنى گۈپپىدە كۆتۈرۈۋېتىپ دۇتارنى قولۇمغا ئالدىم. مەن ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈش ئۈچۈن دۇتارنى شۇنداق مۇڭلۇق چېلىۋېتىشىمكى، تارىلار خۇددى تىلى باردەك سايراپ كەتكەنىدى. مەن يېرىم سائەت چېلىپ دۇتارنى يۆلەپ قويدۇم - دە، باھارگۈلگە قارىدىم. مېنىڭ بۇ قارىشىم «قېنى سۆزىڭىزنى باشلاڭ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇمۇ دەرھال چۈشەندى بولغاي، گېپىنى باشلىۋەتتى.

## ئىككىنچى چوكاننىڭ ھېكايىسى

مەن يۇرتۇمدىكى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئۇسسۇل ئەرتىسى ئىدىم. ئېرىم بىز تېخى يۈرۈۋاتقان چاغلاردا ئاپتوبۇس شوپۇرى ئىدى. ئۇ شىركەت بويىچە بىخەتەرلىكتە، ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا، ماشىنىنى پاكىز تۇتۇش ھەم ئاسراشتا ھەر يىلى مۇكاپاتلىنىپ كېلىۋاتقان ئىلغار شوپۇرلارنىڭ بىرى ئىدى. ئاشۇ ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن بىز توي قىلغان يىلى ئېرىمنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كىچىك ماشىنىسىنى ھەيدەشكە يۆتكىدى. بۇ ئىش ھەممىدىن بەكرەك مېنى خۇشال قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ خىزمەت يۆتكەش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىۋاتقان چاغلىرىدا ئۇنىڭ نۇرغۇن ئاغىنىلىرى «ھەي، يەنىلا ئۆز ئورنۇڭ ياخشى، بېرىپلا پۇشايمان قىلارسەنمىكىن؟» دېسە، يەنە بەزىلىرى «ھاكىمنىڭ پىكاپىنى ھەيدەيدىكەنمۇ؟ دېمەك، ھاكىمنىڭ كىچىك خوتۇنى بولدۇڭ دېگەن گەپ» دېيىشتى. ئېرىم ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە كۈلۈپلا قويۇپ رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ ئىشقا چۈشۈپ كەتتى.

ئېرىم يېڭى «سانتانا»نى ئىشىكىمىز ئالدىغا تۇنجى قېتىم ھەيدەپ كەلگىنىدە مەنمۇ ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي قالغانىدىم. ئېرىم بولسا ناھايىتى شوخ، چىرايىدىن كۈلكە نېرى كەتمەيدىغان، ھەرقانداق بىر ئادەمنى بىردەمدە كۈلدۈرۈپ، بىردەمدە يىغلىتالايدىغان ئادەم ئىدى. راستىنى دېسەم، مەن ئۇنىڭغا كۆيۈپ قېلىپ تەگكەن. ئۇ چاغلاردا ھەرقانداق يىگىتلەرنى ئۆزۈمگە رام قىلالىغۇدەك چىرايىم بار ئىدى. نۇرغۇن يىگىتلەر تەلەپ قويغان بولسىمۇ، ھەممىنى رەت قىلىۋەتكەنىدىم. چۈنكى مەن بىر شۇنىڭغىلا كۆيەتتىم. توي قىلغاندىن كېيىنمۇ شۇنداق ياخشى ئۆتتۇق. بىراق سۇلايمان ھاكىمنىڭ پىكاپى ئائىلىمىزگە بەختسىزلىك ئېلىپ كەلدى. ئېرىم ھاكىمنىڭ پىكاپىنى ھەيدىگىنىگە بىرەر يىل بولار - بولمايلا ئېرىمنىڭ تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە خۇددى باھاردەك ئېچىلىپ تۇرىدىغان خۇشخۇي چېھرىنىڭ ئورنىغا قار - مۇز قاپلىغان سۈرلۈك چىرايى ئالماشتى. مەن بۇنىڭ تەكتىنى ھېچ ئويلاپ يېتەلمىدىم. بۇرۇنلاردا ئۇ ئىشتىن كەلگىنىدە ئۆيدىلا بولسام ھېرىپ كەلگىنىگە قارىماي كەلگەن پېتى زاڭقىمنى كۆتۈرۈپ بىرەرنى سۆيۈۋالمىسا ئۇنىمايتتى. بىر مەزگىل ئۇ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ تاماكا دېگەننى كەينى - كەينىدىن ئۇلاپ چېكىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئاخىر بولالماي بىر كۈنى، يېقىندىن بۇيان نېمە سەۋەبتىن بۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشكە قىستىدىم. ئىش ئەسلى مۇنداق ئىكەن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى «ھاكىمنىڭ پىكاپىنى ھەيدەيدىكەنمۇ، دېمەك ھاكىمنىڭ كىچىك خوتۇنى بولدۇڭ دېگەن گەپ» دېگىنىدەك نۇرغۇن ئىشلار ئېرىمنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمەپتۇ. بەزى ئىشلار غۇرۇرىغا تېگىپتۇ. ئۇنى ئاز دېگەندەك ھاكىم خېنىمنىڭ تۈگىمەس ئىشلىرى، گويا كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىدەك كەينى - كەينىدىن ئۇلىنىپ كېلىدىغان كەچلىك زىياپەتلىرىدىكى غەيرىي كۆرۈنۈشلەر ئېرىمنى بىزار قىلىۋەتكەنىكەن. خىزمەتكە بىر يول مېڭىپ بولغۇچە ھاكىم ئائىلىنىڭ قىز توي، يىگىت توي، جۇۋان توي، سۈننەت توي، قاتار چاي، نەزىر - چىراق دېگەندەك ئىشلىرى تۈگىمىگەنىنىڭ سىرتىدا، ھاكىمنىڭ خوتۇنىدىن خۇپىيانە ھالدا ئورۇنلاشتۇرغان كەچلىك سورۇنلىرىغا بۇيرۇتۇلغان تانسىكەش قىزلارنى ۋاقتىدا ئەكىلىپ، تاڭ ئاتاي دېگەندە ھېلىقى دوملە قىزلارنى ئۆيلىرىگە ئاپىرىۋېتىپ بولۇپ يەنە ھېلىقى دەللال پىكاپنى ئىدارىسىگە ئاپىرىۋېتىپ تاڭ ئاتاي دېگەندە ئۆيگە كەلسە، ئىدارىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئاز دېگەندەك مېنىڭ بىر دوق قىلىشلىرىم ئۇنى ئاشۇنداق ئەھۋالغا كەلتۈرۈپ قويغانىكەن. بۇ ئىشلار ئېرىمگە ئىنتايىن ھار كەلگەنلىكى ئۈچۈن بىرەر باھانە - سەۋەب تېپىپ ئەسلىدىكى ئىدارەمگە قايتىپ، يەنىلا بۇرۇنقى ماشىنامنى ھەيدەي دەپ تۇرۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھاكىم ئېرىمنى چاقىرتىپتۇ. ئۇ ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە ھاكىم يوقىرىدىن مېھمان كەلگەنلىكىنى، ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كەچلىك زىياپەتكە قانداق تەييارلىق قىلىشنى، زىياپەتنىڭ راخمان غۇلامنىڭ تال بارىڭى ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى دەپ كېلىپ:

ـ ھە ئۇكا، ئۆزۈڭ بىلسەن، بىمەك ـ ئىچمەك دېگەن نەگىلا بارساڭ تولا گەپقۇ؟ ھەممىدىن مۇھىمى قىزلار. قىزلار بولمىسا ئات ـ تۆگە سويۇپ بەرگىنىڭ بىلەنمۇ بىكار. شۇڭا سەن ئۆمەككە بېرىپ كېرەككە كەلگۈدەك مۇزىكانتتىن ئىككىنى ئەكەل. ئۇلار ئۆزى مېڭىپ بارسۇن. چىرايلىق قىزلاردىن ئالتىدىن سەككىزگىچە ئەكەل. قىزلار سۇپەتلىك بولسۇن، باشقا ئىشلارغا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتىم. سەن مۇشۇ ئىشلارنى ۋاقتىدا بىجىرسەڭلا بولىدۇ، ـ دەپ ئېرىمگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. ھاكىمنىڭ بىرقاتار يوليورۇقلىرى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئاچقۇچنى تاشلاپ بېرىشنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق پەيتىنىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈككەن ئېرىم پىكاپنى ئۇدۇل ئۆمەككە ھەيدەپ كەپتۇ. ئۇ چاغدا بىز ئەمدىلا رەپىتىستىن چۈشۈپ تۇراتتۇق. «ماشىنىغا چىق، بىر يەرگە بارىمىز» دېدى. مەنمۇ «نەگە بارىمىز» دەپ سورىمايلا ماشىنىغا چىقتىم. چۈنكى بولسا كۈندە مۇشۇنداق چاغدا كېلىپ مېنى ماشىنىغا سېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ، بۈگۈن ئۆمەكتىكى نى ـ نى مەن ـ مەن دېگەن قىزـ چوكانلارنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ گىدىيىپ كۆز ـ كۆز قىلىپ يۈرەلەيتتىم. بىز ئۆمەكتىن چىقىپ توپتوغرا بىر سائەتچە يول يۈرگەندىن كېيىن ھاكىمنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدۇق. بىز ھاكىمنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ھاكىم خېنىم قېلىن كۆرپىدە سوزۇلۇپ ياتقىنىچە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانىكەن. ھاكىمنىڭ دۆلىتىدە سېمىزلىكتىن چاسا كېسەككىلا ئوخشاپ قالغان بۇ خوتۇن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇشياقماسلىق بىلەن بىزنى ئۆيىگە باشلىدى. شۇ چاغدىلا ئېرىم ھاكىمنىڭ بولغۇسى زىياپەتكە ھاكىمنىڭ خېنىمنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان ھاكىمنىڭ ئايالى بىر سائەت دېگەندە كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ياسىنىپ ـ تارىنىپ بولدى. شۇنداق قىلىپ بىز زىياپەت بولىدىغان ئورۇنغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

مېھمانلار تال باراڭنىڭ ئاستىغا خېلى بۇرۇنلا جەم بولغان بولۇپ، ھېلىغىچە ئېرىمدىن خەۋەر بولمىغاچقا ھاكىمنىڭ سەۋر قاچىسى بىرىلاي ـ بىرىلاي دەپ قالغانىكەن. پىكاپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھاكىم ئالدىراش دەرۋازا ئالدىغا چىققىنىدا، پىكاپتا ئۆمەكنىڭ سەتەڭ قىزلىرى ئەمەس، بەلكى ئۆز ئۇستىخانلىرىغا ماس كەلمىگەن ھالدا گويا چاڭچىلىكەشلەردەك يۈز ـ كۆزلىرىنى قىپقىزىل بوياپ تويىي بولىدىغان قىزلاردەك ياسىنىۋالغان ئۆز ئايالى ئولتۇرغىنىنى كۆرگەن ھاكىمنىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۆمۈردەك كۆكىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا مۇشۇ كومېدىيىنىڭ ئاساسلىق پېرسوناژى بولغان ئېرىم ھاكىمنىڭ چىرايىدىكى قورقۇنچلۇق ئالامەتكە قىلچىمۇ پىسەنت قىلمىغان ھالدا «ھۆرمەتلىك ھاكىم، جىددىيلەشمىسىلە، مېھمانلارنى كۈتمىسىلە تېخى بولمايدۇ. شۇڭا ئارتۇق ۋاقتىلىرىنى ئالغۇم يوق. شۇنداق بولسىمۇ ئەسلىرىدە بولسۇنكى، كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ ئانىلىرىمۇ سۆيۈشكە كۆزى قىيماي ۋاتقان خەسىدىنمۇ ئاق، ئاشۇ بىغۇبار سەبىي قىزلارنى ھوقۇق ـ ئىمتىيازدىن پايدىلىنىپ سىلىگە ئوخشاش ئادەملەرنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاق نۇقتىسىدىن چەتنەپ كېتىۋاتقان بۇنداق ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنلىرىغا توشۇپ پاك ۋىجدانىمنى بۇلغاشنى خالىمىدىم. ئاشۇ قىزلار ئۆتەيدىغان ھەرقانداق مەجبۇرىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن مانا ئۆز خانىملىرى چىقىپ كېتەلىشى مۇمكىن. خەير، مېنىڭ يەنىلا بۇرۇنقى ماشىنامنى ھەيدىگىنىم تۈزۈككەن» دەپلا پىكاپنىڭ ئاچقۇچىنى ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئاتتى ـ دە، «يۈر خوتۇن، ئەمدى ئىشىمىز تۈگىدى» دەپلا مېنى قولۇمدىن يېتىلىگەن پېتى ئۆيىگە ياندۇرۇپ كەلدى. ئۆيگە كېلىپ تاماكىنى ئۇلاپ ـ ئۇلاپ چېكىشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتىم. بولۇپمۇ شۇ مىنۇتلاردا ئۇنىڭ قەلبىدىكى شۇ كۆڭۈلسىزلىكنى بىر مىنۇت بولسىمۇ كۆڭلىدىن ساقىت قىلىش ھەممىدىن مۇھىم ئىدى.

مەن قېنىق چاي دەملەپ كەلگەندىن كېيىن «ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز؟» دەپ سورىدىم. ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋەتكەندىن كېيىن:

ـ قانداق قىلىشنى مەن بۇرۇنلا



ئۆيلاپ قويغان. ياخشىسى ھازىر تېزرەك بىر تەخسە سەي قورۇپ بەرگىن، ــ دېدى.

مەن چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بىر تەخسە سەي قورۇپ ئەكەلدىم. ئۇ ئىشكاپتىن بىر بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ يوغان ئىستاكانغا تولدۇرۇپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن:

ــ خوتۇن، ئەمدى ئىككىمىزمۇ ئوبدانىراق سۆزلىشىۋالايلى. سەنمۇ بىلىسەن، دۇنيا قانداقتۇر بىر دەردمەنلەر ئېيتقاندەك ئۇنداق ئازاب دۇنياسىمۇ ئەمەس. يەنە ھەممىلا يېرى شادلىقتىن تەۋرەيدىغان جەننەتمۇ ئەمەس. ئۇنىڭدا كۆز ياش، پىغاندىن باشقا كىشىنى مەڭگۈ باغرىغا تارتىپ تۇرىدىغان بەخت - سائادەتمۇ مەۋجۇت. تۈنۈگۈنكى بەختلىك كۈنلەرنى ئەسلەش، بۈگۈنكى بەختسىزلىكتىن بىزار بولۇش، مېنىڭ ھاياتىمدىكى قۇتۇلۇپ بولماس مەڭگۈ جەريان. ئەمدى ساڭا ھەققىي گېپىمنى ئېيتسام، سەن مېنىڭ ئايالىم بولىدىكەنسەن، مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ ئەرتىسلىكنى تاشلا!

مەن ئۇنى ھەرگىز بۇنداق دەر دەپ ئويلىمىغانىدىم. مەن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا شۇنچە ئۇرۇنۇپ باققان بولساممۇ، «ياق» دەپ ۋارقىرىۋەتكىنىمنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قالدىم. «ياق» دېگەن ئاۋازىمغا ئۇلىنىپلا تەگكەن بىر شاپىلاق بېشىمنى پىرقىرىتىۋەتتى. ئەكسىچە كەلسەم ئۇ تومۇرلىرى ئېتىلىپ كەتكۈدەك چىڭقىلىپ سۆزلەۋاتاتتى.

ــ سەن سېمىز پاخلاندەك ناييناقلاپ نەچچە مىڭ ئادەم ئالدىدا سەھنىگە چىقىپ كىشىلەرگە جىلۋە قىلىۋاتقىنىڭدا، مەن سېنى ئاچ بۆرىدەك باغرىمغا باسقۇم يوق. مەن سەندىن سۆيگۈ تىلىمەيمەن! ماڭا پەقەت پۈتۈن ۋۇجۇدى مەن ئۈچۈنلا بەخشەندە قىلىنغان پاك سۆيگۈگە باي خوتۇن كېرەك. ئىختىيار ئۆزۈڭدە، مېنى دەيسەن، مەن نېمە قىل دېسەم شۇنى قىلىسەن. يەنە ئەرتىسلىك قىلىمەن دەيسەن، كۆزۈمدىن ھازىرلا يوقىلىسەن! دېدى - دە، يەنە ھاراق ئىچىشكە باشلىدى.

ھازىر گەپ مەندە قالغانىدى. قايسى يولنى تاللىشىم كېرەك؟ مەن ئۈچۈن ھەر ئىككىلىسى مۇھىم ئىدى. ھەرقانداق ئادەم ھەققىي بەختكە ئېرىشكەن تۇنجى كۈننى ئۇنتۇپ كېتەلمىسە كېرەك. مەنمۇ شۇ كۈنلەرنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىمدىن چىقىرالمايمەن. شۇنداق تۇرسىمۇ مەن ئاخىر ئىككىنچى يولنى، يەنى ئەرتىسلىكنى تاللايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇمۇ گېپىدىن يانمىدى. مەن ئۆمەككە كۆچۈپ كەلدىم. ئۇمۇ ماڭا چىدىمايتتى. شۇڭا مەن ئۇنى «چوقۇم مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ، شۇنداق بولغاندا ھەر ئىككىلىسىدىن ئايرىلىپ قالمايمەن» دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق ئۇ كەلمىدى. گاھىدا كۈلىمەن، خۇشاللىنىمەن، گاھىدا يىغلايمەن. بەزىدە يۇلتۇزلار چاقنىغان تىنىق ئاسمانغا ئېغىر ئۇھ تارتىپ مەقسەتسىزلا قاراپ تۇرۇپ كېتىمەن. بەزى ئاخشاملىرى ئۆزۈم يالغۇز ھاراقنى بولۇشىغا

ئىچىپ تولۇق كەيىپ بولغان ھالدا بەھۇزۇر ئۇيقۇغا كېتىشىنىمۇ ئويلاپ قالىمەن. چۈشۈمدە يەنىلا ئۇنى كۆرىمەن. ئۇنىڭ ئاشۇ ئەسلىدىكى سۆيۈملۈك سىماسى نېمىشقىدۇر كۆزۈمدىن نېرى كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ تال - تال كىرپىكلىرىنىڭ ھەر بىر تىترىشىمۇ مەن ئۈچۈن ھۇزۇرلۇق. ئويغانسام يەنىلا چۈش. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپ تۇرۇپمۇ مېنىڭ ھەر بىر دەقىقىلىرىم ئۇنى ئەسلەش، ئۇنىڭغا تەلمۈرۈش بىلەن، ھەسرەت - نادامەت چېكىش بىلەنلا ئۆتتى. مەن كېچىلەردە دېرىزەمنى ئېچىۋېتىپ كوچىلارغا قارايمەن. ۋاقتىنىڭ شۇنچە كەچ بولۇشىغا قارىماي جۈپ - جۈپ ئاشىق - مەشۇقلار گۈللۈك كوچىلاردا قەلبىدىكى ئوتلۇق ناخشىلارنى ياڭرىتىپ ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچ، ئۈمىد ۋە خۇشاللىق ئىچىدە بەھۇزۇر ئايلىنىپ يۈرگىنىنى كۆرىمەن. يەنە كىم - كىملەرنىڭ باغچىلاردا ئۆز سۆيگىنىنىڭ گۈزەللىكىدىن سۆيۈنۈپ، ئۆز سۆيگىنىنى ئەركىلىتىپ يۈرىدىغاندۇر دەپ خىيال قىلىپ كېتىمەن. دېمەك، گۈزەل ھايات داۋام قىلىۋاتقان بۇ زېمىندا بۇنداق ئوتلۇق مىنۇتلار ھامان تېپىلىدۇ. شۇلار بولسىمۇ ئۆز بەختىدىن كۈلسۇن دەپ كېتىمەن. مەنمۇ ئۆزۈم بەختلىك بولغان شۇ كېچىنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىنى تىلەيمەن. كىشىلەر «بىر قېتىملىق كەيپ، مىڭ قېتىملىق دەرد - ئەلەمنى باسىدۇ» دېيىشىدۇ. مەنمۇ بەزىدە ئۆلگۈدەك ھاراق ئىچىش ئارقىلىق يالغۇزلۇق، يېگانىلىقنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى، يۈرىكىمدىكى قان - زەرداپ ئېقىۋاتقان جاراھەتنى ھاراق بىلەن تازىلىماقچى، مەستلىك، كەيپلىكنىڭ مېھرىبان ئانىنىڭ قۇچىقىدەك ئەللەيلەشلىرىدە قەلبىمدىكى تەلپۈنۈش، زارىقىش، سېغىنىشلارنى قاندۇرماقچى بولىمەن. ئەمما شۇ ئۆتمۈش كەيپلىكتە خىيالىمغا كىرىۋېلىپ، ئېرىشمەكچى بولغان خاتىرجەملىكىم كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى يەنىلا كۈتتۈم. ئۇ يەنىلا كەلمىدى. بىراق مەندەك بىر توي قىلغان چوكانغا نېمە ئامال، ئۆلىدىغان جانغا «ئويناپ، كۈل» دەپ ئۆزۈمنى ئويۇنغا ئاتتىۋەتتىم.

كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىش مېنى خىزمىتىمدىنمۇ ئايرىدى. ئاخىر بېرىپ يۇرتتا تۇرغۇدەك يۈزۈم، ھەتتا ماڭا قايتا تەلەپ قويىدىغان بىرەر يىگىتمۇ قالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئانا تۇپراقنى تاشلاپ مانا بۇ چوڭ شەھەردە تۇللۇق ھاياتىنى كۆچۈرۈۋاتىمەن.

باشقىلارمۇ قىز تەگكەن ئېرىنى ئۇنتالمىسا كېرەك. بولۇپمۇ مەن ھەر قانداق چېغىمدا ئۇنى ئەسلىمەي

تۇرالمايمەن. دېمەك، چىن ئىنسان بولماق تەس ئىكەن. ئىنسان بالىسى ئاچكۆزلۈك، شۆھرەت، ھوقۇق، بايلىق، نوپۇز تەمەسىدە ئاخىر سەرسان بولىدىكەن. ئۇلارنىڭ مەنىسىز، پۇچەك، ساختا ھاياتىنىڭ زۇلمەتلىك ئۆڭكۈرلىرىدە ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمەي ھالاك بولىدىكەن. شۇنداق قىلىپ مەن ئاخىر ۋىجدانسىز سانىلىپ ئاۋام نەزىرىدىن چۈشۈپلا قالماي، ئۆزۈمگە تەۋە بولغان تېگىشلىك ئورنۇمدىنمۇ مەھرۇم بولغان چوكانمەن، ــ دېپ گېپىنى تۈگەتتى باھارگۈل.

مەن دۇتارنى يەنە قولۇمغا ئالدىم.

ــ قېنى مەلىكەم، نۆۋەت سىزگە كەپتۇ. ئالدى بىلەن مەن سىز قايسى ناخشىنى تەلەپ قىلسىڭىز شۇنىڭغا چېلىپ بېرەي.

ــ ئۇنداقتا سىز ماڭا ئاتۇش خەلق ناخشىلىرىدىن «دوست خېنىم»غا چېلىپ بېرىڭ.

مەن مەلىكەمنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاپ بولۇپ، يەنە بىر يۈرۈش قەشقەر خەلق ناخشىلىرىغا توختىماي چالدىم. چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمگەن ھالدا دۇتارنى يۆلەپ قويدۇم ـ دە، تەرلىرىمنى سۈرتكەچ مەلىكەمگە مەنىلىك قاراپ قويدۇم. مېنىڭ بۇ قاراشلىرىمنى مەلىكەممۇ چۈشەنگەن چېغى، ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

## ئۈچىنچى چوكاننىڭ ھېكايىسى

مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ ئەتىۋارلىق بىر تاللا قىزى بولغاچقا ئىنتايىن ئەركە چوڭ بولغانىدىم. دادام ۋىلايەتلىك كادىرلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئىمتىيازى مېنى مۇشۇنداق ئەركە ـ نازىناق قىلىپ قويغانىدى. دادامنىڭ قول ئاستىدىكىلەر مېنى ئەركىلىتىپ ئوينىتىۋاتسا، خۇددى ئۆزۈمنىڭ مالايلىرىدەك، دادامنىڭ شوپۇرى بولسا خۇددى ئائىلىمىزنىڭ قۇلىدەك تۇيۇلاتتى. مەن تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا چىققان يىلىلا مۇھەببەت قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتتىم. مەن مۇھەببەتلەشكەن ئۇ يىگىتنىڭ ئىسمى سەردار ئىدى. ئىككىمىز بىر ياش پەرقلىنەتتۇق. سەردار ئىچكىرى ئۆلكىلەردە تىجارەت قىلاتتى. ئۇ پۇلنى غازاڭنىڭ ئورنىدا خەجلەشنىڭ سىرتىدا، چىرايىمۇ ھەرقانداق ئوغۇللاردىن ئۈستۈن تۇراتتى. چاچلىرى تۇغۇلۇشىدىنلا تەبىئىي بۇدۇر، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇچىسىدىكى داڭلىق ماركىدىكى كىيىملەرنى ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ ئۇچىسىدا ئۇچراتقىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن ھەرقانداق قىز تەبىئىي ھالدا ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالاتتى. شۇ ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ئۇ مېنى تۇنجى ئۇچراشقاندىلا ئۆزىگە قارىتىۋالغانىدى. ئۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنى شۇنچە بەختلىك ھېسابلىساممۇ كۆڭلۈمدە «مېنىڭدىنمۇ

چىرايلىق بىرەرسى چىقىپ ناۋادا سەردارنى مەندىن تارتىپ كەتسە قانداقمۇ قىلارمەن» دېپ ئەندىشە قىلاتتىم.

بىر كۈنى ئۇ ماڭا «ئايلىنىپ كېلەيلى، مەسلىھەتلىشىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار» دېدى. مەن ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم. بىز شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى ئاشۇق ـ مەشۇقلار ئۇچرىشىدىغان ئۆستەڭ بويىغا كەلدۇق. ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرغىقى قويۇق دەرمخلىق بولۇپ، ئەتراپى ياپيېشىل چىمەنلىك، چىمەنلىكتىكى خۇش پۇراق گۈللەر گويا ئىككىمىزگە تەبەسسۇم قىلىۋاتقاندەك، بىزمۇ ئۆزىمىزنى كۆكۈلنى سۆيۈندۈرىدىغان نەمخۇش ھاۋادا بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان ئاشۇ گۈللەردەك ھېس قىلاتتۇق. مەن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز شادلىق تۇيغۇسى بىلەن ئۇنىڭ كۆكسىگە بېشىمنى قويۇپ نېمە ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىدىغانلىقىنى تېزرەك ئاڭلىسام دېپ سۈكۈت ئىچىدە تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتىم. ئۇ ئالدىرىماي بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

ــ ئىككىمىز يۈرۈۋاتقىلى خېلى ۋاقىتلار بولدى. سېنىڭ ماڭا بولغان تەسىرىڭ ھەقىقەتەنمۇ ياخشى. مەن سەندىن شۇ نەرسىنى سورىۋالاي، سەن مەن بىلەن چوقۇم بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈشكە رازىمۇ؟

ــ بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

ــ شۇنداق، بۇنى سورىماي بولمايدۇ. چۈنكى سەن دېگەن چوڭ بىر ئەمەلدارنىڭ ئەركە قىزى. مەنچۇ؟ مەن بىر ئاددىي تىجارەتچى. پۇلۇم ھەرقانچە جىق بولسىمۇ ئاتا ـ ئاناڭنىڭ بۇ ئىشقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتىسەن، راستىنى ئېيتسام، بۇ ئىشقا مېنىڭ ھېچ كۆزۈم يەتمەيۋاتىدۇ، شۇڭا...

ــ شۇڭا دېپ توختاپ قالدىڭىزغۇ، ئاخىرىنى دېمەمسىز؟

ــ شۇڭا بىز ئايرىلىپ كېتەيلىمىكىن دەيمەن.

ــ ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق بۇنداق باھانە ـ سەۋەب كۆرسەتكۈچە باشقا بىرىنى تېپىۋالدىم دېسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟

ــ خۇداھەققى، مەندە ھەرگىز ئۇنداق ئىش يوق، سەن ياخشىراق ئويلاپ باق، داداڭ سېنى تولۇقنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتماي قويمايدۇ. ھېسابلاپ كۆرسەم، سەن ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكۈچە ئاز دېگەندىمۇ ئالتە ـ يەتتە يىل كۈتسەم بولىدىكەن، مەن ساڭا راست گەپنى قىلسام، ئۇنچە ئۇزاق كۈتەلمەيمەن.

ــ ئەگەر مەن تولۇقنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇشنى

تامامل‍ىسامچۇ؟

ـ مەن ئىشەنمەيمەن.

ـ بۇنىڭ ئىشەنمەيدىغان نەرى بار؟ مەنمۇ سىزگە كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم ئۇقۇشتىن تولۇق زېرىكتىم. سىز بىلەن قاچان تونۇشتۇم، شۇندىن باشلاپ كاللامغا دەرسمۇ چۈشمەيدىغان بولدى.

ـ شۇنداقمۇ؟

ـ شۇنداق، پېشىنىڭ چوڭيىشىغا ئەگىشىپ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىمۇ ئانام ـ دادامغا بولغان سۆيگۈگە ئوخشاش يەنە بىر سۆيگۈ پەيدا بولدى. بۇ سۆيگۈنىڭ باشقىلارغا مەنسۇپ بولۇپ كېتىشىدىن قورقىمەن.

ـ ئەگەر راستىنلا سىندە ماڭا نىسبەتەن شۇنچىلىك ئەقىدە، ئۆزەڭدە شۇنچىلىك جۈرئەت بولىدىكەن، مەن سېنى بىر ئۆمۈر بەختلىك قىلالايدىغانلىقىمغا ۋەدە بېرىمەن. بىراق ئىككىمىز چوقۇم بەختلىك بولىمىز دەيدىكەنمىز، ئازراق تەۋەككۇلچىلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا دېگەنلىرىڭ راستلا بولسا بىز بۇ يۇرتتىن يىراق ـ يىراق جايلارغا كېتەيلى، قانداق؟

مەن ئىككىلەنمەيلا «ماقۇل» دېدىم. ئۇ مېنىڭ تېزلا ماقۇل بولغىنىمدىن قەۋەتلا خۇش بولدى بولغاي، مېنىڭ ھاياجاندىن قىزارغان مەڭزىمگە توختىماي سۆيۈپ كەتتى. مەن چەكسىز بەخت ئىلكىدە سەلكىن شامال بىلەن بىللە ئۇچۇپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتىم...

شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنىڭ بىلەن كېتىشكە چىن كۆڭلۈمدىن رازىلىق بەردىم. بىز ئايروپىلان بىلەن قاچماقچى بولدۇق. سەردار شۇ كۈنىلا ئەتىسى ئۇچىدىغان بېلەتتىن ئىككىنى ئېلىپ كەلدى. بىز ئەتىسى سائەت تۆت بىلەن ئايرودرومدىن گۇاڭجۇغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتۇق. مېنىڭ ئۆمرۈمدە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشۇم تۇنجى قېتىم ئىدى. شۇڭا ھاياجاندىن يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەي دەپلا قالغانىدى. راستىنى دېسەم شۇ مىنۇتلاردا مېنى بۇنچىۋالا زور بەختكە ئېرىشتۈرگەن ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەيتتىم. كۆك قەرىدە ئۇچۇۋاتىمەن، تۇرۇپلا ئاتا ـ ئانام ئېسىمگە كېلىپ قالدى. بۇ دۇنياغا قىز بولۇپ تۇغۇلدۇم. بىراق مەن مۇشۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇپ تۇغۇلغاندا ئانام ئۆزىگە مەڭگۈلۈك ھەمراھىنىڭ بولغانلىقىدىن خۇشاللانسا، دادام جان كۆيەر قىزىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىدىن ھاياجانلانغانىدى. ئانام تۇغۇت جەريانىدىكى ئاغرىق ئازابىنى ئۇنتۇپ ئۆز ياشلىقىنى، گۈزەل چاغلىرىنى نامايان قىلغۇچى مەندىن ئىبارەت بىر يېڭى جانغا بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتىنى ئاق سۈتى بىلەن سىڭدۈرگەن بولسا، دادام مېنىڭدەك سۆيۈملۈك قىزى ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق، چوڭقۇر مەنىلىك ئىسىملار ئىچىدىن تاللاپ مەلىكەم قويغانىدى. دادامنىڭ ئاغىنىلىرى مېنىڭ شوخلۇقلىرىمغا قاراپ ئوغۇل بالا

بولۇپ قالسىچۇ دەپ قويسا، دادام «مەن قىزىمنى ئوغۇللارنى بېسىپ چۈشكۈدەك تەربىيىلەيمەن ھە، قىزىم» دەپ سۆيۈپ كېتەتتى. مەن ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمنى تۈگىتىپ ھۆسنىمگە تولغان چاغلىرىمدا ئانام تۇرقۇمدىن قىزلىق سىماسىنى كۆرسە، دادام ۋۇجۇدۇمدىن يىگىتلىك جاسارىتىنى ئىزلەيتتى. مەنمۇ ئاتا ـ ئانامنى چەكسىز سۆيەتتىم. ئەمما يېشىمنىڭ چوڭيىشىغا ئەگىشىپ مەندە يەنە يېڭى بىر سۆيگۈ پەيدا بولدى. ئۇ بولسىمۇ سەردارغا بولغان سۆيگۈ ئىدى. مانا ھازىر مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆك قەرىدە ئۇچۇۋاتىمەن. مەن چەكسىز ھاياجان ئىلكىدە ئۇچۇۋاتقان بولساممۇ، ھەربىر ئانا دەپ چاقىرغان چاغلىرىمدا كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىدىغىنى بىر پارچە گۆشتەك، ياق، ئىگراۋاتقان قۇرتتەك بوۋاقنى ئۆز تېنىدە، ئاپئاق سۈتىدە ئۆستۈرگەن، پەپىلەپ چوڭ قىلغان ئانام پەيدا بولدى ـ دە، ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا پاككىدە يىغلاپ تاشلىدىم. سەردار بولسا:

ـ تووا، سەنمۇ يىغلاشنى بىلىدىكەنسەن ـ ھە! ساڭا نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىدى ھەيران بولۇپ.

مەن ئېسەدەپ تۇرۇپ ئاتا ـ ئانامنى قەۋەتلا سېغىنىپ كەتكىنىمنى تەستە ئېغىزىمدىن چىقىرالىدىم.

ـ مۇنداق دە، بىز مەڭگۈگە كەلمەسكە كېتىۋاتامىزمۇ؟ گۇاڭجۇ دېگەن مەدەنىيەت ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئېسىل شەھەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە سودا مەركىزى، ئۇ يەردە توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسە تېپىلىدۇ. مېنى دېسەڭ مەنمۇ ئەنە شۇ گۇاڭجۇدا بېيىدىم. سەپەر ئۈستىدە بۇنداق غەيرىي خىياللاردا بولما، مەن سېنى ھەققىي بەختكە ئېرىشتۈرىمەن. بىز بېرىپلا ئۆيىڭدىكىلەرگە قىممەت باھالىق سوۋغاتلارنى ئېلىپ ماڭدۇرىمىز. پات ـ پات خەت ـ خالتىلارنى ماڭدۇرۇپ تۇرساق ئۇلارمۇ ئاخىرى بىزنى چۈشىنىپ كەچۈرىدۇ.

ئۇنىڭ چىرايلىق سۆزلىرى كۆڭلۈمنى خېلىلا كۆتۈرۈپ قويغانىدى.

ئايروپىلان گۇاڭجۇ ئايرودرومىغا قوندى. بىز ئالىي دەرىجىلىك بىر پىكاپتا ئولتۇرۇپ ئاجايىپ ھەشەمەتلىك بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇق. بىز چۈشكەن بۇ مېھمانخانىنىڭ بىر ئاخشاملىق ياتىقى 850 يۈەن ئىدى. بىز شۇ ئاخشىملا يۇمشاق كارىۋاتتا ئىشق پەيزىنى سۈردۇق. ئەنە شۇندىن ئېتىبارەن ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتىمىزنى باشلىۋەتتۇق. ئۇ چاغدا بىزدىكى مۇھەببەت ئاجايىپ چوڭقۇر بولۇپ، قەلبىم چەكسىز ھاياجاندىن دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئۆركەشلەيتتى. بىراق ئەتىسىدىن باشلاپ سەردار ماڭا يەيدىغان نەرسىلەرنى تەييارلاپ بېرىپ

www.uyghurkitap.com



ئەتىگەن چىقىپ كەتسە بېرىم كېچىدە كىرىدىغان بولۇۋالدى. مەن ياتاقتا كۈن بويى يالغۇز ئولتۇرىمەن. بۇ ئىش داۋاملىشىۋەردى. بىر كۈنى مەن سەردارغا:

- سىز ماڭا گۇاڭجۇدا نەچچە يەردە كاۋاپدانلىرىم، نەچچە يەردە ئاشخانىلىرىم بار دېگەنىدىڭىز، ھېچ ئاپىرىپ كېلەيمۇ دېمەيسىزغۇ؟ ئەتىگىنى بىر چىقىپ كەتسىڭىز كەچتە بىر ۋاقىتلاردا كېلىسىز. ياتاقنىڭ بىر ئاخشاملىقى 850 يۈەن، پەقەت ياتاققىلا نۇرغۇن پۇل كەتتى دېگەن سۆز. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئەرزانراق ئۆينى ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرساق بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ - دېدىم.

- بۇ مېھمانخانا بولمامدىكەن؟

- بۇغۇ قالتىسكەن، بىراق مەن دېگەندەك قىلساق پۇلنى تېخىمۇ كۆپرەك تېجەپ قالىمىز ئەمەسمۇ؟

- مەلىكەم، سەن خەجلەشنى بىل. راست، دېمىسىمۇ كۈندۈزلىرى سەن يالغۇز زېرىكتىڭ، بىراق مەن يەنە بىرنەچچە كۈن ئالدىراش بولىمەن، چۈنكى مەن خەقتىكى نېسى پۇللىرىمنى يىغىۋالمىسام بولمايدۇ. چوڭراق بىر سودىنىڭ پېشىنى تۇتمىسام تېخى. ئۆزۈڭ بىلىسەن، شىنجاڭدا نۇرغۇن پۇلنى بۇزۇۋەتتىم. شۇڭا مەن ھازىرچە ئىشلارنى بىر يۇرۇشتۇرۇۋالاي، ئىشلار بىر ئىزىغا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن مەن سېنى گۇاڭجۇنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا ئاپىرىپ ئوينىتىمەن، - دېدى.

دېمىسىمۇ راست «قولدەك ئىشلەپ بەگدەك يە» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ دېگەنلىرىنى ئورۇنلۇق ھېس قىلدىم. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى. سەردار ئۆتكەنكى لەۋزىدە تۇرۇپ گۇاڭجۇنىڭ ئەڭ گۈزەل جايلىرىنى بىر كۈن ئايلاندۇردى. بىز بىللە نەچچە پارچە رەسىمگە چۈشتۇق، پاراخوتقا چۈشۈپ دېڭىز ئايلاندۇق. كاتتا رېستورانلارغا كىرىپ تاماقلاندۇق. شۇنىڭ بىلەن ئالدىنقى زېرىكىشلىك كۈنلىرىمنى ئۇنتۇپلا كەتتىم. بىراق ئەتىسىدىن باشلاپ ئەتىگىنى چىقىپ كەتسە بېرىم كېچە بولغاندا كىرىدىغان ئادىتىنى يەنە تېپىۋالدى. تېخى پات - پات مەن كۆرۈپمۇ باقمىغان، چاچلىرىنى گەدىنىگىچە ئۆستۈرۈۋالغان قايسى مىللەت ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ئادەملەرنى باشلاپ كېلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا مېنى سىرتقا چىقىرىۋېتىپ بىرەر سائەت ئۆتكەندە ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىقىدۇ. ئۇلار كەتكەندە ئاندىن ئىككىمىز بىللە ياتاققا قايتىپ كىرىمىز. باشتا مەن ئەر خەقلەرنىڭ ئۆزى بىلىشىدىغان ئىشلىرى باردۇر، دەپ ئانچە كارىم بولماپتۇ. مەن ئۇنىڭ خىرويىن چېكىدىغانلىقىنى ھەم خىرويىن ساتىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟! «تۆمۈر ئىشتاندا ئولتۇرسا، بۇخاراغا ئاڭلىنىپتۇ» دېگەندەك بۇ ئىش ئاخىر ئاشكارىلاندى. مەن شۇ چاغدىلا تۇرمۇش يولۇمدا نەتىجىسىز ئاخىرلىشىدىغان چوڭ بىر تەۋەككۈلچىلىككە ئۆزۈمنى ئۇرغانلىقىمنى بىلدىم. گەرچە مەن ئۇنى بۇ ئىشتىن توسۇپ قېلىشقا قۇربىم يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، ئۇنى ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنلا بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈش توغرۇلۇق يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇردۇم. ئۇ ھەيران بولغان ھالدا بىر ھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

- ساڭا نېمە دېسەم بولار؟ - دېدى.



- نېمە دېگۈڭىز كەلسە دەۋېرىڭ، مەن سىزنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىڭىزنى ئۇقۇپ باقماقچى.

- مەلىكەم، مەن ساڭا راست گېپىمنى ئېيتسام، ئەمدى سېنىڭدىن يوشۇرغىنىمنىڭ پايدىسى يوق، خىرويىن پۈتۈن ئۇستىخان - ئۇستىخانلىرىمغا سىڭىپ كەتتى. ماڭا ئەمدى باشقا ئامال يوق. بۇنى تاشلىيالمىغانىكەنمەن، خىرويىن سودىسى بىلەن شۇغۇللانماي بولمايدۇ. چۈنكى بۇنى ئۆگىنىپ قالدىڭمۇ چامادان - چامادانلاپ پۇلۇڭ بولسىمۇ، تۆت - بەش كۈنلۈككىلا بولىدۇ. ئەمدى بۇ ئىشتىن قول ئۈزەلمەيمەن.

- شۇنداقمۇ؟ سەردار بۇ ئىش سىز ئۈچۈن ئازاب بىلىنمىگەن بىلەن مەن ئۈچۈن ئىنتايىن خورلۇق بىلىنىۋاتىدۇ. مەن سىزنىڭ كېيىنلىكىڭىزنى ئويلاپ ھەر كۈنى بىر قەۋەت ئېتىمدىن چۈشۈپ كېتىۋاتىمەن. ئەگەر مۇشۇ كەيپىڭىزدىن كەچسىڭىز بىر ئەمەس، مېنى قوشقاندا ئىككى جاننى ئازابتىن قۇتقۇلدۇرغان بولىسىز، - دەپ بويىنىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ يالۋۇردۇم. بىراق ھەرقانچە قىلساممۇ

ئۇنىڭغا قىلچە تەسىر قىلمىدى.

مەن بۇرۇن ساپ مۇھەببەتنى مەڭگۈلۈك بولىدۇ، دەپ قارايتتىم. لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مەن دىگەندەك نەرسىلەر يوقكەن، مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايىدىمۇ مەن تونجى قېتىم كۆرگەن گۈزەللىكتىن ھېچبىر ئەسەر قالمىغانىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئارزۇلىغۇدەك ھېچ نەرى قالمىغاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئىست، مەن پۈتۈن مۇھەببىتىمنى، ئۈمىدىمنى، بارلىقىمنى ئۇنىڭغا بېغىشلىغان ئەمەسمىدىم؟! ئۇنى ئاتا - ئانامدىنمۇ ئارتۇق بىلگەن ئەمەسمىدىم؟! كاللامغا بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق خىيال كىرمەيتتى. ئۇ كۈندىن - كۈنگە ئۇرۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنى قانداق قىلىپ قۇتقۇزۇۋېلىش، ئەجەل گىردابىدىن قانداق قىلىپ قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا ئويلاپ سانسىز كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۈم. ئۇنىڭ بولسا ئۆز ۋاقتىدىكى ئىككى مەڭزىدىكى قىزىللىق پۈتۈنلەي يوقاپ، ئاجايىپ گۈزەللىك بەرق ئۇرۇپ تۇرىدىغان جىلۋىلىك چىرايى كۆز يامغۇرىدىكى دالا ئوتلىرىدەك سارغىيىپ، ئەتىيازدا سالجىلار قېنىنى شوراپ بىر قەدەم چامداشقىمۇ ماجالى قالمىغان بىچارە قويدەك جىمغۇر قىلىپ قويغان، ئۇنىڭغا ئەجەلنى كۈتۈشتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى. ماڭا پۈتۈن دۇنيا تۇمانغا تولۇپ كېتىۋاتقاندەك، ماڭغان - تۇرغىنىمنىڭ ھەممىسى خىيالىي چۈشتەك، كۆز ئالدىمنى تۇمان قاپلاپ ماڭغىلى قويمايۋاتقاندەك ئىدى. بەزىدە ئۆزۈمنى دۇنياغا ئارتۇقچە يارىلىپ قېلىپ شۇنىڭ جازاسىنى تارتىۋاتقان بەختسىز بەندىدەك ھېس قىلىپ، ئادەملەر يوق پىنھان جايلارغا بېرىۋېلىپ ھارغۇدەك يىغلىۋالاتتىم. ئۇ ئاخىر بېرىپ ئورۇن تۇتۇپلا ياتتى. قولىمىزدا بار ئىقتىساد پۈتۈنلەي تۈگىدى. ئەمدى تۇرمۇشنىڭ يۈكى مېنىڭ زىممەمگە يۈكلەنگەنىدى. ئۇ كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ نېمە دىگەنلىرىنىمۇ ئۇققىلى بولمايتتى. ئېغىزىدىن چىققان تاۋۇش ئۇيقۇ ئارىلاش بوغۇق ئاۋازدا ئىڭراۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. بىردەم - بىردەم جىم بولۇپ قالاتتى. ئارقىدىنلا ئاللا نېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشۇپ كېتەتتى. قاتتىق خۇمار تۇتۇپ كەتكەن چاغلىرىدا چىشلىرى كىرىشىپ، جالاقلاپ تىترەيتتى، ئاللانى ئېغىزىغا ئېلىپ دەھشەت ۋارقىراپ كېتەتتى. بۇ چاغدىكى ۋارقىرىشى بەئەينى دوزاختا چىدىغۇسىز ئازاب چېكىۋاتقان ئادەمنىڭ ئەلەملىك نالىسىغا ئوخشاپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ ئاق ئالۋاستى ئاخىر ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى. ئۇ كەتتى، مېنى تاشلاپ كەلمەسكە كەتتى. مەن شۇ ھالەتتە بولسامۇ ئۇنىڭ نەزىر - چىراقلىرىنى قەدىر ئەھۋال يامان ئەمەس ئۆزاتتىم. خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچىلىك قارىلىق تۇتتۇم. بىراق ئەمدىلا 20 نەچچە ياشقا كىرگەن مەندەك بىر چوكاننىڭ مۇشۇنداق تول ئۆتۈپ كېتەلىشىم مۇمكىنمۇ؟!

شۇ چاغدىكى مېنىڭ تۆككەن ياشلىرىمنى، پىغانىمنى ۋە نالە - پەريادىمنى زوھىمدىكى خۇدادىن بۆلەك ھېچكىم ئاڭلىيالمايتتى، ھېچكىم كۆرەلمەيتتى، ھېچكىم سېزەلمەيتتى. غېرىبانە كۈلبەمدە ئىختىيارسىز كۆزۈمنى يۇمۇپ مۇشۈككە ئوخشاش ماڭا ھەر دائىم ھەمراھ بولىدىغان تەنھالىق، چەكسىز يالغۇزلۇق بەخش ئەتكەن دەخلىسىز جىمجىتلىق ئىچىدە ئۇنىڭ ماڭا قالدۇرۇپ كەتكەن، شەپقەتسىزلەرچە تۇمانلىرى سەبىي ۋۇجۇدۇمغا ۋە پاك روھىمدا مەغلۇبىيەتنىڭ تۆمۈر تىرناقلىرى قالدۇرغان ساقايماس جاراھەتلەرنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولاتتىم. ھەتتا بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى قەتئىي ئويلىماسلىققا ئۆزۈمنى شۇنچە مەجبۇرلايتتىم. ئەمما ئۇ يەنىلا خىيالىمغا كىرىۋېلىپ قەتئىي ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم. تۇرۇپلا قەلبىمدىكى مېھرىبانلىق، مۇلايىملىق، سەۋرچانلىق ئورنىغا غالجىرلىق ئالمىشىپ ئەينى ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئاسانلا ئالدىنىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمگە قاتتىق نەپرەتلىنىمەن. دىمەك، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ يوقاتقىنىم كۆپ، ئېرىشكىنىم پەقەت بەختسىزلىكلا بولدى. قىلغانلىرىمغا مىڭ پۇشايمان قىلىمەن. ئەمما پۇشايمان قىلغىنىم بىلەن ئىزىغا كەلمىدى. سىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مېنىڭ ھازىر مۇشۇ چوكانلاردىن باشقا ھېچكىمىم يوق. ئاتا - ئانامۇ، ئۇرۇق - تۇغقىنىممۇ مانا مۇشۇلار، دەپ گېپىنى تۈگەتتى مەلىكەم.

## خاتىمە

ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتكەن بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى. ئاسمان شۇنچە سۈزۈك، قۇياش شۇنچە نۇرلۇق، سەھەرنىڭ ئارام بەخش ھاۋاسى تەنلەرگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. بالكونلاردىكى گۈللەر خۇش پۇراق چاچاتتى. ئەتە بەش ياشقا تولغان ئوغلۇمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولۇپ، ئەتىگەنلىك ناشتىنى قىلىپ بولۇپلا ئوغلۇمنى ئەگەشتۈرۈپ ئوغلۇمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن بىر قۇر يېڭى كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارنىڭ ئاۋات كوچىلىرىنى ئارىلاپ كېتىۋاتاتتىم، دوقمۇشقا كەلگەندە «پەرىزاتلار تىككۈچىلىك شىركىتى» دىگەن كۆركەم ۋىۋىسكىغا كۆزۈم چۈشتى. بۇ ۋىۋىسكىغا ئالاھىدە قىزىقىپ قالدىم - دە، ئوغلۇمنى يېتىلەپ دۇكانغا كىردىم. دۇكان 1 - قەۋەتتىلا بولۇپ كۆركەم، نەپىس زىننەتلەنگەنىدى. بۇ دۇكان چوڭ بىر مەجلىس زالىدەك كېلەتتى. دۇكان دەل ئوتتۇرىدىن ئەينەك تام بىلەن توسۇلغان. بىر بۆلىكىدە بىرەر يۈزدىن ئارتۇق تىككۈچى قىزلار جىددىي ئىشلەۋاتاتتى. تىكىش ماشىنىلىرىنىڭ

سۈرئىتى ئاپتوموبىللارنىڭ ماتورىدىنمۇ تېز ئىدى. ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئىشلەۋاتقان بۇ قىزلار 17 ـ 18 ياشلار ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ قىزلارنىڭ چىرايىدىن ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپىنى چىن دىلىدىن سۆيىدىغانلىقىنى، بۇ كەسىپ بىلەن پەخىرلىنىدىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. دۇكاننىڭ يەنە بىر بۆلىكى يەنە ئىككىگە ئايرىلغان بولۇپ، بىر بۆلىكى قۇرۇق يۇيۇش دۇكىنى، بىر بۆلىكى كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى، كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىدا بولسا شىركەت ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان مىللىي پاسوندىكى نەپىس كىيىم ـ كېچەكلەر سېلىنغانىدى. دۇكاندىكى خېرىدارلارنىڭ كۆپلۈكىدىن بۇ شىركەتنىڭ تىجارەت دائىرىسىنىڭ ناھايىتى كەڭلىكى، ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. مەن دۇكاندىكى ماللارنى بىر ـ بىرلەپ كۆرگەچ ئارىلاپ كېتىۋېتىپ بىر بۇلۇڭغا كەلگەندە ئۇچۇق تۇرغان دىرېكتور ئىشخانىسىدا ئۇستەل ئالدىدا ئولتۇرغان بىر چوكانغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بۇ چوكاننىڭ چىرايى ماڭا خېلىلا تونۇشتەك قىلسىمۇ، دەماللىققا ئېسىمگە ئالالمىدىم. ئۇ ئۇستىگە تۇرۇۋالغان چېچىنى پىشۇېتىپ بويىنى ناز بىلەن بىر قېقىۋىدى، يەلكىسىگە يېيىلغان قارا چاچ گويا شارقىراتمىدەك تۆيۈلۈپ مېنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى. پاھ! بۇ ئايشەگۈلخانغۇ؟! مەن كۆزلىرىمگە ئىشەنمىگەن ھالدا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ مېنى بىر كۆرۈپلا تونۇۋالغانىكەن، بىز ناھايىتى قىزغىن سالاملاشتۇق.

ـ قانداق، ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ بىزنىڭ بۇنچىلىك بىر ئىش قىلالايدىغانلىقىمىزنى ئويلىمىغان بولغىيتتىڭىز؟ ـ دېدى ئايشەگۈل.

راستىنى دېسەم مەن ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدىكى «ئاشۇ نومۇسسىزلىق كوچىسىدا چىرىپ كېتىدۇ» دەپ ئويلىغانىدىم. شۇڭا ئىختىيارسىزلا:

ـ مەن سىلەرنىڭ مۇنچىۋالا بىر مۆجىزە يارىتىشىڭلارغا كۆزۈم يەتمىگەن. راستىنى ئېيتسام ھازىرمۇ بۇ ئىشلار چۈشتەكلا بىلىنىۋاتىدۇ، ـ دېدىم.

ئۇ كۈلۈۋەتتى ـ دە:

ـ چۈنكى بىز سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا ئۇچراشقىنىمىزدا شۇ نومۇسسىز ھاياتىمىزدىن نەپرەتلىنىپ بىزدىن يىرگەنگەنلىكىڭىزنى ئېغىزىڭىزدىن چىقارمىغان بولسىڭىزمۇ كۆڭلىڭىزدە نەپرەتلەنگەنلىكىڭىز، يىرگەنگەنلىكىڭىز ئۈچۈن شۇ بىر قېتىمدىن باشقا بىز تەرەپلەرگە قەدەم باسمىدىڭىز. بىزچۇ؟ بىز سىز بىلەن كۆرۈشۈپ بىر يىلدىن كېيىن ھېلىقى تۇرمۇشىمىزدىن تولۇق قول ئۈزۈپ شۇ سىز كۆرگەن ئۈچ چوكانلار ئۆزىمىزدە بار بولغان پۈتۈن ئىقتىسادنى يىغىپ، بىرلىكتە دەسمايە سالدۇق. شۇندىن باشلاپ ھالال تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندۇق. ئىككى يىل ئىچىدىلا روناق تېپىپ نەچچە تۈمەن پۇلنىڭ ئىگىسىگە ئايلاندۇق. مۇشۇ جەرياندا بىز مۇناسىۋەتلەشكەن نۇرغۇن كىشىلەردىن جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايقىدۇق. كاللىمىز ئېچىلدى. يەنە تېخى نۇرغۇن پاجىئەلىك كۆرۈنۈشلەرنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. بىز ھازىر قانداقلا ئادەمدىن جەمئىيەت توغرىسىدا پىكىر ئالىدىغان بولساق «جەمئىيەت بۇزۇلۇپ كەتتى» دەپ ئەپسۇسلانغان ھالدا جاۋاب بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇزۇلغان جەمئىيەتنى تۈزەشتە ئۆزىمىزنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىمىز بارلىقى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. ھامان باشقا بىرى تۈزەپ بېرىدىغاندەك. راستىنى ئېيتساق، جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلىشىغا سەۋەب بولۇۋاتقان دەل ئۆزىمىز. چۈنكى كۆپ قىسمىمىز پۇرسەت تاپساقلا بۇزۇلۇۋالغىمىز كېلىدۇ. كۆرۈنۈشتە مەدەنىيەتلىك، ئىلمى، سالاپەتلىك كۆرۈنىدىغان بىر قىسىم «خوجايىن»لىرىمىز ئۆزىنىڭ ئىمتىيازى، خىزمەت قولايلىقى، پۇلى قاتارلىقلارغا تايىنىپ ئەسكىلىكلەرنى قىلىۋېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى دەپسەندە قىلىۋاتقان قىزلار ئۆزىمىزنىڭ پۇشتى، ئۆزىمىزنىڭ بىر قان قېرىندىشى، ئۆزىمىزنىڭ ئېتىقادى، ئۆزىمىزنىڭ مىللىتى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىمىزنىڭ ئانىسى، قىزى، ئاچىسى، سىڭلىسى ھېچ بولمىغاندا ئايال تۇغقانلىرىنىڭ بارلىقىنى ئويلىماي، ئويلىسىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەي قىزلارنىڭ ھېسسىياتى، قارىشىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ ئۆزىگە مەيلى بار ـ يوقلۇقى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي ئۇلارنى بىر ئاماللار بىلەن قاپقانغا دەسسىتىپ، ئىلمەككە ئىلىندۇرۇپ ئىندەككە كەلتۈرمەكچى بولۇشىدۇ. ئۆزى بىلەن بىللە بولۇشقا قىستايدۇ. سۆزلەپ كەلسەك بۇنداق مىساللار ساماندەك تۇرۇپتۇ. ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، بۇ شىركەتنى قۇرۇپ چىققىلى ئىككى يىل بولدى. كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مانا بۇ قىزلار ھەممىسى دېگۈدەك ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتەلمەي ياكى ئىش ئورنىدىن قىسقارتىلىپ بۇندىن كېيىن جەمئىيەتتە نېمە ئىش قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىۋاتقان قىزلار ئىدى. بىز بۇ قىزلارنىڭ تەقدىرىنى مۇشۇ يول بىلەن ھەل قىلدۇق. دېمەك، بىز مۇشۇلارنىڭمۇ ئۆز ۋاقتىدىكى بىزدەك چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ، گۈزەل ياشلىقىنىڭ نابۇت بولۇپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئەمدى بولسىمۇ ئادەمدەك ھېس قىلىۋاتىمىز. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى غايىمىز شىركەتنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ قۇرۇپ جەمئىيەتتە يەنىلا ئىشسىز قېلىپ ئۆز تەقدىرىدىن زارلىنىۋاتقان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ياشلارنى ئاشۇ ئازابتىن قۇتقۇزۇپ قېلىشقا تىرىشىش، ـ دېدى ئايشەگۈل.

پارىڭىمىز بارغانچە قىزىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ ۋاقىتنىڭ قىستىشى بىلەن بىر ـ بىرىمىزگە قىيمىغان ھالدا خوشلاشتۇق. ئايشەگۈل مېنى ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ ئوغلۇمنىڭ بېشىغا ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن بىر چىمەن دوپپىنى كىيگۈزۈپ قويدى. مەن تېخىمۇ خىجالەتچىلىك ئىچىدە «بۇ... بۇ...» دېگىنىمچە نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشنىمۇ بىلمەي گاڭگىراپ قالغانىدىم.

# چاقىنى بۇزغان ئانىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى

ئەلپىدا

ئېرى كەنت كادىرى ئىدى. 24 ياشلار چامىسىدىكى بۇ يىگىتنىڭ خىزمىتى نىسبەتەن جاپالىق بولۇپ، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرىدە كېچە - كۈندۈز ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ ناھايىتى ئاز دەم ئالاتتى. ئايالى بولسا قوشنا كەنتتىن بولۇپ، تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپ 3 - 4 يىل ئۆيدە يۈرگەن. كېيىن كەنت رەھبەرلىرى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ (ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى دېھقان، جان سانى بولسا كۆپ ئىدى) بۇ قىزنىڭ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ تەييارلىق سىنىپىنى مەلۇم مەزگىل شتات سىرتىدا ئوقۇتۇپ تۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرغان.

ئۇلار توي كۈنى شۇقەدەر خۇشال بولغان، شادلىقى يۈرەكلىرىگە سىغماي قېلىشقانىدى. ئۇلار بىر - بىرىنى «ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم» دەپ تونۇيتتى. كەلگۈسىنى ناھايىتى گۈزەل ھالدا تەسەۋۋۇر قىلىشاتتى. ئاتا - ئانىلىرىنىڭ بولسا بېشى كۆكلەپ كۆككە يەتكەن، چىرايلىرى ئاپتاپتەك يورۇپ كەتكەن بولۇپ، يۈزلىرىنى يۈزلىرىگە يېقىپ كۆرۈشۈپ، بىر-بىرىگە تون كىيگۈزۈشكەن، باللىرىغا مەڭگۈلۈك بەخت تىلەشكەنىدى.

تويدىن كېيىن ئۇلار ئادەتتىكىدەك خىزمىتىگە چۈشۈۋېرىشتى. ئېرى يەنىلا تامىقىنى ئاندا - مۇندا يەپلا قاق سەھەردە خىزمەت ئورنىغا چاپاتتى. بىر كۈننى مىڭ ھازادا كەچ قىلىپ كەچقۇرۇن ھېرىپ - ئېچىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلەتتى. ئايالى بولسا چۈشلۈكى مەكتەپتىن ئۇدۇللا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە «قەدەم تەشرىپ» قىلاتتى - دە، ئېرىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلىقىنى يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە ئاتا - ئانىسىغا «دوكلات» قىلاتتى ۋە ئاتا - ئانىسىدىن ياخشى كېلىن بولۇشنىڭ ئېپىنى، ئۆي تۇتۇشنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن «ئۇسۇل - قائىدە»لىرىنى ئىگىلەپ كەچتە تەييار تاماققا ئۈلگۈرۈپ كېلەتتى.

كۈنلەر مۇشۇ تەرىزدە ئۆتۈۋەرگەنسېرى، ئېرى ئايالىنىڭ پەزىلىتىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە كېلىن دېگەن سەھەر تۇرۇپ ھويلا - ئارامنى سۈپۈرۈۋاتقان قېيىنانىسىنىڭ قولىدىن سۈپۈرگىنى ئېلىشى، ئۆزىنى كۈندە نەچچە ۋاق تۈزمىشتۈرگىنىدەك ھويلا - ئارام، ئۆيلەرنىمۇ سۈپۈرۈپ تازىلاش، رەتلىك يىغىشتۇرۇشتەك ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى، قېيىنانا ۋە قېيىنسىڭىللىرى بىلەن قولمۇ قول تاماق ئېتىشىپ، يېڭى ئاتا - ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشى، ئۆزىنىڭ كېلىنلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى ئايالىنىڭ ئۆزى ياتقان بىر ئېغىز ئۆيىنى 3 - 4 كۈندە بىر سۈپۈرۈپ تازىلاشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشقا قولىنى ئەگرى قىلمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئېرى ئايالىنىڭ پەزىلىتىدىن گۇمانلانماي تۇرالمىدى.

- ئاپا، تاماقنىغۇ ئەتمىسۇن، ھېچ بولمىسا قاچا - قۇمۇچىنى بولسىمۇ يۇيۇۋاتامدۇ يا؟ - ئۇ بىر كۈنى ئاپىسىدىن شۇنداق سوراپ قالدى.

- نېمە دەۋاتقانسىز ئوغلۇم، سىڭلىڭىز بىلەن مەن ئۆيدە بىكار تۇرۇپمۇ كۈندە خىزمەت قىلىپ ھېرىپ-ئېچىپ كەلگەن كېلىنىمىزغا ئىشنى بەس سالساق قانداق بولىدۇ؟ يۇمسا مەيلى، سىڭلىڭىز يۇماي نېمە ئىش قىلىدۇ؟ چىقىپ يەنە «قاچا يۇماپسەن» دەپ خوتۇنىڭىز بىلەن جېدەللەشمەڭ جۇمۇ. سىز دېگەن ئەر كىشى،

www.uyghurkitap.com



ئۇنداق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا ئارىلاشمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ـ ئاپىسى ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ جاۋاب بەردى.

لېكىن، ئۇ ئېغىزىدا ئۇنداق دېگەن بىلەن كۆڭلىدە يەنىلا كېلىنىدىن تازا رازى ئەمەس ئىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ، كېلىن دېگەن ئېرىنىڭ ئۆيىگە خوجايىن بولغىلى كەلمىگەن ـ دە، ھېچ بولمىسا قاچا يۇيىدىغان ئىشقا بولسىمۇ قولىنى ئەگرى قىلمىسا. ئاپىسى يەنە دەرھاللا كېلىنىنى ئاقلايتتى، «ئوھوش، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم كېلىنىمدىن ئىش تەمە قىلىپ، ئۇ كەلمەستىمۇ قىلىپ تۇگەتكەن ئىشقۇ بۇ. پەقەت ئوغلۇم بىلەن ئىجىل ـ ئىناق ئۆتسە، شۇ كۇپايە ئەمەسمۇ؟» ئۇ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ بەختىنى، مەڭگۈلۈك ھەمراھلاردىن بولۇشىنى ئاللادىن تىلەپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق دۇئا قىلاتتى. ئوغلىغا بولسا ئاپىسىنىڭ كۆڭلى بەش قولدەك ئايان ئىدى. «بىزنىڭ ئۇرۇشۇپ، جېدەللىشىپ قېلىشمىزدىن ئەنسىرەپ مۇشۇنداق دەۋاتىدۇ بۇ ئاپام» دەپ ئويلايتتى ئۇ ۋە كېسەلچان ئاپىسىنى ئاياپلا ئايالى بىلەن تولا جېدەللىشىپ يۈرمەيتتى. بىرەر ئىش بولۇپ قالسا 2 ـ 3 ئېغىز ۋارقىراپلا شۇنىڭ بىلەن كۇپايىلىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئايالى ئېرى بار يەردە ئىلاجىسىز ئۇنى ـ بۇنى قىلىپ قېپىنانسىغا ياردەملەشكەندەك بولۇۋالاتتىيۇ، ئېرى يوق بولسا يەنە سۇ يۇقمايدىغان ئۆردەككە ئوخشاش قولىنى ئەگرى قىلماي يۈرۈۋېرەتتى. ئاپىسى بارلىق دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كۈندۈزى خىزمەتكە كەتكەن ئېرى بىلەن ئوغلىغا كېلىنىنىڭ يۈز ئەيىبىنىڭ بىرىنى دەيتتى، يا دېمەيتتى.

بىر كۈنى چۈشلۈكى خوتۇنى ئادەتتىكىدەك ئانىسىنىڭ ئۆيىگە «قەدەم تەشرىپ» قىلدى ـ دە، ناننى قېتىققا چۆكۈرۈپ يەپ ئولتۇرۇپ ئانىسى بىلەن قايسىدۇر بىر ئىشنى ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق مەسلىھەتلەشتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ئۈزۈلدۈرمەي كېلىۋاتقان ئادىتى ئىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن «كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس» دەيدىغان گەپ بار ـ دە. ئېرىگە ئۆزىنىڭ ئوسمىسى بىلەن پوسمىسىغىمۇ يەتمەيدىغان ئايلىق مائاشىنىڭ بۇرجىكىنىمۇ تۇتقۇزماسلىق، توي قىلغىلى نەچچە ئاي بولماي تۇرۇپ 800 يۈەنچە قىممىتىدە كىيىم ـ كېچەك ئالغۇزۇپ كېيىشتەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مانا ئۇلار مۇشۇنداق كېڭىشىپ ئولتۇرۇپ ھەل قىلمىغانمۇ؟ بۇ ئىشلارنىڭ قايسى بىرىدىن چاتاق چىقتى دەيسىز؟

شۇ كۈنى كەچلىكى ئايالى ئېرىنىڭ ئۆيىگە قايتمىدى. بۇ ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن تۈزۈشكەن پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تاشلانغان بىرىنچى قەدىمى ئىدى. ئۇ ئىلگىرى بۇنداق بىرىنچى قەدەملەرنى تولا بېسىپ كۆنۈپ كەتكەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا تاشلانغان ھەر بىر قەدەملىرى ئۇتۇقلۇق بولۇپ چىققانىدى. پەقەت ئۆز ئۆمرىنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقراقىنى ياشاپ بولغان شۇ تەجرىبىلىك كۆيۈمچان ئانىسىنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە تاشلىغان قەدەملىرىنىڭ ھەممىسى ھامان غەلىبىلىك، خەيرلىك بولىدىغانلىقىغا ئۇ چەكسىز ئىشىنەتتى. شۇڭا بۇ كېچە ئۇ ياستۇقنى ئېگىز قىرلاپ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ قالدى.

ئەمدى ئېرى تەرەپتىكىلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقايلى: ئەنە كېلەر، مانا كېلەر دەپ ساقلاپ ئولتۇرۇپ كەچلىك تاماقمۇ يېيىلىپ بولدى. كېلىنىنىڭ يولىغا قاراپ كۆزى تۆت بولغان ئانا ئولتۇرالمايلا قالغانىدى. بىرنەچچە قېتىم يولغا چىقىپ قاراپمۇ كىردى، ئەپسۇس كېلىنىنىڭ ئۆزى ئەمەس سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ـ ھوي دادىسى، ئوغۇللىرىغا گەپ قىلسىلا، قۇدىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقسا بولمامدۇ؟ ـ كېلىنىنىڭ ئەمدى كېلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئانا شۇنداق دېگىنىچە كېلىپ تېلېۋىزوردىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرغان ئېرىنى نوقىدى، ـ مۇشۇ نېمىنى ئۆچۈرۈۋەتسەمغۇ، ـ ئانا غۇدۇڭشىغىنىچە بېرىپ تاراسسىدە قىلىپ تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتتى.

ـ ئەمدى بارسا قانداق بولار؟ ـ ئېرى ھارغىن قىياپەتتە ئېغىر بىر ئۇھسىنىۋالدى. يا بايا كۈننىڭ بالدۇرىدا ئەۋەتمەپتىمىز. ئەمدى بېرىپ بولغىچە ئۇخلايدىغان ۋاق بولىدۇ.

ـ سىلىمچۇ، بۇ ھەپتە دەم ئالمىدۇق، كېيىنكى ھەپتە ئېلىپ بېرەي دېگۈچە ئاغزىدىن چىققانغا ماقۇل دەپ ئېيىبەرگەن بولسىلا مۇشۇ ئىشمۇ يوق، ـ ئانىسى ئەمدى ئېرىنى ئەيىبلەشكە باشلىغانىدى.

ـ قانداق دەيسىلە؟

ـ مۇشۇ ھەپتە ئېلىپ بەرمەيدىغانمۇ دەپ يەنە خۇيلىنىۋالدىمىكىن، دەيمىنا.

ـ ماڭاۋە، ـ باياتىن بېرى سۆزگە ئارىلاشماي بىر تەرەپتە قاراپ ئولتۇرغان ئوغلى گەپ باشلىدى، ـ ئۇنىڭغا يامانلاپ كېتىدىغان بولسا قېپقىزىل ساراڭ بولغان بولىدۇ.

ـ نېمىشقا كەلمەيدۇ ئەمىسە؟

ـ بولدى قىلىڭلار، ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى ئويلىماي، ئەتىگەندە بىر چىرايلىق چىقىپ كەتكەن تۇرسا ئۆيدىن. يا يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىرەرسى كېلىپ قالغان بولسا بىرەر كېچە پاراڭلىشىۋالسۇن دەپ قوندۇرۇپ قالغاندۇ. ئارتۇقنى ئويلىماي، قېنى ئەتە بىر تاڭ ئاتسۇن...

شۇنداق ئەمەسمۇ، ئەتىگىنى ئۆيدىن بىر چىرايلىق چىقىپ كەتكەن ئايالىنى كەچلىكى كەلمەي قويغانغا يامانلاپ كەتتى دەپ گۇمان قىلسا قانداق بولىدۇ؟ قانداقلا بولمىسۇن ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاش كېرەكتە.

گەرچە ئۇلار ئۆز كۆڭلىنى مۇشۇنداق بېسىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكى بىرنەرسىنى سېزىپ قالغاندەك كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالماي چىقتى. ئەپسۇسكى، ئايالى راستىنلا يامانلاپ ئانىسىنىڭكىدە يېتىۋالغانىدى. ئۇ قېيىناتىسىنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ ئەتىگىنى ئادەتتىكىدەك ئىشقا كېتىۋەرگەن. چۈشلۈكى بولسا ئانىسىنىڭ ئۆيىگە «قەدەم تەشرىپ» قىلىپ ئۆزىنىڭ قېيىناتىسىغا يېقىندا بىر ساۋاقداشىنىڭ تويى بولماقچىلىقىنى، شۇ كۈنى كىيگۈدەك تۈزۈككىنە بىر ئايىغى يوق، شۇڭا بازار كۈنى شەھەرگە كىرىپ ئاياغ ئېلىپ بېرىشنى ئېيتقانلىقىنى، قېيىناتىسىنىڭ بولسا «بۇ ھەپتە دەم ئالمىدۇق» دەپ ئاياغنى كېيىنكى ھەپتە ئېلىپ بېرىشنى ئېيتقانلىقىنى ئانىسىغا يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە دوكلات قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق كەچلىكى ئېرىنىڭ ئۆيىگە قايتمايدىغان بولۇپ، ئانىسىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ قالغانىدى. ھالبۇكى ئۇ كېچىچە خورەكنى بولۇشىغا تارتىپ تاڭنى ئاتقۇزدى.

ئەسلىدە ئايالىنىڭ دېگىنىدەك تويدا كىيىپ ئوتتۇرىغا چىققۇدەك ئايىغى يوقمۇ ئەمەس. ئەكسىچە كىيىشكە نۆۋەت تەگمەي توپا بېسىپ ياتقان بىرقانچىلىغان خىل ئاياغلىرىمۇ بار بولۇپ، ئانىسىنىڭ يول كۆرسىتىشى بويىچە مۇشۇنداق يولسىز تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. لېكىن ئەر تەرەپ بۇنىڭغا قوشۇلسۇنمۇ؟ ھەر ھەپتە كېلىنىغا ئوسما ئالىمەن، پوسما ئالىمەن دەپ ئىشتىنى چۈشۈپ قالغان ئادەمدەك بازارغا يورغىلاۋېرىشتىن جاق تويغان قېيىناتىسىغا بولسا بۇ ھەپتە دەم ئالماي ئىشلەيدىغانلىقى مايدەك خۇشياقاتتى. لېكىن ئېلىپ بەرمەي قۇتۇلغىلىمۇ بولمايتتى. شۇڭا ئۇ «كېيىنكى ھەپتە ئېلىپ بېرەي» دەپلا ئىشنى تۈگەتكەنىدى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئېرى خىزمەتتىن بالدۇرلا چۈشۈپ قېيىنانىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ چاپتى. ئەپسۇسكى، ئۇ بۇ ئۆيدىن قۇرۇق قول يېنىپ چىقتى. قېيىنانىسى ئۇنىڭغا قىزىنى قوشۇپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئەكسىچە ئۇنى بىرمۇنچە تىللاپ، ئاخىرىدا ئاتا - ئانىسىنى باشلاپ كېلىشنى ئېيتىپ يولغا سالدى. ئۇ قېيىنانىسىنىڭ بۇ ئىشلىرىنى قاتتىق ھار ئېلىپ بىرقانچە كۈنگىچە خوتۇنىنىڭ يامانلاپ كەتكەنلىكىنى ئاتا - ئانىسىغىمۇ ئېيتمىدى. ئۇلارغا بولسا «كەچلىكى مەكتەپتە ئۆگىنىش ئورۇنلاشتۇرۇپتىكەندۇق، بىر مەزگىل كېلەلمەيدىكەن» دەپ قويۇپ ئىشنى پۈتتۈرگەن بولدى. لېكىن بۇنداق يۈرۈۋېرىشكىمۇ بولمايتتى. بىر كۈنى ئۇ ھەققىي ئەھۋالنى ئاتا - ئانىسىغا ئېيتتى ۋە خوتۇنى تەرەپكە ئالدىن خەۋەر بېرىپ قويۇپ، ئاتا- ئانىسىنى ئېلىپ قېيىنانىسىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇلارنى بولسا قىزنىڭ ئاپىسى قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرغان ھالەتتە كۈتۈۋالدى. قېيىناتىسى بولسا ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۇلارغا كۆرۈنمەيلا قويدى.

«كۆرگىنىڭدىن كۆپتۈر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرسەڭ ئۆلمىگىنىڭ» دېگەندەك ئۇلار ئۆزى بىلەن تەڭ قېرىپ، چېچىغا ئاق سانجىغان قۇدىسىنى ئالدىغا چاقىرتىپ ئەكىلىپ، جاندىن ئۆتكۈدەك سېسىق گەپلەر بىلەن تىللاپ، ھاقارەتلەپ، ئازار بەرگىنى ئازدەك يەنە ئاخىرىدا ئۇلارنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۆزى خالاپ كېلىن بولۇپ كىرگەن ئايالمۇ توققۇز ئاي ئاش - تامىقىنى ئېتىپ، كىيىم - كېچىكىنى قىلىپ بېرىپ خىزمىتىدە بولغان، ئۆزىگە تۇز بەرگەن ئېرى ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن بىراق يۈز ئۆرۈپ ئانىسى بىلەن تەڭلا بۆرە تېرىسىنى كىيىپ قويغانىدى. ئېرى ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بولسا خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك «توۋا» دەپ ياقىسىنى چىشلىگىنىچە بۇ ئىككى «چىشى بۆرە» لەرگە مىختەك قادىلىپ قالغانىدى. شۇنچە تىللىسىمۇ بۇلارنىڭ «بىزەڭلىك» بىلەن ئولتۇرغان ھالىتىگە قاراپ جۇدۇنى ئۆرلىگەن قىزنىڭ ئانىسى قولغا سۈپۈرگە ئېلىپ ئۇلارنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردى.

مېھماننى ئۆزىنىڭ ئاتىسىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان ئېسىل ئەنئەنىمىزگە يات بولغان، پۇلنى دەپ ۋىجدانىدىنمۇ كېچىدىغان بۇنداق قىلمىشلار ئۇلارغا زادى ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كېلەرمۇ؟!

شۇنداق قىلىپ بۇ ياش ئەر - خوتۇن ئاجرىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ توي قىلغىنىغا ئارانلا ئون ئايچە بولغانىدى. بىر گۇناھسىز، نارسىدە بالا پېشانىسىگە ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا تۇرۇپلا بۇ دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ رەزىل قولى ئارقىلىق قىسمەت تەقدىرى يېزىپ قويۇلدى. ئەسلىدە ئېرىنىڭ بالىنى ئۆزىنىڭ ئېلىش نىيىتى بار ئىدى. «بالىنى ئانىسى دېگەن ساراڭ خوتۇنغا ھەرگىز تۇتقۇزمايمەن، ئۆزۈم بىر قوللۇق تەربىيىلەپ چىقمايدىغان بولسام» دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئەپسۇس، سوتتا بالىنى ئۇنىڭغا بۇيرۇماي قويدى. ئانىسى قانداق بولسا بالىسى شۇنداق بولماسمۇ؟ ئەمدى بالامنىڭ كېلەچىكىدىن قىلچە ئۈمىدىم قالمىدى. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ ئۆزىنىڭ بىر پەرىشتىدەك بالىنى قۇربان قىلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۆز - ئۆزىدىن شۇنداق نەپرەتلىنىپ كەتتى.

ئاردىن نەچچە ئاي ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئايالى قىلغانلىرىغا پۇشايمان يەپ يارىشىۋېلىش خۇسۇسىدا ئارىغا ئادەم قويدى. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ ئايالىنى ھەر قانچە قىلىپمۇ كەچۈرەلمەيدىغانلىقىنى، ئەمدى قەتئىي توي قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

www.uyghurkitap.com



# ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئەسىر ئاخىرىدا ئىپتىقانلىرى

ئەكرەم ئابدۇمىجىت، نۇرئەخمەت غوپۇر

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

## 11. ئالىمجان ئىسمائىل ئاكا بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** سىزچە ھازىرقى زامان پروزا تارىخىمىزنى قانداق يەكۈنلەشكە بولىدۇ؟

**جاۋاب:** پروزا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن يېڭى ژانىر. ۋاقىت جەھەتتىن ئەمدىلا يېرىم ئەسىر بولدى دېيىشكە بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىزگە ھەقىقىي رېئالىستىك پروزا مەرھۇم يازغۇچىمىز زۇنۇن قادىر بىلەن كىرىپ كەلدى. زۇنۇن قادىر بىزگە ھېكايىنى ئېلىپ كىردى ھەم ھەقىقىي ھېكايىلەرنى تەقدىم قىلدى. بىز مۇشۇنىڭدىن ھېسابلىغاندا، ئۇيغۇر پروزىچىلىقىمىزنى ئۈچ دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1 ـ دەۋر ـ 49 ـ يىللاردىن 79 ـ يىللارغىچە. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاساس سېلىش، ئۇل سېلىش دەۋرى بولدى. بۇ دەۋردە زۇنۇن قادىر، ئەرشىدىن تاتلىق قاتارلىق ئاز بىر تۈركۈم يازغۇچىلار پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

2 ـ دەۋر ـ 79 ـ يىلدىن 90 ـ يىللارغىچە. بۇ بىر ئالاھىدە دەۋر بولدى. بۇ دەۋردە يازغۇچىلار كۆپەيدى. ئەسەرلەر سۈپەت ۋە سان جەھەتتىن يۇقىرى بولدى. بۇ ئون يىل جەريانىدا پوۋېست ئىجادىيىتى ئەدەبىياتىمىزغا رەسمىي كىرىپ كەلدى. بۇ ئون يىلدا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئۆزىدىلا 60 تىن ئارتۇق پوۋېست ئېلان قىلىندى. سۈپەتمۇ يىلدىن ـ يىلغا كۆتۈرۈلدى. رومان ئىجادىيىتىمۇ دەل مۇشۇ دەۋردە بارلىققا كەلدى. بۇ دەۋرنى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىمىزنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» دېسەك بولىدۇ. بۇ دەۋر بىزنى شېئىر مىللىتىدىن ھەقىقىي پروزا مىللىتىگە كۆتەردى.

3 ـ دەۋر ـ 90 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن ھازىرغىچە بولغان ئارىلىق. بۇ دەۋردە بىر قىسىم پېشقەدەملەر دۇنيادىن ئۆتتى. بىر تۈركۈم ياشلار پروزا قوشۇنىغا قوشۇلدى. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە غەرب ئەدەبىياتىنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئىپادىلىدى. كۆزقاراش، ئۇسلۇب مەيدان جەھەتتىن بىزدىن كۆپ پەرقلەندى. بۇ دەۋر يەنە كونىلىق بىلەن يېڭىلىقنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىش دەۋرى بولدى. ھازىرقى ياشلاردا ئۆگىنىش، ئىجاد قىلىش روھى بار. ئەمدىكى مەسىلە ساپا جەھەتتىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش بولۇۋاتىدۇ. بىز ھەربىر ئەدىب ئالدىدىكى ۋەزىپە، ئەمدى ئەدەبىياتىمىزنى قانداق قىلىپ دەۋر ۋە ماكاندىن ھالقىتىپ دۇنياغا يۈزلەندۈرەلەيمىز، دېگەن مەسىلىنى ئويلىنىش بولۇپ قالدى.

**سوئال:** سىز ھازىرغا قەدەر يىگىرمىگە يېقىن پوۋېست ئېلان قىلىپ ئۇيغۇر پوۋېستچىلىقىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولدىڭىز. شۇڭا سىز پوۋېست ئىجادىيىتى ھەققىدە ئاز-تولا سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

**جاۋاب:** ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا پوۋېست ھەم يېڭى، ھەم تېز تەرەققىي قىلغان ژانىر. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام ھازىرغا قەدەر سىلەر دېگەندەك 20 گە يېقىن پوۋېست ئېلان قىلدىم. بۇنىڭ ئىچىدە «يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ»، «يىغلىما قىز» قاتارلىقلار بەدىئىي ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ياخشى چىقتى. ئويلاپ باقسام مۇشۇ يولدا خېلى پىششىپ قالغاندەك تۇرىمەن. بەزىلەر بىرقانچە پوۋېستلارنى يېزىپلا يوقاپ كەتتى. ھەتتا بەزىلەر تۇنجى قەدىمىنى پوۋېستتىن باشلىدى. مەن بولسام بىر خىل

ئىزچىللىقنى ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. بىرقانچە يىللىق ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىمدىن قارىغاندا پوۋېست ئىجادىيىتى ھەققىدە مۇنداق بىرقانچە تەرەپنى ئويلاپ قالدىم. مېنىڭچە گەرچە پوۋېستتا پېرسوناژلار ئاز بولسىمۇ، بىر دەۋر ياكى بىرقانچە يىللارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇش كېرەك. يەنە بىر جەھەتتىن رومانغا قارىغاندا تېز ھەم يېنىك بولۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن يېقىنلاشتۇرۇپ، تۇرمۇشنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىغا كېڭەيتىش كېرەك. بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي تەلىپى، ئەلۋەتتە. بىزنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتىمىزدە خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەت شەكىللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەكۈنلەشكە تېگىشلىك ساۋاقلارمۇ يوق ئەمەس. بۇنىڭ ئاساسلىقى قېلىپلىشىپ قېلىش. بۇ توغرىسىدا كىتابخانلارنىڭ ئىنكاسىمۇ كۈچلۈك. بۇ بىر خىل تاماقنى يەۋەرسە زېرىككەندەكلا بىر ئىش. ئۇنىڭدىن باشقا پوۋېست ھەققىدىكى ئىدىيىلەرمۇ قاتمال، كونا، ئەمەلىيەت بىلەن چىقىشالماسلىق مەۋجۇت. پوۋېستمۇ رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى، ئۇ رېئاللىقتىن ئايرىلىپ قالسا بەربىر سۇنئىي بولۇپ قالىدۇ. پوۋېستچىلىق تارىخىمىزنىڭ قىسقىلىقى، ئاساسىي مېلودىيىنى دەۋر قىلىش، ھەر خىل ئېقىملار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت پوۋېستچىلىقىمىزنىڭ چوڭقۇرلۇق ۋە چىنلىقىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىجادىيىتىدىمۇ بۇنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

**سوئال:** ئىجادىيەتتە باشقىچە بىر يول تۇتۇپ بېقىش خىيالىڭىز بارمۇ؟

**جاۋاب:** يېقىندىن بېرى گېزىتلەرنىڭ تەلىپى بويىچە چاتما ھېكايىلەرنى يېزىشتىن ئىبارەت يېڭى بىر شەكىلدە ھېكايە يېزىپ باقتىم. بۇ خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ قالدى. «قىزىل بىنادىكى لەتىپىلەر» بۇنىڭ مەھسۇلى. بۇنى يەنە داۋاملاشتۇرۇش خىيالىم بار. بۇ جەمئىيەتنىڭ ھەر خىل قاتلاملىرىنى ئېچىپ بېرىشتە ئاجايىپ ئۈنۈملۈك رول ئوينايدىكەن.

## 12. تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن ھەدە بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** تۇرسۇنئاي ھەدە، سىز «جەننەتتە»، «بۇلبۇل ناۋاسى»، «چىغىر يول»، «سەھرا نەزمىلىرى»، «گۈلنىھال» قاتارلىق توپلاملىرىڭىز ئارقىلىق، ئۇيغۇر شائىرەلىرى ئىچىدىكى پېشىۋالىرىدىن بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ھازىر يېڭىدىن يېتىشىپ چىقىۋاتقان شائىرەلەرگە بولغان قارىشىڭىز قانداق؟

**جاۋاب:** ئىلگىرىكى يىللاردا شائىرەلەر ناھايىتىمۇ ئاز ئىدى. مۇشۇ بىرقانچە يىلنىڭ ئىچىدە بۇ قوشۇن تېز كۆپەيدى. مەن ئالدىنقى يىلى قەشقەرگە بارغانىدىم. خاس قەشقەر شەھىرىدىلا 20 دىن ئارتۇق شائىرە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ئىنتايىن جۇشقۇن ئىكەن. ھەر ئايدا دېگۈدەك ئىجادىيەت سالونلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەن. ئالدىنىڭ بىر-ئىككىدىن كىتابى نەشر قىلىنىپتۇ. ھەتتا بەزىلىرى كىتاب نەشر قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇمچىگىچە كەپتۇ. قارالى، بۇلاردىكى جاسارەتنى. بۇ ئەھۋال بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھېچبىر دەۋردە بولۇپ باققان ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتىمۇ ياخشى، ئۇسلۇبىمۇ ئۆزگىچە، بۈگۈنكى دەۋردىكى يېڭىچە ئەدەبىيات كۆزقاراشلىرىغا ئىگە. چىمەنگۈل ئاۋۇت، زۇلفىيە كولتېكىن، بۇھەجەر ئارمىيە ئېلى قاتارلىقلار ئۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

**سوئال:** سىز شېئىرلىرىڭىزدا لىرىك ھېسسىيات بىلەن ۋەقەلىكنى قانداق ئۇسۇل ئارقىلىق بىر-بىرىگە سىڭدۈرۈۋېتىسىز؟

**جاۋاب:** مەن شېئىر يازغاندا، ئالدى بىلەن مۇئەييەن بىر مەنزىرە كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئاندىن كېيىن لىرىك ھېسسىياتنى مەنزىرە ئىچىگە تەدرىجىي ۋە ئاستا-ئاستا سىڭدۈرىمەن. ھېسسىيات تەدرىجىي قويۇقلىشىپ ماڭىدۇ. مەسىلەن، «قارا ئۆرۈك» ناملىق شېئىرىمدا، قىز-ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى ۋىسال ۋە ھىجران ئارىلاشقان مۇھەببەت تۇيغۇسىنى «قارا ئۆرۈك»كە سىمۋوللاشتۇرۇپ، مەۋھۇملۇقنى كونكرېتلىق ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەردىم. شېئىرلىرىمنىڭ مۇتلەق كۆپى مەنزىرە، ۋەقەلىك ۋە لىرىك ھېسسىياتتىن مەيدانغا كەلگەن. ھازىر بۇرۇنقىغا ئوخشاش ھېسسىياتنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ يازالمىسامۇ، نەسىھەتچى بولۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىمەن.

**سوئال:** سىز ھازىر يېڭى شېئىرىيەت ھادىسىسىگە قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** مۇنداقچە ئېيتقاندا مەنمۇ يېڭى شېئىرىيەت ساھەسىگە قىزىقىمەن. شېئىرلىرىمدىمۇ ئانچە-مۇنچە گۇڭگىلىق بار. لېكىن مەن يېڭىچە شېئىرىيەتنىڭ بىر پۈتۈن چوقۇنغۇچىسى ئەمەس. مېنىڭچە شېئىرىيەت ئەمدى ھەقىقىي ماھىيىتىنى تاپتى دەپ قارايمەن. بەزىلەر بۇ شېئىرلارنى خەلق ياخشى كۆرمەيدۇ دەيدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. ياخشى كۆرۈپ ئوقۇۋاتقانلارمۇ كۆپ. ھەتتا مەن ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى» ناملىق توپلامىنى ئادەتتىكى باققاللارنىڭمۇ قىزىقىپ ئوقۇۋاتقانلىرىنى كۆردۈم. يېڭىچە شېئىرلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىز دېيەلمەيۋاتقان يۈرەكتىكى گەپلەرنى دېگەنلىكىدە ھەم شۇ شېئىر ئارقىلىق بىزدە يېڭى بىر پىكىر، تەپەككۇر ھاسىل قىلالىغانلىقىدا.

**سوئال:** سىز يېقىندىن بېرى باللار ئەدەبىياتىغا بەكرەك كۈچەۋاتىسىز. بۇنىڭدا بىر سەۋەپ بارمۇ،

www.uyghurkitap.com



قانداق؟

**جاۋاب:** مەن 59 - يىلى ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. شۇ ۋاقىتلاردىلا بالىلار ئەدەبىياتىغا قىزىقاتتىم، كېيىنچە بۇ ساھەدە ئىزچىل ماڭالمىدىم. مۇشۇ بىر - ئىككى يىل ئىچىدە ئويلاپ باقسام بۇ ساھە خېلىلا «ئاق» ئىكەن، ئابلىكىم ھەسەن بىلەن زاماندىن پاكزات قاتارلىق قابىل ياشلار بالىلار شېئىرىيىتىنى خېلىلا يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتتى. بىراق بالىلار ھېكايىلىرى بەكلا ئاز. مەن مۇشۇ بوشلۇقنى ئازراق بولسىمۇ تولدۇرۇش ئۈچۈن بۇ ساھەگە كىردىم. نەتىجەم يامان ئەمەس. يېقىندا «سەھرادىن كەلگەن قىزچاق» ناملىق توپلىمىم نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا «نۇرۇگۇم»، «كۆكۈللۈك كۆنلەر» قاتارلىق بالىلارغا بېغىشلانغان چاتما ھېكايىلەرنى يېزىۋاتىمەن. بۇ ساھەگە بۇرۇنراق كىرمىگىنىمگە ئۆكۈنىمەن.

## 13. ھېزىم قاسىم ئاكا بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** سىزچە ئەدەبىياتنىڭ رولى قانداق بولۇش كېرەك؟

**جاۋاب:** دۇنيا بىر مىللەتنى، شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق تونۇيدۇ. يەنى مەزكۇر مىللەت، ئۆز ئەدەبىياتى ئارقىلىق باشقا مىللەتكە مەدەنىيىتىنى، تارىخىنى، ئۆرپ - ئادىتىنى ۋە ئەينى رېئاللىقنى تونۇتىدۇ. شۇڭا ئەدەبىياتنىڭ رولى تەربىيىلەش ئەمەس، بەلكى مىللەتنى باشقىلارغا تونۇتۇشتىن ئىبارەت.

**سوئال:** سىزچە يازغۇچىنىڭ يېزىقچىلىق ئۇستىلى قانداق بولۇش كېرەك؟

**جاۋاب:** ئەدەبىيات ئىنسان روھىدىن پارلىغان نۇر. دېمەك، بۇ نۇرنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بار. بۇ قانۇنىيەتنى تىرىشىپ- تىرماشقان، «تاشقا مىخ قاقالايدىغان» ئادەملەرلا تاپالايدۇ. مېنىڭچە، ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيىتىنى تېپىكلىك، چىنلىق، ئوبرازلىقلىقتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپتە دەپ قارايمەن. قارىماققا ئۇ يۇمشاق گۆشكە ئوخشايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق تەس. بىزنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان بىرمۇ ئادەم يوق. بىزنىڭ ئەدەبىياتچىلىرىمىزنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى تۆۋەن، ئەدەبىياتنىڭ ماھىيىتى، ۋەزىپىسى ۋە مەقسىتى دېگەنلەر ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيدۇ. ئەدەبىيات ئادەمنى يازىدۇ، ئۇنداقتا ئادەم دېگەن نېمە؟ ئادەم دېگەن يېرىم پەرىشتە، يېرىم يىرتقۇچ نەرسە. ئەدەبىيات ئەنە شۇ ئادەمدىكى ياخشىلىق ھەم يامانلىقتىن ئىبارەت قوشكېزەكنى ئىپادىلىشى كېرەك. مەن بۇ تەرەپلەرنى دەل يازغۇچىنىڭ ئۇستىلىدىن ئايرىپ قارايمەن.

**سوئال:** ئوبزورچىلىقنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى رولى قانداق؟

**جاۋاب:** مېنىڭچە بىر ئوبزوردا، ئەسەرگە ھەممە تەرەپتىن باھا بېرىپ بولۇش ناتايىن. شۇڭا ئوبزوردا ئەسەرنىڭ دېيىشكە تېگىشلىك تەرىپىنى يورىتىپ بېرەلىسىلا بولىدۇ. «ئوبزورچىلىق بولمىغان ئەدەبىيات قاشاسىز كۆلگە ئوخشايدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇنىڭدا ئادەممۇ، ئىتمۇ، ئېشەكمۇ سۇ ئىچىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. مېنىڭچە بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئوبزورچىلىقنى يۈكسەلدۈرۈش كېرەك.

## 14. ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ئاكا بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** ئەبەيدۇللا ئاكا، سىز «تۇندىكى چاقماق»، «داغ» رومانلىرىڭىز ئارقىلىق تارىخىي رومانچىلىقتا ئۆزىڭىزگە خاس تەجرىبىگە ئىگە بولدىڭىز، سىز مۇشۇ تەجرىبىلىرىڭىزنى قىسقىچە سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

**جاۋاب:** رومانچىلىق ناھايىتى چوڭ بىر ساھە، ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا تارىخىي رومانلار بىرقەدەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىۋاتىدۇ. بۇ تەبىئىي ئەھۋال. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ رومانچىلىقى تارىخىي روماندىن باشلىنىدۇ. مەنمۇ بۇ جەھەتتە ئىزلىنىپ بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازاندىم. مېنىڭ قارىشىمچە تارىخىي رومانلاردا ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال تارىخىي ۋەقەمۇ ۋە شۇنىڭغا ماسلاشقان ھالدىكى توقۇلمىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تېپىش كېرەك. بەزىلەر تارىخىي رومانلاردىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى چوقۇم تارىخىي شەخسلەر بولۇشى كېرەك ھەم ئۇ قانداق بولسا، شۇنداق يېزىلىش كېرەك دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە تارىخىي روماننىڭ مەقسىتى تارىخنى قايتا كۆرسىتىپ بېرىش ئەمەس، بەلكى ئەينى تارىخنى ھازىر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش. شۇڭا بەزى تارىخىي شەخسلەرنى ئاز - تولا توقۇلما قىلمايمۇ بولمايدۇ. لېكىن ئۇ توقۇلما جەزمەن ئاساسىي تېما ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك. سىنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭنى يورىتىپ بەرسە بولىدۇ. مەسىلەن، مەن «داغ» رومانىدىكى نىياز ھېكىمبەگ ئوبرازىنى شۇنداق ياراتتىم. دېمەكچىمەنكى، تارىخىي رومانلاردا ئەنە ئاشۇنداق ئىپادىلىمەكچى بولغان مەقسەتنى تارىخنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلەش كېرەك. تارىخىي رومانلاردا تارىخ روماننىڭ جازىسى بولسا، توقۇلما ئۇنىڭ بېزەكلىرىدىن ئىبارەت. شۇڭا تارىخىي رومان يازىدىغان ئادەم تۆۋەندىكى ئۈچ شەرتنى ھازىرلاش كېرەك: ① پىشقان تارىخشۇناس؛ ② ياخشى ئەدىب؛ ③ كۆچلۈك سىياسىيون. بۇ ئۈچ تەرەپتىن بىرسى كەم بولىدىكەن، يازغان ئەسەر

مۇۋەپپەقىيەتسىز چىقىدۇ. يېزىلىپ روياپقا چىقمىغان ئەسەرنىڭ قىممىتى نۆل بىلەن باراۋەر.

**سوئال:** سىز ئۇيغۇر رومانچىلىقىدىكى سان ۋە سۈپەت مەسىلىسىدىن قايسىسىنى تەكىتلەيسىز؟

**جاۋاب:** پەلسەپە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، سان مۇئەييەن چەككە يەتكەندە ئاندىن سۈپەت بولىدۇ. بىز ساننى قوغلاشمىساقمۇ بولمايدۇ، بىراق بىزنىڭ رومانچىلىقىمىزنىڭ تارىخى قىسقا بولسىمۇ، باشلىنىش نۇقتىسى يۇقىرى. شۇڭا سۈپەت مەسىلىسىدە ئەمدى باشلىنىدۇ ئەمەس، تۇنجى رومان چىققاندىن باشلاپلا باشلانغان دەپ قارايمەن. بىزدە سۈپەتلىك رومانلار بەك ئاز. بۇنىڭدىكى سەۋەب بىزدىكى ناتۇراللىزملىق خاھىشنىڭ كۈچلۈكلىكىدە.

**سوئال:** سىزچە رومانلاردىكى پېرسوناژلار خاراكتېرى قانداق يارىتىلىشى كېرەك؟

**جاۋاب:** هازىرقى بىزنىڭ رومانچىلىقىمىزدا خاراكتېر يارىتىشتا ئېغىر بىر سەۋەنلىك مەۋجۇت. ئۇ بولسىمۇ ئاپتور تىلىغا تايىنىش ئارقىلىق خاراكتېر يارىتىش. بۇ ياخشى ئەمەس، ئەسلى پېرسوناژ خاراكتېرىنى پېرسوناژ ئۆزى يارىتىش كېرەك. پېرسوناژ ئۆز خاراكتېرىنى ئۆز سۆزى، ئۆز ھەرىكەت پائالىيىتى ئارقىلىق يارىتسۇنكى، ھەرگىزمۇ ئاپتورنىڭ ياندىن بەرگەن تەسۋىرى ئارقىلىق يارىتىلمىسۇن. بىزنىڭ رومانلىرىمىزدا سىرتقى تەسۋىرنى، قىياپىتىنى، روھىي ھالىتىنى، مىجەز - خۇلقىنى بىرلا ئورۇندا بىراقلا تەسۋىرلىۋېتىش ئېغىر. بۇنداق خاراكتېر سۇنئىي بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا خاراكتېرنى ماسلاشقان مۇھىتقا سىڭدۈرۈۋېتىش كېرەك. بۇ دېگەنلىك رومانىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە چېچىۋېتىش كېرەك دېگەنلىك. بىزدە پېرسوناژ ئىزچىللىقى ئاجىز. روماندىكى ھەربىر سۆز، ھەتتا ھەر بىر چېكىتنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئورنى، رولى، ئەھمىيىتى بولۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا پېرسوناژ چىنلىقى مەسىلىسىدە خاسلىقىنىمۇ چىڭ تۇتۇش كېرەك. كۆپ قاتلاملىق تەسۋىرلەر ئارقىلىق، كۆپ قاتلاملىق پېرسوناژ خاراكتېرىنى يارىتىش مۇھىم مەسىلىدۇر.

## 15. مەتتىمىن ھوشۇر ئاكا بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** مەتتىمىن ئاكا، سىز «سارالڭ» تېمىسىدىكى بىر تۈركۈم ھېكايىلىرىڭىزدە شەكىل جەھەتتىن يېڭىلىق ياراتتىم دەپ قارامسىز؟

**جاۋاب:** مېنىڭ «سارالڭ» تېمىسىدىكى ھېكايىلىرىم سەككىز پارچىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە «قىرلىق ئىستاكان»، «چاخوراز» قاتارلىقلار ياخشى چىقتى. لېكىن مەن بۇ ھېكايىلىرىم ئارقىلىق ھېچكىم بىلمەيدىغان يېڭى يول ھاسىل قىلدىم دەپ قارىمايمەن. چۈنكى بۇ ھېكايىلىرىمدىكى بەزى ئامىللار ئەزەلدىنلا بىزنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا مەۋجۇت. بىز پەقەت ئەسلى بار يولنى ئىزدەپ تاپتۇق. شارائىتمۇ بىزگە يول ئېچىپ بەردى.

**سوئال:** ھازىرقى تەنقىدچىلىك ئەھۋالىمىزغا قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** مېنىڭچە، ھازىرقى تەنقىدچىلىك ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىگە يېتىشەلمەيۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ تەنقىدچىلىكىمىزنى ئاجىز ھالقا دەپ قاراشقا بولمايدۇ. يېقىندىن بىر تۈركۈم ياشلار يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. پات يېقىندا بىز ئوبزورچىلىقنىڭ ياخشى، جانلىق مەنزىرىسىنى كۆرەلەيمىز. مەن يەنە شۇنداق قارايمەنكى، ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىگە ئەگىشىپ ئەدەبىيات نەزەرىيىسىمۇ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى كېرەك. ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىدە نەزەرىيىگە چۈشمەيدىغان مەسىلىلەر خېلى بار. شۇڭا ئوبزورچىلىرىمىز كونا ۋە قاتمال نەزەرىيىلىرىنى تاشلاپ يېڭىدىن يېڭى تەنقىد ئۆلچەملىرىنى تېپىپ چىقىشى كېرەك.

**سوئال:** ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىك مەسىلىسىگە قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** ئەدەبىيات روھقا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، روھتا بار نەرسە ئەدەبىياتتا ئىپادىلەنمەي قالمايدۇ. چەت ئەل ئەسەرلىرى قۇرۇلما جەھەتتىن ئاجايىپ مۇكەممەللىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇش بىزنىڭ بولمىغانلىقتىن بىزنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىمىز بەرگەن لەززەتنى بېرەلمەيدۇ. دۇنياۋى سەۋىيىگە ئىگە ئەدەبىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى مىللىيلىككە ئىگە بولۇشتا. شۇڭا بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىز قانچىكى مىللىيلىككە ئىگە بولسا شۇ چاغدىلا ئۇ دۇنياۋى سەۋىيىگە ئىگە بولالايدۇ. ئەسەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى تىلىدىكى داغدۇغىلىقتا ئەمەس، بەلكى چىنلىقتا، مىللىيلىكتە!

**سوئال:** يېقىندىن بېرى بەزى مەتبۇئاتلاردا ئىزلەنمە ھېكايىلەر ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. سىز بۇلارغا قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** ئىزلەنمە ھېكايىلەرنىڭ بەزىلىرى خېلى ياخشى. ئۇلاردا ئادەمنىڭ روھىي پائالىيەتلىرى ئېچىپ بېرىلگەن. بىر ئوقۇپ چىققاندىن كېيىنلا ئادەمنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغايدۇ. لېكىن بەزىلىرى قالايمىقانلاشتۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چەت ئەلنىڭكىدىن كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقانلارمۇ بار. كۆچۈرۈپ كېلىش، ئەينەن دوراش ياخشى ئەمەس. بۇ خۇددى ناخشىلارغا ئوخشاشلا بىر ئىش. مەسىلەن، بىرمۇنچە ناخشىلار (يېڭى زامان ناخشىلىرى) ئادەمنىڭ ئېسىدە پەقەت قالمايدۇ ۋە بىر مەزگىلدىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ ھاياتى

uyghurkitap.com


كۆچىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. لېكىن بىز خەلق ناخشىلىرىغا قاراپ باقايلى، ئۇلار بىر ئۆمۈر بىزنىڭ ئېسىمىزدىن چىقمايدۇ.

**سوئال:** گەرچە سىز شائىر بولمىسىڭىزمۇ، گۈڭگا شېئىرلار ھەققىدىكى قارىشىڭىزنى ئاڭلاپ باقساق؟

**جاۋاب:** گۈڭگا نەرسىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس گۈزەللىكى بار. بۇ خۇددى رەسىمنى بەك ئېنىق سىزىۋەتسە گۈزەللىك نامايان بولمىغاندەك، بىرئاز گۈڭگالىق ئىچىدىكى مەنزىرىنىڭ ئادەمنى قىزىقتۇرغىنىدەك بىر ئىش. گۈڭگالىق شېئىرىيەتتىلا ئەمەس، بەلكى بەزى نەسرىي ئەسەرلەردىمۇ بولۇش كېرەك. قىسمەن نەرسىلەرنى كىتابخانلارغا تاشلاپ قويۇش ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. لېكىن ھەددىدىن زىيادە ئادەم چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەرنى گۈڭگا دەپ قارىساق ياخشى ئەمەس. دېمەك، بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ھەممىسىنىڭ تەڭ ئېچىلغىنى ياخشى، بۇنىڭ ياخشى - يامىنىنى كىتابخانلار ۋە تارىخ ئايرىيدۇ.

**سوئال:** يېقىندىن بېرى بىزنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىمىز ئازلاپ كەتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەب نېمە؟

**جاۋاب:** سەھنە ئەسەرلىرىنى ھازىرقى كىنو - تېلېۋىزىيە سىقىپ چىقىرىۋەتتى. لېكىن بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تەرجىمە. شۇڭا بىز بۇ جەھەتتىمۇ مىللىيلىككە يۈزلىنىشىمىز كېرەك. ھازىرقى كىنو - تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئۈن - سىن بازارلىرىنىڭ ئەركىنلىشىشىگە ۋە جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، بىزنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىمىزمۇ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن.

## 16. ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ئاكا بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** سىزچە بىر تەنقىدچىدە قانداق پەزىلەت بولۇش كېرەك؟ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تەنقىدچىلىكىدە يېتەرسىز تەرەپلەرنى ھېس قىلدىڭىزمۇ؟

**جاۋاب:** مېنىڭچە، ھەرقانداق بىر ئوبزورچىدا مۇنداق ئىككى خىل پەزىلەت بولۇش كېرەك. ئۇنىڭ بىرى، ئەخلاق؛ يەنە بىرى، ئىقتىدار. بۇ ئىككى تەرەپ خۇددى ئىككى قاناتقا ئوخشاش ئوبزورچىنى ئىجادىيەتتە پەرۋاز قىلدۇرىدۇ. بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئوبزورچىلىق ساھەسىنى ئومۇمىي جەھەتتىن كۆزىتىدىغان بولساق يېتەرسىزلىكلەرمۇ خېلى بار. بۇ ئەھۋال تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن كۆرۈلىدۇ.

① مەيلى چوڭلاردا بولسۇن ياكى ياشلاردا بولسۇن ئۆگىنىش روھى كەمچىل. قاتماللىق ئېغىر، ئىجادىيەت خۇراپاتچىلىقمۇ بۇنىڭ ئىچىدە؛

② ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش، ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتنى تەھلىل قىلىش، ئۆگىنىش كەمچىل. بۇ ئوبزورچىلىقتىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئەدەبىياتىمىزدىكى ئومۇمىي ھادىسە؛

③ بىزدە ئوبزورچىلىقتا تەربىيىلەش، تەشكىللەش يوق. مۇھاكىمە قويۇق ئەمەس، راۋاجلىنىش ئاساسى ئاجىز. شۇڭا ئوبزورچىلىرىمىزدا مەخسۇسلىشىش بولمايۋاتىدۇ؛

④ ساغلام بولغان ئوبزورچىلىق ئىستىلى كەم. بۇ بەكمۇ مۇھىم تەرەپ. بىراق ئوبزورچىلىرىمىز نېمىشقىدۇر بۇ مەسىلىگە سەل قاراۋاتىدۇ؛

⑤ بىزنىڭ ئوبزورچىلىرىمىزدا يەنە قۇربان بېرىش روھى كەمچىل. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر بازار ئىگىلىكى شارائىت جەھەتتىن تېخىمۇ قىستاپ قويىدى. مەنمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمىدىم.

**سوئال:** بىر ئەدىبنىڭ بىرقانچە ژانىرلاردا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** ھەرقانداق بىر ئىجادىيەتچىدە كۆپ قاتلاملىق ئىقتىدار بولىدۇ. گەپ شۇ خىل ئىقتىدارنى قانداق ۋاقىتتا، قانداق ئۇسۇل ئارقىلىق جارى قىلدۇرۇشتا. مېنىڭچە، ئەدەبىياتنىڭ دۇنياسى ناھايىتى كەڭ. بىز ياشاۋاتقان دۇنيا تارايغانسېرى ئەدەبىياتنىڭ دۇنياسى كېڭىيىۋاتىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ئىجادىيەتچى بۇ ساھەدە ئۆز ئىقتىدارىنى كۆرسەتسە بولۇۋېرىدۇ. بىر ئىجادىيەتچى ئۆزىگە ئىشىنىشى، ھەممە ئىشنى قىلالايمەن دەپ قارىشى، باشقىلارغا خۇراپىلارچە چوقۇنۇۋالماسلىق كېرەك.

**سوئال:** سىز بىر ئوبزورچى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن شېئىرغا قانداق تەبىر بېرىسىز؟ ھازىرقى ياشلارنىڭ يېڭىچە شېئىرلىرىغا قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** شېئىر دېگەننىڭ ئۆزىگە تەبىر بەرگىلى بولمايدىغان نەرسە. شېئىرلا ئەمەس، ھېكايە، رومانلارمۇ شۇنداق بولۇش كېرەك. نەزەرىيىنىڭ ئۆزى بىر قېلىپ. ئۇنىڭغا بەك ئاساسلىنىپ كەتسەك ئىجادىيەتتىكى رەڭگارەڭلىكنى يوقىتىپ قويىمىز. شېئىر ھەققىدە تۈرلۈك پاراڭلار بولدى. بەزىلەر شېئىردا ھېس - تۇيغۇ ئاساس، ئوي - پىكىر يوق دېسە، بەزىلەر بۇنىڭغا قارشى پىكىر قىلدى. بۇ ئەھۋال سىلەر دەۋاتقان يېڭىچە شېئىرىيەت ھادىسىدە كۆپرەك كۆرۈلدى. مېنىڭچە، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئەسىرىدە ئوي - پىكىر بولىدۇ. ھېچ بولمىغاندا كىتابخان مۇئەييەن بىر ئوي - پىكىرنى ھېس قىلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئىجادىيەتچى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك. گۈڭگا قىلىمەن دەپ چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەرنى يازساق تېخىمۇ بولمايدۇ. خەلقئارا سەۋىيە دېگەن ئابستراكىت نەرسە ئەمەس. ئاۋۋال ئۆزۈڭدىن چىققاننى ئېتىراپ قىلساڭ ئاندىن خەلقئاراغا يۈزلىنىدۇ. مەسىلەن، بىز مەرھۇم شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «تۈگمەس ناخشا»سىنى ئېتىراپ قىلدۇق. كۆككە

كۆتەردۇق. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ خەلقئارالىغا يۈزلىنەلىدى ياكى تونۇلدى. ھازىرقى يېڭى شېئىرىيەتكە كەلسەك، پەيدا بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە چوڭ ئۆلگىرىلەش بولمىدى. كېيىنكى تەقدىرىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى، ئۇ ھەققە ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن بۇ شېئىرىيەتنى ئىنكار قىلىۋېتەلمەيمىز.

**سوئال:** سىز ھازىر چىقىۋاتقان ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سۈپىتىگە قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** مەن بىر ئوبزورچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلاردىن چىقىۋاتقان ژۇرناللارنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. بۇ ژۇرناللار ئىچىدە ھازىرقى ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىمىز، مىللىتىمىزدىكى ئىللەتلەرنى بىرقەدەر ئەتراپلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىۋاتقان ژۇرناللاردىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، ياشلارنىڭ دادىللىق بىلەن ئىزدىنىشىگە يول ئېچىپ بېرىۋاتقان «تەڭرىتاغ»، يەرلىك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلۈشتە «ئىلى دەرياسى» قاتارلىق ژۇرناللار سۈپەتلىك چىقىۋاتىدۇ.

## 17. مۇھەممەت باغراش ئاكا بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە ئويلىغانلىرىڭىزنى قىسقىچە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

**جاۋاب:** كەچۈرىسىلەر ئۇكىلىرىم، مەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە سىلەر قانائەتلەنگۈدەك بىرنەرسە دەپ بېرەلمەيمەن. نېمىشقا دېسەڭلار، ھازىرقى ئەدەبىياتىمىز توغرىسىدا ئانچە كۆپ نەرسە بىلىپ كەتمەيمەن، چۈنكى باشقا تىللاردىكى ماتېرىياللارنى كۆپرەك كۆرۈۋاتىمەن. شۇنداقلا مەن كىتابنى تاللاپ ئوقۇيمەن. ئاڭلىسام خېلى كۆپ كىتابلار نەشر قىلىنىپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سۈپەت مەسىلىسىگە بىرنەرسە دېمەك تەس. چۈنكى بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز ئۆگەنمەيدۇ، ئوقۇمايدۇ. بىرلا يېتىلىۋالسا ياكى پىشۋالسا، شۇ دەسمىي بويىچە بولىدۇ ـ دە، ئۆزىنى قايتا يېڭىلاپ بېقىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا نۇرغۇن يازغۇچىلىرىمىزنىڭ قانداق كىتاب نەشر قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ دېمەكچى بولغىنى ماڭا ئايان.

**سوئال:** سىز بىرقانچە يىلدىن بېرى تىل ۋە تەپەككۇر جەھەتتىن ئۆزگىچىلىككە ئىگە بىر تۈركۈم ھېكايە ۋە پوۋېستلارنى يېزىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىدىڭىز. سىز بۇندىن كېيىن بىرەر يىرىك ئەسەر يېزىشنى ئويلىدىڭىزمۇ؟

**جاۋاب:** ھازىر ئۈچ پارچە رومانىنى بىراقلا يېزىۋاتىمەن. بۇ خىل يېزىقچىلىق ئۇسۇلىمۇ بولىدىكەن. بىردىن زېرىكسىڭىز، يەنە بىرىنى يازىدىغان گەپكەن، شۇنىڭ بىلەن يېزىقچىلىقتىن زېرىكىپ قالمايدىكەنسىز. بۇ رومانلىرىمنىڭ ئىككىسى ئاياللار تېمىسىدا. بىراق پۈتمىگەن ئەسەر توغرىسىدا سىلەرگە تەپسىلىي مەلۇمات بېرەلمەيمەن.

**سوئال:** سىز ھازىرقى يازغۇچىلىرىمىزدىن كىملەرنى ئالاھىدە تىلغا ئالىسىز؟

**جاۋاب:** راستىنى ئېيتسام، ھايات كىشىلەر ھەققىدە بىرنېمە دېيىشنى خالىمايمەن.

## 18. خالىدە ئىسرائىل بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** خالىدە ھەدە، سىزنىڭ ھېكايە ـ پوۋېستلىرىڭىز ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ھېكايىچىلىقىدىن بىرئاز پەرقلىنىدۇ. بۇ سىزنىڭ ئىجادىيەتتە يېڭىچە يول تۇتقانلىقىڭىزنىڭ نەتىجىسىمۇ ياكى غەرب ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدىنمۇ؟

**جاۋاب:** «ئەسەر ئىگىسىگە ئوخشايدۇ» دېيىدىغان گەپ بار. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەسەرنىڭ قانداق بولۇشى، ئاپتورنىڭ بەدىئىي دىتى، بىلىم قۇرۇلمىسى، دۇنيا قارىشى، مىجەز ـ خاراكتېرى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئاشۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەن ئۆزۈممۇ يېڭى نەرسىلەرنى تېز قوبۇل قىلىدىغان ئادەم. كىتاب ـ ماتېرىيالنى كۆپ كۆرىمەن، ھاياتتىكى سىرلىق ئىشلارغا قىزىقىمەن. ئەسەرلىرىمنىڭ يېڭىراق بولۇشىغا، بىر خىل سىرلىق تۈس ئېلىشىغا، خۇلاسىسىنىڭ كۈتمىگەن يەردىن چىقىشىغا ئەھمىيەت بېرىمەن. سۆز قابىلىيىتىم تازا ياخشى ئەمەس، خىيال سۈرۈش، ئويلىنىشنى ياخشى كۆرىمەن. شۇڭا ئەسەرلىرىمدىمۇ تەبىئىي ھالدا روھىي دۇنيا تەسۋىرىگە ئەھمىيەت بېرىمەن. غەرب ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى مەسىلىسىگە كەلسەم، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى كۆپ كۆرەلمىدىم. بىزگە تەرجىمە قىلىنغىنىمۇ چەكلىك. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىۋاستە تەسىرىگە ئۇچرىدىم دېيەلمەيمەن. ۋاستىلىق ھالدا ئاز ـ تولا ئۇچرىمىدىممۇ دېيەلمەيمەن.

**سوئال:** يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئېلان قىلىنىۋاتقان ئۆزگىچە ئۇسلۇبتىكى ھېكايىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز؟

**جاۋاب:** مەن ئۇ ھېكايىلەرنى ئانچە كۆپ كۆرەلمىدىم، كۆرگەنلىرىمگە ناھايىتى قىزىقتىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەقىقەتەن ياخشى ھېكايىلەر بار ئىكەن. مېنىڭچە، بۇ خىل ئىزلىنىش ئىنتايىن قىممەتلىك. بۇ خىل ئىزلىنىشلەر

www.uyghurkitap.com

پۈتكۈل ئەدەبىياتىمىزنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىگە جەزمەن ئىجادىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىرلا يېرى بەك غەيرى، ئاجايىپ - غارايىپلىقنى قوغلىشىپ چۈشىنىكسىز بولۇپ كەتكەن. بىز تۇرۇۋاتقان تارىخىي شارائىت، مۇھىت خەلقىمىزنىڭ ساپاسى يەنىلا رېئالىزمغا (بارلىق ئىلغار ئەدەبىيات ئامىللىرىنى رەت قىلمايدىغان، ئېچىۋېتىلگەن، يېڭىچە رېئالىزمغا) موھتاج. چەت ئەللىك قايسىبىر تەنقىدچىنىڭ: «يولىسىس» ھەقىقەتەن يۇقىرى پەللە، لېكىن ھەممە ئەسەر «يولىسىس» تەك بولۇپ كەتسە ئەدەبىيات ھېچكىم ئوقۇمايدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان بولاتتى، دېگەن بىرسۆزى ماڭا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى. دېمەك، ھەممىمىز بەكمۇ غەلىتە، چۈشىنىكسىز نەرسىلەر بىلەن بولۇپ كەتسەك خەلقنى، رېئاللىقنى ئۇنتۇپ قالغان بولىمىز. ئۇ چاغدا خەلقمۇ بىزنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا % 90 ئوقۇرمەنلىرىمىز يەنىلا ئاددىي، چۈشىنىشلىك ئەسەرلەرنى ياخشى كۆرىدىكەن. مەن بۇنىڭلىق بىلەن ھەممە ئادەم شۇنداق يازسۇن دېمەكچى ئەمەس، ئەمما خەلقىم، مىللىتىم ئۈچۈن يازىمەن دېگۈچىلەر ئالدى بىلەن ئەسىرىنىڭ ئوقۇشچانلىقىنى نەزەرگە ئېلىش زۆرۈر. ئۆزۈم ئۈچۈن، بەدىئىي شەكىل ئۈستىدە ئىزلىنىش ئۈچۈن يازىمەن دېگۈچىلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئۇنداقلار بەك كۆپ بولۇپ كەتسە تازا مۇۋاپىق بولماسمىكىن.

## 19. ئابدۇقادىر جالالىدىن بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** ئابدۇقادىر مۇئەللىم، سىزچە ئەدەبىيات بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولۇش كېرەك؟ بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بۇنى قانچىلىك ھەل قىلالىدى؟

**جاۋاب:** ئەدەبىيات بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتى دېگەن گەپ بىر قاتمال قاراش. بىر پارچە ئەسەر روياپقا چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئەسەرنىڭ ئۆزىمۇ رېئاللىق بولىدۇ. رېئاللىق كەڭ ئۇقۇم، ئەلۋەتتە ئەدەبىياتمۇ بۇنىڭ ئىچىدە. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەرەققىي قىلغان دۇنياۋى ئەدەبىيات، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋقەنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت يۆنىلىشنى يوقىتىپ قويدى. ئەينى دەۋرلەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە نەۋائىيلار بۇ مەسىلىنى ناھايىتى يۈكسەك دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى. ھازىر بولسا ئەدەبىياتىمىز ئەنە شۇ رېئاللىققا ماسلاشقان يىلتىزىنى ئىزدەشكە يۈزلىنىۋاتىدۇ. «گۇڭگا» شېئىرلار ھەرىكىتى ئەنە شۇ ياتلاشقان شېئىرىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتقان ئەدەبىي ھەرىكەت. مېنىڭچە، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىيات دېگەنلىك، رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، رېئاللىققا يېقىنلاشقان ئەدەبىياتتىن ئىبارەت. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى رېئال ئەھۋالدىن قارىغاندا، پروزىمىز رېئاللىقنىڭ تاشقى پوستىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ. ماھىيەتكە يۈزلىنىش كېيىنكى مەسىلە.

**سوئال:** سىزنىڭ قارىشىڭىزچە بىزنىڭ ھازىرقى ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەدەبىيات تەنقىدى، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىيات تارىخىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ تارماقنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى قانداق؟

**جاۋاب:** بىزدە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى يېزىلدى. لېكىن بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىسىگە، پىسخىكىسىغا، تارىخىغا ماس كەلمەيدۇ. بۇ جەھەتتىن بۇ نەزەرىيىلەر بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا خاس ئەمەس. مىللىي ئەدەبىياتقا خاس بولغان نەزەرىيە بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا قانداقمۇ مىللىي ئەدەبىيات تەنقىدىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن. ھەتتا بۇنداق شارائىتتا، ئۇ مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئىمانىدىنمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا يېزىلغان ماقالىلەر باشقىلار ئۈستىدىن قىلىنغان غەيۋەت - شىكايەتتىن، بىر - بىرىنى غاجىلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەن بىر پارچە شاپاق ئۈستىدىن جۇغراپىيىلىك ئورۇن تالىشىپ، گىژىلدىشىۋاتقان چىۋىنلەردىن تولىمۇ بىزار. ئۆز مەۋقەسىنى تاپالمىغان ئەدىبلىرىمىزنىڭ بۆھرانلىرى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەقلىنى يېگىلەتمەكتە. ئۆزگىلەرنىڭ تىلىسكوپلىرى ئۆزىمىزنىڭ يۇلتۇزلىرىنى كۆرۈشكە ئەسقاتمايدۇ. ئەدەبىيات تارىخى مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ ئەلۋەتتە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە ئەدەبىيات تەنقىدى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئىككىسى مۇكەممەل ھەل بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا قانداقمۇ ئەدەبىيات تارىخى مۇكەممەل بولسۇن. يەنە بىر جەھەتتىن تارىخ مۇجمەل بولغان بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئەدەبىيات تارىخىنى ئوڭۇشلۇق يېزىپ چىقىش قىيىن، ئەلۋەتتە!

**سوئال:** ھازىرقى ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى قانداق؟ سىزنىڭچە بۇ ساھەدە يەنە قانداق قىلىش كېرەك؟

**جاۋاب:** خەلق ھامان ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى سەنئەت نۇقتىسىدىن كۆرۈشكە تەلپۈنىدۇ. رومان بىر مىللەت تۇرمۇشىنى مەلۇم دەۋر بويىچە كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئەسەر بولغاچقا ئۇ كىشىلەرنى ئاسان جەلپ قىلىۋالىدۇ. ئۇ يەنە ئۇنىۋېرسال ئەدەبىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭدا يازغۇچىنىڭ ھەممە تەرەپلىرى ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا رومانچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھازىر ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا خېلى كۆپ رومانلار بارلىققا كەلدى. بۇ ياخشى نەتىجە. ھازىر خەلقىمىز چەت ئەل رومانلىرىنى ئوقۇشتىن، مىللىي رومانلىرىمىزنى ئوقۇشقا كۆچتى.

دېمەك، بۇنى رومان ئىجادىيىتىمىزدىكى مۇۋەپپەقىيەت دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، «قۇم باسقان شەھەر»، «لىپىلدان بۇلاق» يۇقىرىقى پىكىرلىرىمىزنىڭ دەلىلى. ئەمدىكى گەپ رومان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتىشىدە. كىمكى مىللەتنىڭ رېئال ھالىتىنى، ئەقىدە - ئېتىقادىنى، ئىلاھىيەت، تەبىئەت قاراشلىرىنى، ماھىيىتىنى ھەقىقىي ئىگىلىيەلىسىلا ئاندىن ئۇ، ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يارىتالايدۇ.

**سوئال:** سىز ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى. سىزنىڭچە ھازىرقى شېئىرىيەتنىڭ سەۋىيىسى 80 - يىللارغا سېلىشتۇرغاندا قانداقراق؟

**جاۋاب:** ھازىرقى شېئىرىيىتىمىزنىڭ سەۋىيىسى 80 - يىللارغا قارىغاندا تاكامۇللىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. بىراق كۆلەم جەھەتتىن 80 - يىللارغا قارىغاندا كەڭ ئەمەس. بۇنىڭدا ھەر خىل سەۋەبلەر بار. كۆپرەك ئىقتىساد كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىر تەرەپلىمە ئىقتىسادىي ئاڭ شېئىرىيەتنىڭ ھاياتلىق بوشلۇقىنى بارغانسېرى تارايتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتكۈل ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مېخانىك پىكىر ۋەكىللىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. ئۇلار «شېئىر بىر مىللەتنى گۈللەندۈرەلمەيدۇ» دېيىشتى. ئەمما گۈللەندۈرەلەيدىغان نەرسىنى تېخى تېپىپ بېرەلمىدى. ئەدەبىيات گۈللەندۈرمەيدۇ، مەڭگۈ ساقلايدۇ. نېمىنى؟ ھەقىقىي ئىنسانىي. ھازىر شېئىرىيەتتە بىر خىل جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. شېئىر خىلۋەت جىرالاردا شىرقىراپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك بىر ئېقىننى ئەسلىتىدۇ.

**سوئال:** سىزنىڭ نەزىرىڭىزدىكى ئەدىب ئەخلاقى قايسى تەرەپنى كۆرسىتىدۇ؟ بىر ئەدىبنىڭ ئوبرازىدا ئۇنىڭ ئەسىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇش كېرەكمۇ ياكى ئۇنىڭ ئەخلاقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇش كېرەكمۇ؟

**جاۋاب:** بىر ئەدىبتە ئىنسانىي قەدىرلەشتىن ئىبارەت بىرلا ئارزۇ، خورلانغان قەدىر - قىممەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يانالايدىغان قەلب بولسىلا كۇپايە. مېنىڭچە، بىر ئەدىبنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەسىرى بىر گەۋدە. ئۇنى ئايرىپ قاراش چوڭ خاتالىق. بىز ھازىرغا كەلگىچە ئۇنى ئايرىپ قاراپ كەلدۇق. شۇنداق كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، يازغۇچىنىڭ ئەسىرى شۇ يازغۇچى ھاياتىنىڭ بىر قىسمى.

## 20. پەرھات ئىلياس بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** ھازىرقى ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا گۇڭگا شېئىرلار بىرئاز بوشىشىپ قالدىمۇ، قانداق؟

**جاۋاب:** ھازىر «گۇڭگا» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ شېئىرلارنىڭ (ئەمەلىيەتتە گۇڭگا دەپ ئاتاش توغرا ئەمەس) بەزى ئېلېمېنتلىرى بىزنىڭ كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە ئەزەلدىن بار ئىدى. بەزىلەر بۇنى بەكلا خاتا چۈشەندى. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل قاراش چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان نەزەرىيىنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن كېلىپ چىقتى. بۈگۈنكى ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا ئەدەبىيات رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە يۈزلەندى ياكى ھازىرقى ئەمەلىيەت ئەدەبىياتتىن رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. گۇڭگا شېئىر دېگىنىمىز - ساپ ئەدەبىيات ھادىسىسى، ساپ ئەدەبىيات دېگىنىمىز تاشقى رېئاللىقتىن قېچىش دېمەكتۇر. دېمەك، ھازىر گۇڭگا شېئىرلارنىڭ بىر دەۋرى ئاخىرلاشتى دېيىشكە بولىدۇ. بىراق پۈتۈنلەي يوقالدى دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇ يەنە مۇئەييەن دەۋردە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىش مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن گۇڭگا شېئىرلارنىڭ بوشىشىپ قېلىشىغا بازار ئىگىلىكى تەسىر كۆرسەتتى. شېئىرنىڭ بازىرى كاسات، ئېپىك ئەسەرلەرنىڭ بازىرى ئىتتىك بولۇۋاتىدۇ.

**سوئال:** سىز بىر ئەدەبىي تەرجىمان بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرىگە قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** مۇنداقچە قارىغاندا بىزنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاساسىنى تەرجىمە ئەدەبىياتىدىن كەلگەن ياكى تەسىر كۆرسەتكەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن، بىزنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزغا رۇس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان. دېمەك، مېنىڭچە ھازىرمۇ تەرجىمىنىڭ رولى چوڭ. تەرجىمە ئىجادىيەتتىن قېلىشمايدۇ. ھازىرقى تەرجىمە ئەھۋالىمىز يۈزەكى بىر تونۇشتۇرۇشتىنلا ئىبارەت بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. يەنە تەرجىمە قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىدى. بىراق تەرجىمانلىرىمىزنىڭ بۇ جەھەتتە كۈچ چىقىرىشى ياخشى ئەمەس. مۇھىمى ئەدەبىي تەرجىمانلىرىمىز كەم. يازغۇچى - شائىرلىرىمىز تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانمايدۇ. شۇڭا مەيلى شېئىر تەرجىمە بولسۇن، مەيلى ئېپىك ئەسەرلەر تەرجىمىسى بولسۇن، پۇچەك ھەم قۇرۇق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەرجىمانلار مەيدانغا چىقسا، ئۇلار ھەم ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن خەۋەردار بولسا ئۇ ھالدا ئەدەبىي تەرجىمە مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا بەكمۇ پايدىلىق ئىدى.

**سوئال:** سىزچە قانداق قىلغاندا شېئىرنى ياخشى تەرجىمە قىلغىلى بولىدۇ؟

**جاۋاب:** شېئىرنى ئەسلى بولسا تەرجىمە قىلمىغان تۈزۈك. بىراق ھەممە ئادەم چەت ئەل تىلى ياكى خەنزۇ تىلىنى بىلىپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن تەرجىمە قىلماي ئامال

يوق. ئىككى تىلدىكى سۆزلۈك ۋە گرامماتىكىلىق قۇرۇلما ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن شېئىرنى تەرجىمە قىلغاندا ئۇنىڭ ئەسلى تىل ئالاھىدىلىكى، قاپىيە، رىتىم قاتارلىقلار بۇزۇلۇپ باشقا بىر رامكىغا چۈشۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكىسى تەرجىمە بىلەن يىراقلىشىپ كېتىدۇ. مېنىڭچە، ھازىرقى شېئىرىي تەرجىمىدە ئاساسلىقى شېئىرىي مەزمۇننى تولۇق چىقىرىش بىلەن بىللە ئەسلى شېئىردىكى شېئىرىي پۇراق، شېئىرىي تۇسنى ساقلاپ قېلىش ئىنتايىن مۇھىم. يەنە بىر تەرەپتىن تەرجىمىگە قانچە كۆپ ئىشلىسە، قانچە كۆپ كۈچ چىقارسا شۇنچە ياخشى چىقىدۇ.

**سوئال:** ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىنى سىزچە قانداق ھېس قىلىشقا بولار؟

**جاۋاب:** ئەدەبىياتتا ئەزەلدىن يول بولۇپ باقمىغان. ھەممە ئادەم ئۆزى تېپىپ مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس.

## 21. ئابلىكىم ھەسەن بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** ئابلىكىم، سىز «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى. شۇنداقلا بىر بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىسى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن بالىلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا قانداق باھا بېرىسىز؟

**جاۋاب:** بىزدە بالىلار ئەدەبىياتى بار. لېكىن ئادەمنى رازى قىلىدىغان يازغۇچى ۋە ئەسەر بەك ئاز. بۇ جەھەتتە مەخسۇس ئىجادىيەت قوشۇنى تېخى شەكىللەنمىدى. بىزدە بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن ۋاقتى 80 ـ يىللار ئىدى. بولۇپمۇ بالىلار ھېكايىلىرى ئادەمنى بەكلا رازى قىلاتتى. مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئېچىلىپ ناھايىتى قاينام ـ تاشقىنلىق ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. ئۇ چاغلاردا بالىلار ئەدەبىياتىدىكى يېڭىلىق بىلەن قېلىپبازلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جىمجىت ئېلىپ بېرىلدى. بۇ يەردىكى قېلىپبازلىق دېگىنىم ــ ئوقۇغۇچىلار قائىدىسى ۋە ئوقۇغۇچىلار ھەرىكەت ئۆلچەملىرىنىڭ ھېكايىلاشقان ياكى شېئىرلاشقان ھالىتىدىن ئىبارەت. بالىلار ئەدەبىيات نەزەرىيىسىمۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن نەزەرىيە ئەندىزىلىرى ئىدى. دېمەك، 80 ـ يىللارغا كەلگەندە، مانا مۇشۇ قېلىپلاشقان نەزەرىيە ئاساسىدىكى بالىلار ئەدەبىياتى، يېڭىدىن يېتىلىپ چىققان بىر تۈركۈم بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئاستا ـ ئاستا سىقىپ چىقىرىلدى. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا بالىلار ئەدەبىياتىدا بۇرۇلۇش بولۇۋاتىدۇ. تېما ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا بالىلار ئەدەبىياتى تەربىيە قورالى بولۇشتىن ئىبارەت خۇسۇسىيەتتىن ئاستا ـ ئاستا سەنئەتلىك خۇسۇسىيەتكە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. بىراق بۇ ئومۇمىي ئەھۋال ئەمەس، بالىلار ئەدەبىياتى قاچانكى بالىلارغا نىسبەتەن تەربىيە مۇستەبىتلىكىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالايدىكەن، شۇندىن باشلاپ ئۇ ھەقىقىي بىر مۇنبەت تۇپراققا ئېرىشىدۇ.

**سوئال:** سىزنىڭ بالىلار ئەدەبىياتىغا كىرىپ قېلىشىڭىز تاسادىپىيلىقمۇ ياكى مۇئەييەن ئاساسقا ئىگىمۇ؟

**جاۋاب:** ئۆزۈمنىڭ بىر بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىسى بولالايدىغانلىقىمنى بايقىغانلىقىم بىر تاسادىپىيلىق. بۇ جەھەتتە مۇئەييەن نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىم ئەلۋەتتە ئاساسسىز ئەمەس.

مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىمدە خەنزۇ تىلى سەۋىيەمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىل جەھەتتىكى ئاددىيلىق سەۋەبىدىن خەنزۇ تىلىدىكى بالىلار ئەسەرلىرى بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتىم. ئۇلاردىكى يارقىنلىق، تەبىئىيلىك ماڭا تەسىر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئۆزۈمدە بار نەرسىلەرنى ئەينەن ئىپادىلەپ باقتىم. بۇ جەرياندا بالىلىقىمدىكى ئەسلىمىلەر ناھايىتى ياخشى خام ماتېرىيال بولدى. شۇنداق قىلىپ يازغانلىرىم ئۆزۈمگىلا ئەمەس، بالىلارغىمۇ يېقىپ قالدى. كىچىك ۋاقىتلىرىمدا چۆچەكنى كۆپ ئوقۇغاچقا، بالىلار چۆچەكلىرى يېزىشتىمۇ قېيىنلىپ كەتمىدىم. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا ئۆزۈمنى بىر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ماتېرىيالى ئوخشايمەن دەپ ئويلايمەن. مۇشۇنى بايقىغىنىمنىڭ ئۆزىلا مېنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىم.

**سوئال:** ھازىرقى بالىلار ئەدەبىياتىدا بالىلار ئۆزلىرى ئىجاد قىلىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ سەۋىيىسى قايسى دەرىجىدە؟

**جاۋاب:** بالىلىق دەۋر، بالىلارنىڭ تىل ئۆگىنىش باسقۇچى بولغاچقا ئۇلاردىن چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، سۈپەتلىك ئەسەرلەرنى تەلەپ قىلىش، مايىسنى تارتىپ ئۆستۈرگەنلىك بىلەن باراۋەر. شۇڭا بالىلارنى كۆپرەك ماتېرىيال كۆرۈشكە، شۇنداقلا ئەتراپتىكى تۇرمۇشنى، رېئاللىقنى كۆزىتىشكە يېتەكلەش تولىمۇ زۆرۈر. شۇڭا مەن «تارىم غۇنچىلىرى»دا بۇ تەرەپنى كۆپرەك تەكىتلەۋاتىمەن. بالىلار ئۆز ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنى، ئۆزىنىڭ ئوي ـ خىياللىرىنى چىنلىق بىلەن يېزىپ بېرەلىسىلا شۇنىڭ ئۆزى مۇۋەپپەقىيەت. بالىلاردا فانتازىيە، خام خىيال مول بولىدۇ. لېكىن بۇنى يېزىپ بېرىشتە ئاجىزلىق قىلىدۇ. شۇڭا بالىلارنى بۇ جەھەتتىن يېتەكلەش تولىمۇ زۆرۈر.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى

## 22. ئابلەت ئابدۇرىشت (بەرقى) بىلەن سۆھبەت

**سوئال:** سىزچە، ھازىرقى ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ سەۋىيىسى قانچىلىك؟ سىزنىڭ بۇنىڭغا بولغان باھايىڭىز قانداق؟

**جاۋاب:** ھازىرقى ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىنىڭ سەۋىيىسىنى بەك تۆۋەن دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئېسىل ھېكايىلەر پات-پات ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. ساقلىنىۋاتقان مەسىلىمۇ ئاز ئەمەس. بىر مىللەت ھېكايىچىلىقىنىڭ سەۋىيىسىنى بەلگىلەيدىغىنى مەلۇم ھېكايىلەر قاتارى ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە خاس خاسلىق ياراتقان، چوڭقۇرلۇقمۇ، كەڭلىكمۇ بار ھېكايە يازغۇچىلار توپى. بىزدە بۇنداق يازغۇچىلار نىسبەتەن ئاز. ھېكايە بىر مىللەتنىڭ تەپەككۇرىنىڭ، پسىخىكىسىنىڭ، ئۆرپ - ئادىتىنىڭ ئىخچام مۇزىيى. بىزدە بىرنەچچە تۇركۇم خاسلىق ياراتقان، تۇرمۇشنى ئۆزگىچە نۇقتىدىن، ئۆزگىچە ئۇسۇلدا، كۆپ قىرلىق كۆزىتەلەيدىغان يازغۇچىلار بارلىققا كەلسە، ھېكايىمىزنىڭ سەۋىيىسىنى بىرنەچچە ھەسسە ئۆسۈپ كەتمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ. مەمتىمىن ھوشۇر، نۇرمۇھەممەت توختى، خالىدە ئىسرائىل، ئەختەم ئۆمەر، ھۈسەيىن تاش قاتارلىقلار ۋۇجۇدىدىن مۇشۇنداق روھ ئاشكارا بولماقتا. ئۇلارنى مۇپاسسان، چېخوف، ئو . ھىنرى، ئەزىز نەسىنلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن.

**سوئال:** بەزى كىشىلەر روماندىكى چىنلىق، ھېكايىدىكى چىنلىققا قارىغاندا كۈچلۈك بولىدۇ دەپ قارايدىكەن. سىزچە بۇ توغرىمۇ؟

**جاۋاب:** بۇنداق دېيىش ئىلمى ئەمەس. بەزى بىر رومان يېتەلمىگەن چىنلىق تۇيغۇسىغا بىر پارچە قىسقا ھېكايىمۇ يېتىپ قېلىشى مۇمكىن. بەلكىم رومان بىلەن ھېكايىدىكى چىنلىق مەسىلىسىدىكى ئېگىز - پەسلىكنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار، ھېكايە، رومانلاردىكى بەدىئىي سالماقنى كۆزدە تۇتسا كېرەك.

**سوئال:** سىز يېقىندىن بېرى قىسقا، ھەجۋىي ھېكايىلەرنى كۆپرەك يېزىۋاتىسىز. قارىغاندا سىزگە ئىجتىمائىي رېئاللىق ھەجۋىي تۇيۇلۇۋاتسا كېرەك؟

**جاۋاب:** جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىرى شۇنداقراق ئەسەرلەر بولدى، بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ كۆپرەك ئېلان قىلىنىپ كېتىشى، ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ماڭىلا ئەمەس، مەتبۇئاتلارغىمۇ غەيرىي تۇيۇلۇۋاتقانلىقىدىن بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. لېكىن مېنىڭ ھەجۋىلىرىمدە كۈلكىگە قارىغاندا ئاچچىق يىغا كۆپرەكمىكىن.

**سوئال:** سىز يېقىندىن بېرى پوبلىستىك ماقالىلەرنىمۇ كۆپرەك يازدىڭىز، بۇ سىزنىڭ ئىجادىيەتتە كۆپ قۇتۇپلىششىڭىزدىن دېرەك بېرەمدۇ؟

**جاۋاب:** زىيالىيلىق ۋىجدان پوبلىستىكىغا كۈچۈشكە ئۈندىدى. چۈنكى خەلقىمىز رېئال ئەھۋالنى شېئىرىي ئەسەرلەرگە قارىغاندا، ئۆزى ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى ماقالىلەردىن كۆپرەك كۆرۈشكە ئېھتىياجلىق. شۇڭا مەن بۇ يولدا ئىزلىنىۋاتىمەن. لېكىن شېئىر، ھېكايە يېزىشنى توختاتقىنىم يوق. كۆپ قۇتۇپلىشىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ھەر بىر ئادەم بىر قۇتۇپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ، يۈز بەرگەن كۆپ قۇتۇپلىشىش بىر خىل مەسئۇلىيەتچان كۆپ قۇتۇپلىششتۇر.

## ھېكمەتلەر

**بېرنار دادىي** (پىل چىشى قىرغىقى جۇمھۇرىيىتى)

قايسىبىرلىرىمىز ھەقىقەتنى بېزەپ - پەردازلاپ، خام خىيال قوينىدا ياشاشنى ئەۋزەل بىلىمىز.

* * *

خام خىيال خوتۇن كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇ ھەم مەپتۇن قىلىدۇ، ھەم ئالدايدۇ.


* * *

خام خىيال ياشلىقتا ئازراق، قېرىغاندا كۆپرەك بولغىنى تۈزۈك.

* * *

ئېتىبارى كەم بۇ دۇنيادا مۇتلەق كامىللىققا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بىزدىن پەقەت بىرنەرسە تەلەپ قىلىنىدۇ ـ كامىللىقسىرى ئۈزلۈكسىز ئىنتىلىش كېرەك. ياشاشتىن مەقسەتمۇ ئەنە شۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ كەچۈرمىشلىرى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

فېڭ جى

سەمەت دۇگايلى تەرجىمىسى

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** مۇبادا دېھقانلارنىڭ باي بولمىقى تىلغا ئېلىنسا مەملىكىتىمىزدىكى ئۈچ مەشھۇر كەنت داچيۇجۇاڭ، خۇاشى، ليۇجۇاڭلار ئەڭ ياخشى ئۈلگە سانىلىدۇ. بىيىش مۇساپىسى ھەققىدىكى چىن، سەممىي تەپسىلاتلار ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ئۈچۈنمۇ زۆرۈر. مەزكۇر ئەدەبىي ئاخباراتتىكى يۇ زومىننىڭ داچيۇجۇاڭنى نامرات بىر كەنتتىن مەملىكەت بويىچە ئەڭ باي، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتى بىر تىرلىيون يۈەنلىك كەنتكە ئايلاندۇرۇش مۇساپىسى يېزىلاردىكى جاپاكەش خەلقىمىزنىڭ بېيىشى ئۈچۈن بىر ئۈلگە بولۇشى ئۈچۈن بىر ئۈلگە بولۇش بەخش ئېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ كېيىنچە چىرىكلىشىپ ھەتتا مەملىكىتىمىزنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ ھالاكەتكە يۈزلىنىشى ھەققىدىكى ۋەقەلەر قانۇن ئېڭىمىزنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە چوڭقۇر بىلىم ۋە تەجرىبە-ساۋاقلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ...

ئاپتور فېڭ جى 1955 - يىلى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ فېڭشيەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر جياڭسۇ ئۆلكىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ پروفېسسورى؛ دېھقانلار مەسىلىسىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس، يازغۇچى. ئۇنىڭ يىگىرمە ئىككى خىل مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ئەسىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

فېڭ جى يۇ زومىن باشچىلىقىدىكى داچيۇجۇاڭ، شى لەيخې باشچىلىقىدىكى ليۇجۇاڭ ۋە ۋۇ رېنباۋ باشچىلىقىدىكى خۇاشى كەنتلىرىنى بىرنەچچە يىل كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ زىيارەت قىلىش، تەكشۈرۈش جەريانىدا يىغىپ رەتلىگەن ماتېرىياللىرىنىڭ ئۆزىلا ئون نەچچە كىلوگرامغا يېتىدۇ. ئۇ بۇ ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ۋە جاپالىق ئىشلەپ، سەككىز يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ «جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ كەنت» ناملىق زور ھەجىمدىكى ئەسىرىنى يېزىپ چىقىپ، بىر يولىلا 120 مىڭ يۈەنلىك مۇكاپاتنى قولغا كەلتۈرگەن.

ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپە چەكلىمىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ 1 - بۆلۈمى «داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ كەچۈرمىشلىرى»نىڭ قىسقارتىلمىسىنى كىتابخانلار ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

## 1. يۇ زومىننىڭ تەختكە چىقىشى

### رىئاللىقتىكى رىۋايەت

داچيۇجۇاڭ كەنتىگە تۇنجى قېتىم بارغىنىڭىزدا، ئۆزگىچە بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك بولىسىز. باشقىسىنى دېمەيلى، ئۇچقاندەك چېپىپ يۈرگەن ھەيۋەتلىك پىكاپلارلا كۆزىڭىزنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىدۇ. بۇ كەنتتە بىنتىس، باۋما، خۇخاۋ، بىك... ماركىلىق ئالىي دەرىجىلىك پىكاپلار گويا ياۋروپا پىكاپلىرىنى كۆرگەزمە قىلىشقا ئېلىپ كەلگەندەك تەسىرات قالدۇرىدۇ. ئامېرىكىنىڭ پرېزىدېنتى

ئۇلتۇرىدىغان كادىلاك ماركىلىق پىكاپىتىن جۇڭگونىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە بىرەردىن چىقىپ قالار، ئەمما بۇ كەنتتە بولسا ئۇنداق پىكاپلار ئالاھىدە بىلىنمەيدۇ. ئانچە - مۇنچە كۆزگە چېلىقىپ قالىدىغان ياپونىيىنىڭ خانتاجى، تويوتو ماركىلىق پىكاپلىرى، كورىيىنىڭ ھازىرقى زامان دايۇ ماركىلىق پىكاپلىرى گويا يىلقا ئىچىگە ئېشەك كىرىپ قالغاندەك ھەم كۆرۈمسىز، ھەم غەلىتە بىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە كاتتا پىكاپلاردا ئولتۇرغانلار ئەجنەبىي خوجايىنلار بولماستىن، ھەممىسى داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ ئاددىي دېھقانلىرى! ئۇلار كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، گالستۇك تاقىغان، ئالىي دەرىجىلىك پىكاپلاردا ئولتۇرغان ھالدا يانفون، قولفون بىلەن سۆزلىشىپ ماڭىدۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇلار قايسىبىر چەت ئەللىك سودىگەر بىلەن سودا ئىشلىرىنى پۈتۈشۈۋاتامدۇ تېخى!...

داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ «مەركىزى» ھېسابلىنىدىغان شياڭگاڭ كوچىسىنى كېزىپ باقسىڭىز، سىزنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى ئۆزى تاللاپ سېتىۋالىدىغان ماگىزىن، ئالتۇن-كۈمۈش بۇيۇملىرى دۇكىنى، موڭغۇل ئالاھىدىلىكىگە ئىگە رېستورانلار... لارلا ئەمەس، بەلكى قاتار - قاتار كەتكەن شىنخۇا كىتابخانىلىرى، بۇ يەردە تارىخ، پەن، مائارىپ، قانۇن... قاتارلىق ساھەلەردىكى قېلىن، چوڭ ھەجىملىك كىتابلارنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ. بۇ كىتابلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىرى بىرنەچچە مىڭ يۈەن، بىرنەچچە يۈز يۈەن، ئەرزان دېگەنلىرىمۇ بىرنەچچە ئون يۈەن بولۇپ، كىتاب ئالىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ، كىتاب سودىسى ناھايىتى راۋان. خېرىدارلارنىڭ ھەممىسى داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ «لاي پاچاق» دېھقانلىرى، «جىنخەي ھۆسنخەت - رەسىم» دۇكىنى بەزىدە تيەنجىن شەھىرىدىكى ئاتاقلىق خەتتات، رەسساملارنى تەكلىپ قىلىپ، نەق مەيداندا خەت يازدۇرۇپ، رەسىم سىزدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى داچيۇجۇاڭ كەنتلىك دېھقانلار نەچچە ئون مىڭ، نەچچە مىڭ يۈەن پۇل خەجلەپ سېتىۋالىدۇ.

داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكى دېھقانلار 250 مىليون يۈەن خەجلەپ ياسىغان «ياۋ، شۈن دەم ئېلىش كەنتى»دە ئولتۇرىدۇ. بۇ يەردە چيەنلۇڭخۇ دەپ ئاتىلىدىغان كۆل بار. كۆل بويىغا قاتار - قاتار داچىلار جايلاشقان. ئەتراپىنىڭ ھەممىسى گۈل-گۈلىستان باغ، قۇشلار سايراپ توختىمايدۇ. كەنتتە يەنە بەزمىخانا، تەنتەربىيە مەيدانى، سۇ ئۈستى باغچىسى، شىپاڭ - راۋاق دېگەندەك ئارامگاھلارمۇ بار. دېھقانلارنىڭ داچىلىرىدىكى ئۆيلەر يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىلاردىن قېلىشمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىر ئۆيى شەھەردىكىلەرنىڭ ئومۇمىي ئۆي كۆلىمىدىنمۇ چوڭ. ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىغا تېخىمۇ گەپ كەتمەيدۇ. كەڭ ئېكرانلىق رەڭلىك تېلېۋىزورلارنى ئاچسىڭىز، داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ ئۆزىدىلا ئىككى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ نومۇر تارقىتىۋاتقىنىنى كۆرەلەيسىز...

مانا بۇ مەملىكەت ئىچى - سىرتىدا نامى بار داچيۇجۇاڭ كەنتى. مانا بۇ يۇ زومىن قولغا ئېلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى دەرھال ئوڭشاپ، يېڭىۋاشتىن غەيرەتكە كەلگەن داچيۇجۇاڭ كەنتى. ئۇ شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان. تيەنجىن شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 50 كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆلىمى 9.02 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى بار ئاھالىسى 5 مىڭدىن كۆپرەك، كەنتتە 300 دىن ئارتۇق زاۋۇت - كارخانا بار. مەملىكەت بويىچە داڭلىق ياۋشۈن، ۋەنچۈەن، جىنمېي، جىنخەي ناملىق تۆت چوڭ سانائەت گۇرۇھلاشقان شىركەت بار. كەنتىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بىر تىرلىيون يۈەندىن، پايدا-باج 760 مىليون يۈەندىن، پۈتۈن كەنتتىكى شەخسلەرنىڭ ئامانەت قويغان پۇلى 200 مىليون يۈەندىن، دېھقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. بەزى دېھقان دىرېكتورلارنىڭ يىللىق كىرىمى 2 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ.

بۈگۈنكى داچيۇجۇاڭ كەنتى باي ھەم گۈللەنگەن گۆھەر زېمىن، ھەممە ئادەم تەلپۈنىدىغان جەننەت، ھالبۇكى، 20 يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يەر قانداق جاي ئىدى؟

## داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكىلەرنىڭ ئۇ چاغدىكى ئارزۇسى بىر تاۋاق ئۇگرە ئىچىش ئىدى

«داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكىلەر خىش بىلەن ئادەم ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويسا خۇن تۆلىمەيدۇ» دېگەن سۆزنى باشقىلار زادىلا چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ.

ئەسلىدە داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ خىشلىرى پاختىدىن ياسالمىغان. بۇ گەپنىڭ مەنىسى شۇكى، نامراتلىقتا چېكىگە يەتكەن داچيۇجۇاڭدا خىش تېپىلمايدۇ، كەنتتىكىلەرنىڭ ئۆيلىرى كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، سۇپا - كاڭلىرى كېسەكتە سېلىنغان، جوزا - بەندىڭلىرىمۇ كېسەكتە ياسالغان. بالىلار كىچىككىدىنلا تىلەمچىلىكنى مەشىق قىلىپ ئۆگىنىدۇ. چوڭ بولغاندا سىرتلارغا چىقىپ تىلەمچىلىك قىلىدۇ. 1973 - يىلىدىن 1977 - يىلىغىچە بولغان تۆت يىل ئىچىدە، شۇ چاغدىكى 2 مىڭ نوپۇسلۇق كەنتكە ئاران ئۈچ كېلىن كىرگەن. بويتاق يىگىتلەر 252 نەپەر بولغان، ئۇ چاغدا ئەڭ ھاللىق ئائىلىگە كەلگەن مېھمانغىمۇ قويۇلىدىغان تاماق ئۇگرە ئىدى. شۇڭا، داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكىلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ئارزۇسى بىر تاۋاق ئۇگرىگە ئېرىشىش بولغان.

داچيۇجۇاڭ كەنتىدە ئىقتىدارلىق ئادەم يوق بولغىيمىدى؟ ياق، بۇ كەنتتە ئىقتىدارلىق بىر ئادەم بار

www.uyghurkitap.com



بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى يۇ زومىن ئىدى.

يۇ زومىن 1930 - يىلى تۇغۇلغان، 1954 - يىلى كادىر بولغان، 1958 - يىلى پارتىيىگە كىرگەن. خەلق گۇڭشېسىدا بىر يىل، رايوندا بىر يىل ئىشلەپ، توققۇز ئاي گۇڭشې ئەزاسى بولغان. كۆپ قېتىملىق سىياسىي ھەرىكەتلەردە تارتىپ چىقىرىلىپ، ئەدەبلەنگەن. ئەمما ئۇنىڭ گەدىنى قاتتىق بولۇپ، ئەزەلدىن باش ئېگىپ «گۇناھىغا ئىقرار بولمىغان». ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك شاملى كۆتۈرۈلگەن يىللاردا، ئۇ دادۈينىڭ بوغالتىرى بولغان. كۆپتۈرمىچىلىك قىلىشقا ئۇنىمىغانلىقتىن، ئالتە ئاي ئەدەبلەنگەن ھەمدە بوغالتىرلىقتىن قالدۇرۇلغان ۋە پارتىيىدىن قوغلاندى قىلىنىشقا تاس قالغان.

لېكىن، ئۇنى كۆپچىلىك ھىمايە قىلغان ۋە 11 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىغان. 1960 - يىلى، ئۇ ئاز - تولا تىجارەت قىلىپ ئەزالارغا گۆش - ياغ پۇلى تېپىپ بەرگەنلىكتىن، يەنە بىر قېتىم پارتىيىلىكىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالغان.

1963 - يىلى زور كەلكۈن كەلگەندە داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ يەرلىرى سۇ ئاستىدا قالغان، ھەممە يەرنى قاچ - قاچقا چۈشكەن ئادەملەر قاپلاپ كەتكەندە، داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكىلەرمۇ قاچماقچى بولغان. بۇ چاغدا يۇ زومىن ئوتتۇرىغا چىقىپ:

- 11 - دۈينىڭ ئەزالىرى، سىلەر قاچماڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار، مەنلا ئۆلمىسەم سىلەرمۇ ئۆلمەيسىلەر، مەن قۇيۇق ئىچسەم سىلەر سۇيۇقئا قالمايسىلەر، ئۆلسەك تەڭ ئۆلەيلى، ياشىساق بىللە بولايلى... - دېگەن. ئەزالار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تيەنجىن شەھىرىگە بارغان. ئۇ چاغدا شەھەر قاچاق ئاققۇنلارغا توشۇپ كەتكەن بولۇپ، ھۆكۈمەت ھەر ئادەمگە كۈنىگە بىر جىڭدىن ئاشلىق بەرگەن. ئىشتىيى ئازلارغا بۇ ئاشلىق يەتكىنى بىلەن، ئىشتىيى چوڭلارغا بىر جىڭ ئاشلىق يەتمىگىنى ئۈچۈن، كۆپ ساندىكى كىشىلەر كۈچىنى خوراتماسلىق ئۈچۈن تام تۈۋلىرىدە يېتىپ پىت باققان ياكى ئاپتاپ سۇنۇپ يېتىشقان. يۇ زومىن بولسا ھەممە ياققا چېپىپ، قاتراپ يۈرۈپ، يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ بىر زاۋۇتنىڭ ماتېرىياللىرىنى توشۇيدىغان ئىش تاپقان ۋە ئەزالارنى باشلاپ بىر قىش ئىشلەپ، ئادەم بېشىغا ئىككى - ئۈچ يۈز يۈەندىن كىرىم قىلغان. بۇ پۇل شۇ چاغدا داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكىلەرنىڭ يىللىق دارامىتىدىنمۇ كۆپ ئىدى.

يۇ زومىننى ئامما ھىمايە قىلغانلىقتىن، ئۇ ئون يىل دۈيجاڭ بولغان، 1971 - يىلى دادۈي كادىرى بولۇپ سايلانغان. 1973 - يىلى مۇۋەققەت، 1974 - يىلى رەسمىي ياچېيكا شۇجىسى بولغان. ئۇ شۇجى بولغاندىن كېيىن، ئاممىنى يېتەكلەپ داجەيدىن ئۆگىنىپ، كېچە - كۈندۈز جاپالىق ئىشلەپ تېرىغىلى بولمايدىغان 4857 مو يەرنى تېرىغىلى بولىدىغان سالا ئېتىزغا ئايلاندۇرۇپ، ماشىنىلاشقان تېرىقچىلىق ئاساسىنى ياراتقان.

ئۇ بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، «قانداق قىلغاندا داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكىلەرنى باي قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە كېچە - كۈندۈز باش قاتۇرغان. ئۇ ئاخىر دېھقانلارغا:

- كۆپچىلىك، مەن «ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش، سىياسىي جەھەتتە سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش» دېگەن ئىككى تۇتقىنى بۇزۇپ تاشلىماقچىمەن. ئازادلىقتىن ئىلگىرى داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكى پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ يەر تېرىيدىغانلىرى ئانچە باي ئەمەس ھەم يەر تېرىيدىغان، ھەم تىجارەت قىلىدىغانلىرى خېلى باي ئىدى. مەن بۇ ئىشتىن شۇنداق بىر قائىدىنى چۈشەندىمكى، بىز نوقۇل زەي ئۆرلەپ تۇرىدىغان شورلۇق يەرگە تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغۇدەكمىز. شۇڭا تىجارەتنىمۇ قىلىدىغان پومېشچىكلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى يولغا قويۇشىمىز لازىم... - دېگەن.

بۇ «ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش»، «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش» دېگەن شوئار تازا تۈۋلىنىۋاتقان 1976 - يىلى بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن بەزى كىشىلەر قورقۇپ كەتكەن. لېكىن يۇ زومىن قورقمىغان، ئۇ يەنە:

- كۆپچىلىك مېنى ئىشلىسۇن دېسەڭلار، مەن ئىشلەيمەن، ئەمما مېنىڭ گېپىم گەپ بولۇشى، رەھبەرلىك كوللېكتىپى مېنىڭ سىزىقىمدىن چىقماسلىقى كېرەك، - دېگەن.

- داچيۇجۇاڭ كەنتىنى باي قىلالىساڭلا، سىزغان سىزىقىڭدىن چىقمايمىز، - دېيىشكەن كۆپچىلىك، - ھەتتا ساڭا كۈندە ئۈچ قېتىم باش ئۇرۇشقىمۇ رازىمىز...

شۇندىن كېيىن يۇ زومىن كادىرلار يىغىنى ئېچىپ:

- مېنىڭ ئىككى تۇتقىنى بۇزغىنىم بۇزغان، ماڭا ئەگىشىپ خاتالىشىپ قېلىشتىن قورقىدىغانلار، كادىرلىقتا تۇرۇپ جاپا چېكىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدىغانلار ھازىرلا چىقىپ كېتىڭلار، - دېگەن قاش - كىرپىكىگە ئوت كەتكەندەك كۆزىگە قىزىلچىلىق تىقىلغان ھالدا.

- مەن ئىشلىيەلمىگۈدەكمەن، - دەپ چىقىپ كەتكەن بىرەيلەن.

- مەنمۇ ئىشلىمەيمەن، - دېگەن يەنە بىرەيلەن، - ۋاقتى كەلگەندە ئامما تەرىپىدىن قوغلاپ چۈشۈرۈلگىچە، ھازىرلا بۇ ئورۇندىن ئۆزۈم چۈشۈۋالاي...

ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىن ئۆزلۈكىدىن ئايرىلىشى يۇ زومىننىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىققان. ئۇ رەھبەرلىك بەنزىسىنى ئوڭايلا ئوپېراتسىيە قىلىپ، بىر بۆلۈك مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ياشلارنى ئەتىۋارلاپ

ئىشلىتىشكە شارائىت ياراتقان.

ئاچلىق، يوقسۇزلۇق، نامراتلىق داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەنبەسى بولغان. ئىنسانىيەتنىڭ ياشاشقا، ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلىش ئارزۇسى يۈ زومىننىڭ كۆپچىلىكنى يېتەكلەپ چوڭ ئىشلارنى باشلىشىغا تۈرتكە بولغان. ئۇ قۇرۇلۇش ئەترىتى تەشكىللىگەن، چوشقا بېقىش مەيدانى، توخۇ فېرمىسى قۇرغان.

ئۇ قۇرۇلۇش ئەترىتىنى باشلاپ تيەنجىن پورتىدىن توپا قېزىش ۋەزىپىسىنى كۆتۈرە ئالغان. يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، بىر كۇب مېتىر توپا قازسا تۆت يۈەن ئېلىش، بۇنىڭ ئۈچ ئۈلۈشىنى شەخس، يەتتە ئۈلۈشىنى كوللېكتىپ كىرىم قىلىش كېرەك ئىدى. لېكىن ئىش باشلاپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، بىرمۇنچە كىشىلەر ئىشنى تاشلاپ قايتىپ كەلگەن. يۈ زومىن بۇنىڭ سەۋەبىنى دەرھال سەزگەن. يەنى دېڭىز بويى سوغۇق ھەم نەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەخسكە بېرىلگەن پۇلدىن تاماق يېيىشكە خەجلىنىپ ئاشىدىغىنى ناھايىتى ئاز بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ئىشلىگۈسى كەلمەسلىكى تەبىئىي ئىدى. يۈ زومىن چوڭ يۈرەكلىك بىلەن قائىدىنى بۇزۇپ، «كىرىمنىڭ يەتتە ئۈلۈشىنى شەخسى، ئۈچ ئۈلۈشىنى كوللېكتىپ ئېلىشى كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭ بىلەن، بۇرۇن بىر كۇب مېتىر توپا قازىدىغانلار ئەمدىلىكتە بەش كۇب مېتىر قازىدىغان بولغان، كەنتكە قايتىپ كەتكەنلەرمۇ ئىش ئورنىغا قايتىپ كەلگەن. ئۈنۈمدارلىق ئاشقانلىقتىن بۇ قۇرۇلۇش ئورنىغا ئىش بېرىدىغان ئورۇنلارمۇ كۆپەيگەن. نەتىجىدە كوللېكتىپ ئالىدىغان پۇل ئازدەك كۆرۈنگىنى بىلەن قېزىلغان توپا كۆپ بولغاچقا، كىرىممۇ كۆپىيىپ بارغان. شۇ قېتىملىق ئىشتىن كېيىن دۆلەت قۇرۇلۇشى باش ئىدارىسى ئۇلارغا تېخى لەۋھە بېرىپ تەقدىرلىگەن. ئاز-تولا پۇل كۆرۈپ ئىلھاملانغان يۈ زومىن «سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش، كاپىتالىست بولۇش» ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كەنتتىكىلەرنى يەنە بىر قېتىم يىغىپ شۇنداق دېگەن:

— قېرىنداشلار، بىز دېھقان خەق ئەلمىساقتىن تارتىپ يەر بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەن. سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش تەجرىبىمىز يوق. شۇڭا، كەنتتىن رىغبەتلەندۈرۈش سىياسىتى تۈزۈپ چىقتۇق. يەنى كىم كارخانا قۇرسا بولۇۋېرىدۇ، مەسىلە چىقسا مەن ئىگە. قىيىنچىلىق بولسا مەن ياردەم بېرىمەن. تاپقان ساپ كىرىمنىڭ 20 پىرسەنتىنى كوللېكتىپقا تاپشۇرىدۇ، 10 پىرسەنتىنى ئىشلىگەنلەرگە مۇكاپات پۇلى قىلىپ تارقىتىپ بەرسە بولىدۇ. قالغان 70 پىرسەنتىنى كىم ھۆددىگە ئالغان بولسا شۇ ئالىدۇ. ئىككى ئادەم بىر - بىرىنىڭ كۆزىگە قاراپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن بىر قوللۇق رەھبەرلىك تۈزۈمى يۈرگۈزۈلۈپ، مۇئاۋىن رەھبەر قويۇلمايدۇ. بىرىنچى قول رەھبەر ئۆزى قانداق خالىسا شۇنداق ئادەم ئىشلەتسە بولىدۇ. قېنى، كىم كارخانا قۇرۇشنى خالايدۇ؟ ئۆزۈڭلارنى مەلۇم قىلىڭلار!

لېكىن، ئەينى چاغدا يۈ زومىن سەپەرۋەرلىك قىلغان چاغدا يىرىم كۈن كۈتسىمۇ «مانا مەن كارخانا قۇرىمەن» دەيدىغان ئادەم چىقمىغان.

## 2. ئادەم ھامان ئىشكتىن ئېگىشىپ كىرىدۇ

### «مېنىڭ سىزغان سىزىقىمدىن چىقمايسەن»

ليۇ ۋەنمىڭ نەچچە قېتىم ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ كارخانا قۇراي دېگۈسى كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى كەمسىتىش ھېسسىياتى غالىب كېلىپ، بوسۇغىسىدىن ئاتلىيالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ يېقىن - يىراقتا نامى ياخشى ئەمەس ئىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۇ قورچاق ئەسكەر بولغان، ئازادلىقتىن كېيىن تيەنجىندىكى بىر پولات پروكاتلاش زاۋۇتىدا ئىشچى، مۇئاۋىن بۆلۈمچە باشلىقى بولۇپ، ئۇسكۈنىلەرنى باشقۇرغان. 1960 - يىلى يۇرتىغا قايتۇرۇلۇپ دېھقانچىلىق قىلغان. 1962 - يىلى شۇ ۋاقىتلاردا «قاراڭغۇ بازارچىلىق قىلدى» دېيىلىدىغان خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، بىر بۆلۈك پولات ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ سېتىپ مىڭ يۈەندىن جىقراق پايدا ئالغان. ئۇنىڭ بالا-چاقىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن كوللېكتىپنىڭ زىيىنىغا ئۆزى پايدا ئېلىشنى كۆزلەيدىغان كېسىلى ساقايماي كەلگەن. شۇڭا داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكىلەر ئۇنى: «بىر قولى كوللېكتىپقا ئىشلەيدۇ، بىر قولى تارماقتا ئوخشاش ئۆيىگە تارتىدۇ» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

ليۇ ۋەنمىڭ: «ئۆزۈمنى ئۆزۈم مەلۇم قىلىپ بىر زاۋۇت قۇرسام يۈ زومىن ماقۇل دەرمۇ؟ داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكىلەر بۇ ئىشقا قانداق قارار؟ يەنە بەزىلەر ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتتى دەرمۇ؟...» دېگەندەك ئەندىشىلەر بىلەن تالاي كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر يۈ زومىننى تاپتى.

— مەن داچيۇجۇاڭ كەنتى ئۈچۈن بىر سوغۇق پولات پروكاتلاش زاۋۇتى قۇرساقمىكىن دەيمەن، — دېدى ئۇ.

— قانداق قۇرالايسەن؟ — دەپ سورىدى يۈ زومىن.

— بىرىنچىدىن، — جاۋاب بەردى ليۇ ۋەنمىڭ ئىشەنچ بىلەن، — تيەنجىن شەھىرىدە ئاغىنىلىرىم بار، ئۇلار بىزگە ياردەملىشىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، مېنىڭ پولات پروكاتلاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تېخنىكىسىدىن ئاز - تولا خەۋىرىم بار؛ ئۇچىنچىدىن، ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز، مەن بىلەن تيەنجىنگە بېرىپ كېلىڭ...

يۇ زومىنىڭ كاللىسىدا «يومبىشچىك ھەم كاپىتالىست بولۇش» پىكرى پەيدا بولغاندىن باشلاپ، ئۇ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش يولىنى تېپىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىشتىن توختاپ قالمىغانىدى. لېكىن يولغا چىققاندا شادلىققا چۆمۈپ ئاتلانغانلار قايتقاندا سولىشىپ كېلەتتى. سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش توغرىسىدا نەچچە قېتىم يىغىن ئېچىپ سەپەرۋەر قىلغان بولسىمۇ، «مانا مەن ئىشلەپ باقاي» دەپ ئوتتۇرىغا چۈشىدىغان ئادەم چىقمىغانىدى. مانا ئەمدى ليۇ ۋەنمىڭ «زاۋۇت قۇرىمەن» دەپ كەلگەنىكەن، ئۇنىڭغا ھەشقاللا دېمەي بولامدۇ؟

ليۇ ۋەنمىڭ يۇ زومىننى باشلاپ تيەنجىنگە باردى. تيەنجىڭدىكى ئىسمىلىك بىر ئاغىنىسىنىڭكىگە باشلاپ كىردى. ئاغىنىسى پولات پروكاتلاش كەسپىنى بىلىدىغان بىرنەچچە تونۇشىنى تەكلىپ قىلدى. ئۈستەل راسلاپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، رومكىلار ئۈچ - تۆت ئايلانغاندا كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ ئاغزىدىن ماڭىدىغان يول تېپىلدى.

- تيەنجىندىكى چوڭ پولات زاۋۇتىدا بىكار ياتقان كونا ئۈسكۈنە - سايمانلار ئاز ئەمەس، - دېيىشتى ئۇلار، - ئاشۇلارنى قۇراشتۇرۇپ پروكاتلاش ماشىنىسى ياساپ چىقسا، خېلى جىق پۇل تاپقىلى بولىدۇ...

- بىر يىلدا قانچىلىك پۇل تاپقىلى بولار؟ - دەپ سورىدى خۇشال بولۇپ كەتكەن يۇ زومىن.

- ئەگەر ئۈچ ماشىنا قۇراشتۇرالىساڭلار، بىر يىلدا ئاز بولغاندىمۇ 300 مىڭنى تاپقىلى بولىدۇ، - دېدى مالىيە ئىشلىرىدىن خەۋىرى بار بىر كەسىپ ئەھلى ئۈچ بارمىقىنى چىقىرىپ.

- ياخشى، ئاشۇ 300 مىڭ ئۈچۈن كۆتۈرەيلى! - يۇ زومىن رومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئولتۇرالماي قالدى.

كەنتكە قايتقاندىن كېيىن يۇ زومىن كەنت رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ مۇنداق دېدى:

- مەن داچيۇجۇاڭ كەنتى ئۈچۈن پۇل تېپىپ بېرىدىغان بىر ئەۋلىيا تاپتىم...

ئۇ گېپىنى تېخى تۈگەتمەي تۇرۇپلا، يىغىن قاتناشچىلىرىدىن بەزىسى ئەجەبلىنىپ:

- نەدىن تاپتىڭىز؟ - دەپ سوراشتى.

- يىراق دېسىڭىز مىڭ چاقىرىم كېلىدۇ، يېقىن دېسەك يېنىمىزدىلا بار، - دېدى يۇ زومىن.

يىغىن قاتناشچىلىرى بىر - بىرىگە قاراشتى. يېقىنراق ئولتۇرغانلىرى يىراقتىراق ئولتۇرغانلارغا بويۇنداشتى. يۇ زومىن:

- ئۇ بىزنىڭ بەنزە ئىچىدە ئەمەس، - دېدى.

- ئۇنداقتا ئۇ كىم؟ - سوراشتى باشقىلار.


- ليۇ ۋەنمىڭ!

بۇ ئىسمنى ئاڭلىغانلار ھەيران قېلىشتى.

- بىز سىزنى راستىنلا بىر ئەۋلىيا تاپقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتۇق، - دېدى بىرمىلەن تەئەججۇپ بىلەن، - ليۇ ۋەنمىڭنى يىراق - يېقىندا كىم بىلمەيدۇ، ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكىنىڭىز بىلەن باشقۇرۇشقا بويسۇنامدۇ؟ قولى ئەگرى بۇ ئادەم بىزگە ئىش تېپىپ بېرىپ، تۈرمىگە كىرىپ قېلىشتىن يانمايدۇ. نامرات ئۆتسەك ئۆتەيلىكى، ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان تەۋەككۈلچىلىكنى قىلمايلى...

بۇ سۆزلەر باشقىلارغا تەسىر قىلىپ، ليۇ ۋەنمىڭنى زاۋۇت قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىش پىكرى رەت قىلىنغىلى تۇردى. ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغان يۇ زومىن يالغۇز بىر تەرەپ بولۇپ قالغان بولسىمۇ پىكرىدىن يانمىدى. ئۇ ئاچچىقىنى باسالماستىن:

- قوشۇلساڭلارمۇ، قارشى تۇرساڭلارمۇ بەرىبىر مېنىڭ ليۇ ۋەنمىڭنى ئىشقا قويۇش قارارىم ئۆزگەرمەيدۇ، مەن باشتا ئېيتىپ قويغان؛ سىلەر مېنىڭ سىزغان سىزىقىمدىن چىقماسلىقىڭلار كېرەك. ئەگەر ليۇ ۋەنمىڭ ئىشنى يۇرۇشلەشتۈرەلىسە، كۆپچىلىك ياخشى كۈنگە ئېرىشىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىش تېرىپ قالسا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاغدۇرۇلارمەن شۇ. مۇبادا ئۇ تۈرمىگە كىرىپ قالىدىغان ئىش يۈز بەرسە، مەن ئۇنىڭغا ھەمراھ



بولمەن، يىغىن تۈگىدى... ــ دېدى.

ئۇ يىغىندىن كېيىن ئۆيىگە قايتماي ليۇ ۋەنمىڭنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ليۇ ۋەنمىڭگە كۆڭلىدىكى گەپنى دېدى:

ــ مەن سېنى ئەتىۋارلاپ ئىشقا قويماقچى. لېكىن كۆپچىلىك سېنىڭ ئىش يۈرۈشلەشتۈرەلەيدىغىنىڭغا قايىل بولسىمۇ، شەخسىيەتچى دەپ كۆڭۈل توختىتالمايدىكەن، سېنى ئىشقا قويغانلىقىم ئۈچۈن، مېنىڭ كەلگۈسىدىنمۇ ئەنسىرەيدىكەن. مەن ساڭا ئىشەندىم، سېنى ئىشقا قويماقچىمەن، ئەگەر مەردانە ئەر بولساڭ داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكىلەر ئۈچۈن ئاز ـ تولا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، كۆپچىلىكنىڭ ساڭا بولغان كۆزقارىشىنى ئۆزگەرت. ئەگەر سەن چاتاق تېرىساڭ بالايىڭ ماڭىمۇ يۇقىدۇ، مەنمۇ تەڭ يوقىلىمەن، قىسقىسى ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە چېتىلىپ قالدۇق، ئۆزۈڭنىڭمۇ، مېنىڭمۇ يۈزۈمنى تۆكمىگىن...

يۈ زومىننىڭ چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ ئېيتقان سۆزلىرى ليۇ ۋەنمىڭنى تەسىرلەندۈرۈپ تەرلىتىۋەتتى. ئۇ 50 نەچچە يىللىق هاياتىدا تۇنجى قېتىم باشقىلارنىڭ ئىشەنگەنلىكىدىن هاياجانلىنىپ:

ــ سىز مېنى مۇشۇنداق كۆزگە ئىلىپ ئىشەنگەنىكەنسىز، مەن خاتالىقىمنى تۈزەتمەيدىغان بولسام ئانامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي... ــ دېدى.

ئىككىيلەن تاڭ ئاتقىچە مۇڭداشتى. تاڭ خورىزى چىللىغاندىلا يۈ زومىن ليۇ ۋەنمىڭنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلدى. ئەمما يۈ زومىن يەنىلا خاتىرجەم بولالماي ئەتىسى ليۇ ۋەنمىڭنىڭ نەۋرە ئىنىسى ليۇ ۋەنچۈەننى ئىزدەپ تاپتى:

ــ كەنتىمىز بىر پولات پىروكاتلاش زاۋۇتى قۇرماقچى، ــ دېدى ئۇ كىرىش سۆزسىزلا، ــ مەن سېنى زاۋۇت باشلىقى بولۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ كەلدىم.

ــ مەن قىلالايمەنمۇ؟ ــ دېدى ليۇ ۋەنچۈەن ئىككىلىنىپ، ــ زاۋۇت باشلىقى بولۇش كىچىك ئىش ئەمەستە...

ــ كەنتىمىزنىڭ ئۆتتۈز ياشتىن ئاشقانلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يوق، تېخنىكا بىلمەيدۇ، سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىش دېگەندىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس، سەن بۇرۇن ماشىنا ـ ئۈسكۈنە دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن هەپىلىشىپ باققان، ئۇن تارتىش ماشىنىسىنى ئىشلىتىپ باققان، تۆمۈرچىلىك ئۇچىقى ياسىغان، كۆمۈر ئۇۋاش ماشىنىسى ئىشلەتكەن... شۇنچىۋالا قابىلىيىتىڭ بولغاندىكىن، ئەمدى ئوتتۇرىغا چىقمىساڭ بولمايدۇ، مەن ساڭا تېخنىكىدىن خەۋىرى بار بىر مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى سەپلەپ بېرىمەن، ئىككىڭلار بىرلەشسەڭلار ئوبدان ئىشلەپ كېتەلەيسىلەر...

ــ كىم ئۇ؟

ــ سېنىڭ ئاكاڭ ليۇ ۋەنمىڭ، ئۇ بىر ئىختىساسلىق خادىم، ئۇنى ئەمدى ئىشقا قويمىساق بولمايدۇ.

ــ ئۇكىسى زاۋۇت باشلىقى، ئاكىسى مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى بولۇپ، ئاكا ـ ئۇكا بىر زاۋۇتنى باشقۇرىدىغان ئىش نەدە بار؟ ــ دېدى ليۇ ۋەنچۈەن بېشىنى چايقاپ.

ــ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا ئىختىساسلىقلار كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇ يەردە بۇنداق ئەھۋال بولماسلىقى مۇمكىن، ــ دېدى يۈ زومىن قەتئىيلىك بىلەن، ــ بىزنىڭ ئالىقانچىلىك كەنتىمىزدە شۇنداق قىلماي بولمايدۇ. سەن رەت قىلىۋەرمە، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىڭلار ئىشنى يۈرۈشتۈرسەڭلارلا بولمىدىمۇ؟

ليۇ ۋەنچۈەن يەنە تىرەجەپ تۇرالمىدى ۋە ماقۇل بولدى. ليۇ ئائىلىسىدىكى ئاكا ـ ئۇكا زاۋۇت باشلىقى بولغانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن كەنتتىكىلەر ئارىسىدا قوللىغانلار چىقتى، گۇمان قىلىدىغانلار ۋە تاپا ـ تەنە قىلىدىغانلار ھەتتا قارشى تۇرىدىغانلارمۇ چىقتى. لېكىن ئاكا ـ ئۇكىلار بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي: «پېرىم يىلدىن كېيىن بىزنى كۆرۈڭلار» دەپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

## مەن تەزىم قىلاي، قەرز پۇل بېرىڭ، بەرمىسىڭىز ئورنۇمدىن قوپمايمەن

يۈ زومىن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ زور قىيىنچىلىق مەبلەغ جۇغلاش بولدى. ئۇ بۇگۈنىسى 2 مىڭ، ئەتىسى 3 مىڭ يۈەن قەرز ئالدى. ئۇياققا چېپىپ 3 ـ 4 مىڭ، بۇياققا چېپىپ 4 ـ 5 مىڭ يۈەن ئۆتنە سورىدى. ليۇ ۋەنچۈەنمۇ تونۇش ـ بىلىش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا يالۋۇرۇپ 20 مىڭ يۈەن قەرز ئالدى. ئەمما ماشىنا ـ ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش ئۈچۈن يەنە 100 مىڭ يۈەن پۇل كېتەتتى. ئاشۇ يىللاردا 100 مىڭ يۈەن دېگەن ناهايىتى جىق پۇل ئىدى. يۈ زومىن، ليۇ ۋەنمىڭ، ليۇ ۋەنچۈەنلەر ھەر قانچە باش قاتۇرۇپمۇ 100 مىڭ يۈەننىڭ يولىنى قىلالمىدى.

يۈ زومىن تۇساتتىن جاڭ يۈپۇ ئىسىملىك بىر كىشىنى يادىغا ئالدى ۋە قېشىنى ئۇچۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى:

ــ ئامال تېپىلدى، ــ دېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن ۋە جاڭ يۈپۇنى ئىزدەپ ماڭدى.

جاڭ يۈپۇ 1948 ـ يىلى پارتىيىگە كىرگەن پېشقەدەم كوممۇنىست ئىدى، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلىگەنلەرنىڭ بەزىلىرى مۇشۇ كۈنلەردە جىڭخەي ناهىيىلىك پارتكوم، قاتناش ئىدارىسى قاتارلىق مۇھىم ئورگانلاردا رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەيتتى. يۈ زومىننىڭ پىكرىچە، جاڭ يۈپۇ ئاشۇ باشلىقلارنىڭ قولى ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



100 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تېپىپ بېرەلىشى مۇمكىن ئىدى.

— ماڭا ياردەم قولىڭىزنى سۇنۇڭ جاڭ يۈپۇ ئاكا، — دېدى يۈ زومىن جاڭ يۈپۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن.

— نېمە گەپ ئۆزى؟ — دېدى جاڭ يۈپۇ چۈشەنمەستىن.

— يەر تېپىلىپ قورۇققا ئېلىپ بولدۇق، زاۋۇتنىڭ ئۆيلىرىنى ياساپ بولدۇق. ئەمدى ماشىنا - ئۈسكۈنە ئالايلى دېسەك 100 مىڭ يۈەن تېپىلمايۋاتىدۇ، — يالۋۇرۇپ چۈشەندۈردى يۈ زومىن، — سىزنىڭ ناھىيىدىكى مۇھىم ئەربابلار ئىچىدە تونۇش - بىلىش بېقىنلىرىڭىز كۆپ، ئاشۇلارغا دەپ يۈرۈپ 100 مىڭ يۈەن قەرز ئالىدىغان يول تېپىپ بېرىڭ. بۇ ئىشقا سىز ئاتلانمىسىڭىز، باشقا كىم ئوتتۇرىغا چىققىنى بىلەنمۇ ھەل بولمايدۇ. ئامالىڭ يوقىدىن سىزگە ئېغىرىمنى ئارتىدىغان بولدۇم...

جاڭ يۈپۇ ئۈچۈن ماقۇل بولۇشقا توغرا كەلدى. ئۇ قوڭغۇرىقى بولمىسىمۇ ھەممە يېرى غىچىرلاپ تۇرىدىغان، شالاقشىپ كەتكەن كونا ۋېلىسىپىتنى مىنىپ داچيۇجۇاڭ كەنتى بىلەن جىڭخەي ناھىيىسى ئارىلىقىدا چېپىپ يۈردى. تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ ئىشخانا، ئۆيلىرىگە قاتراپ ھارمىدى. ئاغزىدا بولسا تولا تەكرارلاپ يادا بولۇپ كەتكەن مۇنۇ جۈملىلەرنى سۆزلەپ توختىمىدى:

— داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ زاۋۇتى پۈتۈپ، ئىشقا چۈشۈشكە ئازلا قېلىۋىدى، پۇل يەتمەي قالدى. بىزگە ئاز - تولا پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇڭلار، پۇل قەرز ئالالمىساق، يۈ زومىن ئىشلىيەلمەي قالىدۇ.

— يۈ زومىن دېگەن كىم؟ ئاڭلىمىغانلا ئىسىم ئىكەنغۇ؟— دېيىشتى جاڭ يۈپۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغان تونۇش - بىلىشلەر، — داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكىلەر نامراتلىقتىن بىر تال خىشقا چىقىنالمايدۇيۇ، نەدىكى زاۋۇت ئۇ؟ بۇ پاقىنىڭ ئاققۇ گۆشى يېيىشكە ھەۋەس قىلغىنى بولماي نېمە؟ راستىنى ئېيتقاندا بىزدە پۇل يوق، ئەگەر پۇل بولغاندىمۇ سىلەرنىڭ كەنتىڭلاردەك تۆۋى يوق قۇدۇققا تاشلاپ بېرەلمەيمىز...

— قەرزگە ئالىدىكەنسىلەر، قانداق قايتۇرۇشنىمۇ ئويلاشتىڭلارمۇ يوق؟ — دېيىشتى يەنە بەزىلەر.

جاڭ يۈپۇ يېرىم ئاي چاپتى، تولا گەپ قىلىپ كالپۇكلىرى ئۆپراپ، تىلى قىسقىراپ كەتكەندەك بىلىندى. بىراق بىرەر - يېرىم پۇڭمۇ ھەل قىلالمىدى. تاقىتى پۈتكەن، ئۈمىدىنى يوقاتقان جاڭ يۈپۇ بىر كۈنى تەلىيىنى بىر سىناپ بېقىش ھېسسىياتى بىلەن جىڭخەي ناھىيىلىك بانكىنىڭ باشلىقى كۇ يىڭجيېنى ئىزدەپ تېپىپ، يىغلامسىرىغان ھالدا دەرد تۆكتى:

— سىزمۇ ماڭا پۇل قەرز بېرىپ تۇرمىسىڭىز، داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكىلەرگە كۆرۈنگۈدەك يۈزۈممۇ قالمايدۇ. مەن بۇرۇن سىزنىڭ قول ئاستىڭىزدا ئىناۋەتلىك قەرز كوپېراتىپىنىڭ مۇدىرى بولغانىدىم، داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا يۈزۈم تۆكۈلگۈچە سىزنىڭ ئالدىڭىزدا يۈزۈم تۆكۈلگىنى ياخشىراقتەك تۇرىدۇ. كىشى نامرات بولغاندىكىن، ئۇنىڭدا يۈزمۇ بولمايدىكەن. مەن ئالدىڭىزدا تىزلىناي، تەزىم قىلىپ باش ئۇراي، پۇل قەرز بېرىڭ، ئەگەر قەرز بەرمىسىڭىز ئورنۇمدىن قوپمايمەن.

كۇ يىڭجيې ھودۇقۇپ كەتتى، ئۇ ھەدەپ تەزىم قىلىۋاتقان جاڭ يۈپۇنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئۇنداق قىلماڭ، مەن قەرز بېرەي، ھەرگىز ئۇنداق كوممۇنىستلار قىلمايدىغان قىلىقنى قىلماڭ، سىز ياچېيكا شۇجىسى ۋە زاۋۇت باشلىقىغا ئېيتىپ قويۇڭ. ئۇلار تامغىسىنى ئېلىپ ئەتە سىز بىلەن بۇ يەرگە كەلسۇن، مەن بېجىرىپ بېرەي، — دېدى.

ھاياجانلانغىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان جاڭ يۈپۇ بىرھازاغىچە «پۇل ھەل بولدى، قەرز بېرىدىغان بولدى» دېگەندىن باشقا سۆز قىلالمىدى. كېيىن سەل - پەل ئېسىنى يىغىپ، داچيۇجۇاڭ كەنتىگە قايتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى ۋە غىچىرلاپ تۇرىدىغان ئەبجەق ۋېلىسىپىتىگە مىنىپ داچيۇجۇاڭ كەنتىگە قايتتى. ئاغزىدا ھامان «پۇل ھەل بولدى، قەرز بېرىدىغان بولدى...» دېگەن سۆزنى تەكرارلايتتى.

ھاۋانىڭ ئىسسىقى، قورساقنىڭ ئاچلىقى، ئۆزىنى باشقۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە ھاياجانلىنىپ كېتىش بىرلىشىپ ئۇنى يېرىم يولدا يىقىتىپ قويدى. قوشنا كەنتتىكى تونۇش كىشىلەر كۆزلىرى بەقەمدەك قىزارغان، جاۋغايلىرىدىن كۆپۈك قايناپ يېرىم ھوشسىز ياتقان جاڭ يۈپۇنى كۆرگەن چاغدا، ئۇ يەنىلا «پۇل ھەل بولدى، قەرز بېرىدىغان بولدى...» دەپ پىچىرلىماقتا ئىدى.

ئەتىسى جاڭ يۈپۇ يۈ زومىننىڭ رەھمەت ۋە ھال سوراش سۆزلىرىنى دەپ تۈگىتىشىنى كۈتمەي، ئۇنى ۋە ليۇ ۋەنچۈەننى ئېلىپ، جىڭخەي ناھىيىلىك بانكىغا كەلدى. 100 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىش ئىلتىماس جەدۋىلىنى توشقۇزۇپ، تامغىنى بېسىپ بانكا باشلىقى كۇ يىڭجيېنىڭ ئالدىغا قويدى. لېكىن كۇ يىڭجيې:

— 100 مىڭ يۈەن بېرەلمەيدىغان بولدۇق، بانكىدا ھازىر مەبلەغ جەھەتتە قىيىنچىلىق بار، 40 مىڭ يۈەن ئېلىپ تۇرۇڭلار، — دېدى.

يۈ زومىن دەرد تۆكۈپ باقتى، يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇردى. بانكا باشلىقى 40 مىڭدىن ئاشقىلى ئۇنىمىدى. تېخى:

— ئاۋۋال 40 مىڭدىن ئېلىپ تۇرۇڭلار، مەن ئادىمم

ئەۋەتىپ سىلەرنىڭ ۋاقتى - قەرەلدە قەرز قايتۇرالايدىغان-قايتۇرالمايدىغانلىقىڭلارنى تەكشۈرۈپ باقمەن، - دېدى.

- سىز خاتىرجەم بولۇڭ، - دېدى يۇ زومىن، - مەن ھايات بولىدىكەنمەن، قازان - قومۇچ، چىنە - قاچىلىرىمنى ھەتتا بالا - چاقىلىرىمنى سېتىپ بولسىمۇ بانكا قەرزىنى تۆلەيمەن.

## يۇ زومىننىڭ ليۇ فامىلىلىك ئاكا - ئۇكىنى ئىشقا قويۇشى ئەلى بابانىڭ «سىم - سىم ئىشىكنى ئاچ» دېگىنىدەك ئىش بولدى.

100 مىڭ يۈەن تاپالمىغان بولسىمۇ، ليۇ ۋەنچۈەن بىلەن ليۇ ۋەنمىڭ 40 مىڭ يۈەننى ئېلىپ، ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش-بىلىشلىرىنى ئىشقا سېلىپ، تيەنجىندىن كونا پروكاتلاش ماشىنىسى ئۇققۇشتى. يېڭى ماشىنا 50 مىڭ يۈەنگە كېلەتتى. بۇ كونا ماشىنا ئۈچۈن ئىگىسى 10 مىڭ يۈەن باھا قويدى. ئاكا - ئۇكىلار بۇ كونا ماشىنىنى ئېلىپ، ئۇپرىغان - بۇزۇلغان زاپچاسلىرىنى يەڭگۈشلەپ ئەپۈشكە كەلتۈردى. ئىككىيلەن ئاشۇ ماشىنىغا تەقلىد قىلىپ يەنە ئىككى ماشىنا ياسىدى. ليۇ ۋەنمىڭ پۇلنى ئازراق خەجلەش ئۈچۈن نەچچە يۈز جىڭ ئېغىرلىقتىكى ئەسۋابلارنىمۇ ۋېلسىپىتتا توشۇدى، بەزى زاپچاسلارنى رېمونت قىلىش، ياساش ئۈچۈن رېمونتخانىلارغا بارماي تونۇشلىرىغا ياللىۋەردى. زاۋۇتنى ماكدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بىرنەچچە ئايغىچە ئۆيگىمۇ قايتمىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۇمۇمنىڭ ئىشىنى باھانە قىلىپ ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتتى دېيىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاتچوت قىلىشقا تېگىشلىك بەزى ھېسابنىمۇ كەنتكە مەلۇم قىلماي، ئۆز ئائىلىسىنىڭ چوشقىسىنى سېتىپ پۇل ئورنىنى تولدۇردى.

ئاكا - ئۇكىلارنىڭ تىرىشىشى بىلەن، ئاخىر 70 مىڭ يۈەن خەجلىنىپ ئۈچ دانە پروكاتلاش ماشىنىسى تەييار بولدى. بۇ ماشىنىلارنىڭ زاپچاسلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەسكى-تۈسكى كونا ماللار بازىرىدىن سېتىۋېلىندى، بەزىلىرى ئارىيەت ئېلىنىپ تولۇقلاندى.

پولات پروكاتلاشتا ئاسما كران بولمىسا بولمايتتى. 10 تونىلىق كران ئېلىش ئۈچۈن ئازبولغاندىمۇ يۈز نەچچە مىڭ يۈەن كېتەتتى. داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ ئۇ چاغدا نەچچە مىڭ يۈەنگىمۇ كۈچى يەتمەيۋاتسا، يۈز نەچچە مىڭ يۈەننى نەدىن تاپقىلى بولسۇن؟ ليۇ ۋەنچۈەن، ليۇ ۋەنمىڭ ۋە يەنە بىرنەچچە كەنتداشلار ۋېلسىپىت بىلەن تيەنجىنگە بېرىپ بىر زاۋۇتنىڭ كرانىنى تام تېشىدىن كۆزىتىپ قۇرۇلمىسىنى سىزىپ چىقتى. كېيىن يەنە باشقا جايلاردا ئىشلىتىلىۋاتقان كرانلارنىڭ ئىسخېمىسىدىن پايدىلىنىپ 45 كۈن ۋاقىت ئىچىدە 30 مىڭ يۈەن خەجلەپ يەرلىك كراندىن بىرنى ياساپ چىقىشتى.

ئۇلار ئوچاق پېچنى ئۆزلىرى ياسىدى، پولات تاختىلارنى كېسىدىغان ماشىنىنىمۇ ئۆزلىرى ياساپ چىقتى.

تەييارلىقلار پۈتۈپ، پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان پولات ماتېرىيال ئۇققۇشىدىغان چاغدا ليۇ ۋەنچۈەن بىلەن ليۇ ۋەنمىڭ يەنە مىخقا ئۇسۇۋالدى.

- نېمە دەۋاتىسىلەر؟ - دېدى بىر پولات زاۋۇتىنىڭ خادىمى، - سىلەر بۇغداي، قوناقىڭلارنى تېرىماي پولات پروكاتلايمەن دېگىنىڭلار دۇنياۋى چاقچاق ئەمەسمۇ؟ سىلەرنىڭ يەنىلا كەتمىنىڭلارنى چاپقىنىڭلار ياخشى. سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش شەھەرلىكلەرنىڭ ئىشى.

ليۇ ۋەنچۈەن، ليۇ ۋەنمىڭلار نېمە قىلارىنى، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇلارنىڭ زاۋۇتى بىر كۈن ماڭمىسا، قەرز ئالغان پۇلغا بىر كۈنلۈك ئۆسۈم قوشۇلاتتى. بۇنداق بولغاندا كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك ئىش بولمامدۇ؟

ئۇلار بوشىشىپ كەتسە كەتتىكىلەرگە جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەنە سەپەرگە ئاتلاندى. قورسىقى ئاچسا قۇرۇق موما غاجىلىدى. ئۇسساپ كەتسە سوغۇق سۇ ئىچتى. ئاخىر بىر زاۋۇتتا ئىش قوشۇشقا تەييار قىلىپ قويغان پولات بارلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇلار زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ بىر قېپى ئىككى موچەنلىك «ئەمگەك» ماركىلىق تاماكا تۇتتى. زاۋۇت باشلىقى بۇنداق ئەرزان تاماكىغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويماي، ئۇلارغا «تۇلپار» ماركىلىق تاماكا تۇتتى. ئۇلار ئىشخانىدا ئىش پۈتمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئۆيىگە باردى. زاۋۇت باشلىقى ۋاللىداپ تۇرغان خورۇم سافادا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ ئۇلارنى ئولتۇرۇشقىمۇ تەكلىپ قىلىپ قويمىدى.

- بۇ قېتىم يولغا چىقىشتا ئالدىراپ قېلىپ، بىرنەچچە بولاق تاماكا بىلەن ئازراق خۇاسىڭ ئېلىپ كەلدۇق، بۇ بىزنىڭ ھەقىقىي كۆڭلىمىز ئەمەس... - دېدى ئۇلار گېپىنىڭ تېگىگە گەپ يوشۇرۇپ، ھەقىقىي كۆڭلىدىكىنى دېسە: «ئىش قوشۇشقا تەييار قىلىپ قويغان پولاتنى بىزنىڭ ئىش قوشۇشىمىزغا بەرسىڭىز، سىزگە ئەپكىلىدىغىنىمىز باشقىچە بولىدۇ، بۇ سەيلە ئۇزۇن سەيلە ئەمەسمۇ؟» دېگەندەك گەپلەر چىقىشى مۇمكىن ئىدى.

- ئۇنداق بىرنېمىلىرىڭلارنى ئېلىپ كېتىڭلار، كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار! - دەپ زەردە قىلدى زاۋۇت باشلىقى قولىنى شىلتىپ، - مېنىڭ تۇغلاتقۇمدا نېمىلەر بارلىقىنى،

www.uyghurkitap.com



هاراق ئۈسكاپىمغا قانداق هاراقلار قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ باقامسىلەر يا؟

ئۇلار توكلاتقۇدىكى تاشپاقا، راك، قىسقۇچ پاقا، خۇاڭخې بېلىقى، دېڭىز يوسۇنلىرى قاتارلىق ئەڭ ئېسىل يېمەكلىكلەرنى، هاراق ئۈسكاپىدىكى ماۋتەي، شىفىڭ، فېنجيۇ، ياڭخې، ۋۇلياڭيې... قاتارلىق جۇڭگونىڭ مەشھۇر هاراقلىرىنى كۆردى.

ليۇ ۋەنچۈەن بىلەن ليۇ ۋەنمىڭ بېشىنى مۈرىلىرىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ يەرگە قارىدى ۋە يالۋۇرغان ئاھاڭدا:

— زاۋۇت باشلىقى، زاۋۇتىڭىزدىكى ئىش قوشۇشقا تەييارلاپ قويۇلغان پولات ماتېرىياللىرىنى بىزنىڭ ئىش قوشۇشىمىزغا بېرەلمەمسىزمۇ؟ — دېدى.

— ئىش تېپىپ قىلىش بىلەن ئاقمايدىغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىشنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ — دېدى زاۋۇت باشلىقى ئاچچىق بىلەن، — مېنىڭ زەردىمنى ئەڭ قايىنتىدىغىنى سىلەردەك گۇڭشې، دادۇيلەرنىڭ كارخانىسىدىكىلەر. سىلەر ھەممە يەردە تىمىسقىلاپ يۈرىسىلەر، كىرمەيدىغان تۆشۈك، بارمايدىغان بۇلۇڭ يوق. ئەرزىمىگەن نەرسىلەرنى سوۋغا - سالام دەپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇزىسىلەر، چىقىڭلار ئۆيدىن!

يۇ زومىن بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ ناھايىتى خاپا بولدى.

— ئاناڭنى... — ئاغزىنى بۇزدى ئۇ، — نامرات ئادەممۇ ئادەممۇ؟ كىشىنى شۇنچىۋالا بوزەك قىلغان بارمۇ؟ خەپ، ئاكاڭ قارىغايمۇ بىر كۈنلەر كېلىپ باي بولۇپ قالار، شۇ چاغدا كۆرىمىز...

ئۇ خاپا بولغىنى بىلەنمۇ رېئاللىققا بويسۇنماي ھەددى يوقلۇقىنى چۈشەندى. ئادەم ھەرقانچە پاكار بولغىنى بىلەنمۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئېڭىشىپ كىرىدۇ. كىشى نامرات بولسا ھېچكىم كۆزىگە ئىلمايدۇ. خەقلەر كۆزىگە ئىلسۇن دېسەڭ، ئۇ چارە ئاقمىسا باشقىچە چارە تاپامسەن؟ ھەرقانداق ئىشنىڭ باشلىمى قىيىن بولىدۇ. قىيىن ئىكەن دەپ ياتساڭ نەس باسقىنى شۇ. ھازىر پۈتكۈل شىمالىي جۇڭگو رايونىدا دېھقانلار تېخى قاتتىق ئۇيقۇدا. بۇ تەرىپلەردە گۇڭشې، دادۇيلەر باشقۇرىدىغان كارخانىلار ئەمدىلا تىن ئورنىدىن تۇرۇۋاتىدۇ. دېمەك، رىقابەتلىشىدىغانلار يوق، بازار كەڭرى، ئەگەر قىيىنغا تۇختاۋاتقان ئاشۇ بىرىنچى قەدەمنى ئۇتۇشلۇق باسقىلى بولسىلا، داچيۇجۇاڭ كەنتى ئۆزۈپ چىقىپ ئالەمنى مالەم قىلمامدۇ؟

يۇ زومىن ئاشۇنداق ئويلىدى. ئۇنىڭ ئىرادىسى، غەيرىتى باشقىلارغىمۇ ئىلھام بولدى. ليۇ ۋەنچۈەن، ليۇ ۋەنمىڭ داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ كەسپىي خادىمىنى باشلاپ يەنە سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇلار بۇ قېتىم ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، دېھقانلارنىڭ تويۇنغان سادىدا، سەممىيلىكى بىلەن پۈتمەس - تۈگىمەس چىداملىق روھىغا تايىنىپ، ئالاقىلىشىشنى ھېسسىياتتىن باشلاپ، تەسىرلەندۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلدى. زاۋۇتلارنىڭ ئىشخانا، مەيدانلىرىنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ بەردى، ئەخلەتلىرىنى توشۇپ يوقىتىشىپ بەردى. ھوقۇق تۇتقانلارنىڭ ئۆيىگە سەي - كۆكتات، ئوتۇن - كۆمۈر توشۇپ، ئائىلە ئىشلىرىدىن تارتىپ قىلىشىپ بەردى. قىسقىسى، كۈچ چىقىرىدىغان، تەر ئاققۇزىدىغان ئىشلا بولسا تاللىماي قىلىۋەردى. سەممىيلىك كۈچىنى كۆرسەتتى، ئاخىر ئۇلار بىر زاۋۇتتىن بىر تونىنا كېرەكسىز پولاتقا ئىش قوشۇش ۋەزىپىسىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ پولات ماتېرىياللىرى پروكاتلىنىپ، ئىش بۇيرۇتقان زاۋۇتقا ئېلىپ كېلىنگەندە، بۇ زاۋۇتتىكى تېخنىكلار ئۇيان قاراپ، بۇيان كۆزىتىپ «تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمەك»چى بولغان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئېۋەن تاپالماي «سۈپىتى ئۆلچەمگە لايىق» دەپ خۇلاسە چىقىرىپ ئۆتكۈزۈۋالدى.

ئېتىلغان بىرىنچى ئوق جايىغا دەل تېگىشى بىلەن يولمۇ ئېچىلدى. داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ پولات پروكاتلاش زاۋۇتىنىڭ ماشىنىلىرى باشتا بەزى ئىشلەپ، بەزى توختاپ قالاتتى. بارا - بارا توختىماي ئىشلەيدىغان بولدى. كېيىنچە، كىچە - كۈندۈز گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىدىغان بولدى. ئىش ئۇلار يالۋۇرۇپ ئالدىغا بېرىشتىن، ئىش ئۆزى كېلىدىغان ھالەتكە ئۆزگەردى.

11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغان ئاشۇ يىلى بۇ زاۋۇتنىڭ ساپ پايدىسى 160 مىڭ يۈەن، ئىككىنچى يىلى 600 مىڭ يۈەن بولدى. 1980 - يىلى پروكاتلاش ماشىنىسى 19 غا، ساپ پايدا 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1987 - يىلى داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكى بۇ «مېكىيان زاۋۇت» يەتتە چوڭ زاۋۇت، 28 شۆبە زاۋۇتنى «تۇغۇپ چۈجىلىدى». مۇشۇ ئاساستا ليۇ ۋەنچۈەننىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان «ۋەنچۈەن سانائەت شىركىتى» قۇرۇلدى. زاۋۇتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1979 - يىلدىكىدىن 72 ھەسسە، ساپ كىرىم 37.8 ھەسسە كۆپىيىپ، مەھسۇلات قىممىتى 6.2 قاتلانغان بولسا، ساپ كىرىم 6.1 قاتلاندى.

1992 - يىلى داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكى تۆت چوڭ گۇرۇپپا شىركىتى ۋەنچۈەن گۇرۇھ شىركىتى بولۇپ بىرلەشتى ۋە شۇ يىللا سېتىشتىن 530 مىليون يۈەن كىرىم قىلىپ 71 مىليون يۈەن پايدا ياراتتى.

داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ زاۋۇتلىرىدىكى ماشىنىلار بارغانسېرى گۈرۈلدىدى، داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ

زاۋۇتلىرىنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن چىققان ئىس بارغانسېرى قويۇقلاشتى. داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكىلەر گويا ئەلى بابانىڭ: «سىم - سىم، ئىشكنى ئاچ!» دېگەن ئەپسۇنىغا ئېرىشكەندەك بولدى. بايلىق ئۇلارغا يېقىنلا نەرسە بولۇپ قالدى. كەنتنىڭ بايلىقى بولدۇرۇلغان خېمىر كۆپكەندەك، كۆپەيگەنسېرى ئاۋۇۋەردى.

يۈ زومىن لىۋ ۋەنچۇەن، لىۋ ۋەنمىڭنى ئىشقا قويۇپ، ئۇلارنىڭ «غەنىي» تەقدىرى بىلەن داچيۇجۇاڭ كەنتدىكىلەرنىڭ «پەقىرلىق» تەقدىرىنى ئۆزگەرتتۈەتكەندەك بولدى. ئەمەلىيەتتە، يېزىلارنى سانائەتلەشتۈرۈشنىڭ پارلاق نۇرى نامرات داچيۇجۇاڭ كەنتىنى يورۇتقانىدى. دېھقانلار قولىدىكى كەتمەننى بازغانغا ئالماشتۇرغان چاغدا تەقدىرىگە جەڭ ئېلان قىلغانلىقىنى، ياشاش، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش قەدىمىنى تاشلىغانلىقىنى سەزگەنىدى. يۈ زومىن، لىۋ ۋەنچۇەن، لىۋ ۋەنمىڭلار سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئوچىقىغا ئوت تۇتاشتۇرۇش بىلەنلا داچيۇجۇاڭ كەنتدىكىلەر ئۆزلىرىنى ئۆيقۇدىن ئويغانغاندەك، زېمىندىن كۆتۈرۈلۈپ ئاسمانغا چىقىپ قالغاندەك ھېس قىلىشتى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتكەن، ئۇلارنى پاراۋانلىققا ئېرىشتۈرگەن ئاچقۇچ ئۇلارنىڭ يانچۇقىدا ئىدى. پەقەت شۇنداق ئىكەنلىكىنى ئۇلار بۇرۇن بىلمىگەنىدى، خالاس!

## 3 - سەھرالىق پەيلاسوپ

### يۈ زومىننىڭ بىر يىلدىكى توققۇز ئاي ۋاقتى ئىشخانىدا ئۈن - تىنسىز ئۆتىدۇ

يۈ زومىن نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، يەتتە ئەجدادىدىن تارتىپ شورلۇق، زەي زېمىندە يېرىم ئاچ، يېرىم توق ياشاپ ئۆتكەن. ئۇ كىيىنچە پەقەت ئۈچ ئاي «قىشلىق ساۋات چىقىرىش كۇرسى»دا ئوقۇغان. شۇنداق بولسىمۇ، قولىغا قانداق كىتاب، ماتېرىيال چىقسا ئوقۇۋېرىدۇ. ئوقۇشلا ئەمەس، خېلى راۋان، سەۋىيىلىك نەرسىلەرنى يازالايدۇ. داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكى «توققۇز ئەجدىھا تېمى»غا ئويۇلغان «داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ ئۆزگىرىشى» دېگەن ماتېرىيالنى ئۇ يازغان.

ئۇ «بوغالتىرىيە» ئوقۇمىغان. ئەمما ھېساب- كىتابقا ناھايىتى پىششىق. نەچچە ئون، نەچچە يۈز زاۋۇت، كارخانىنىڭ نۇرغۇن مۇھىم ھۆججەت- ئىسپاتلىرىنى ئىنتايىن توغرا ئەسلىيەلەيدۇ. ئۇنى زىيارەت قىلغانلار شۇنىڭغا ھەيران قالغانكى، ئۇ زاۋۇتلارنىڭ كىرىملىرىنى، باج، پايدا، قىممەت، مەھسۇلات دېگەنلەرنى ئاجايىپ توغرا ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. بەزىلەر ئۇنى «كومپيۇتېر»، «ئادىمىي ئېلېكتروئنلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. كەنت دائىرىسىدىكى ھەرقانداق بىر زاۋۇت، كارخانا ھېساب - كىتاب دەپتىرىگە ئۈستىلىق ئىشلىتەمەن، دېسە نەس باسقىنىنى شۇ. يۈ زومىن تەكشۈرىدىغان بولسا ساختىپەزلىكنى تاپماي قويمايدۇ.

ئۇ، سۆز، نۇتۇق، دوكلات تېزىسلىرىنى ئۆزى يازىدۇ. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ يازغان ئاشۇنداق يازمىلىرى ئىككى مىليون خەتتىن ئاشىدۇ. بەزىلەر: «بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە قايسى باشلىق ئۆز سۆز - دوكلاتلىرىنى ئۆزى يازىدۇ، ھەممىسى كاتىپلىرىغا يازدۇرۇۋاتامدۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. داچيۇجۇاڭ كەنتىدە يۈ زومىن بىر ئەمەس سەككىز، ئون كاتىپ ئىشلەتسىمۇ تەكلىپ قىلغۇچىلىكى بار. لېكىن يۈ زومىننىڭ قارىشىچە، ھەرقانچە يۇقىرى سەۋىيىلىك كاتىپمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ھېلىقىدەك دېھقانچە ئۇسلۇبىنى چىقىرالمايدۇ. «يۈ زومىنچە سۆز»نى باشقىلار ئۆزگەرتسىمۇ تەمى قالمايدۇ.

بىر كۈنى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىدىكى بىر رەھبىرىي يولداش داچيۇجۇاڭ كەنتىنى كۆزدىن كۆچۈرۈشكە كەلگەندە، يۈ زومىن شۇنداق دېگەن:

— جۇڭگونىڭ باي، قۇدرەتلىك بولۇش - بولماسلىقى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىگە باغلىق. ئومۇمەن، ھۆججەت بولسا زىر - زەبەرگە تەگمەي يەتكۈزۈپ قويىدىغان، ئۆزىدىن كونكرېت پىكىر چىقىرالمايدىغان، بىر ئېغىزمۇ خاتا گەپ قىلىپ سالمايدىغان، بىرەر ياخشى ئىشمۇ قولىدىن كەلمەيدىغان كادىر قەتئىي ياخشى كادىر ھېسابلانمايدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە تايىنىپ قانداقمۇ



www.uyghurkitap.com



ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرگىلى بولسۇن؟

ئادەمگە باھا بېرىش، ئادەم ئىشلىتىشتىمۇ بۇ زومىننىڭ ئۆزىگە خاس كۆزقارىشى بار. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «فېئوداللىق ئىدىيە بىلەن ئادەمگە باھا بېرىدىغان بولساق، ئەخمەق ئادەمنى سادىق ئادەم دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. سىنىپىي كۈرەش نۇقتىئىنەزەرى بىلەن ئادەمگە باھا بېرىدىغان بولساق، ياخشى ئادەمنى يامان دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. مەدەنىيەت ئىنقىلابى نۇقتىئىنەزەرى بىلەن ئادەمگە باھا بېرىشكە توغرا كەلسە قابىلىيەتلىك ئادەمنى جىنايەتچى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. تەرەپبازلىق كۆزقارىشى بىلەن ئادەمگە باھا بېرىدىغان بولساق، ساگا تاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئادەمنى دۈشمەن دېمەي بولمايدۇ. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش كۆزقارىشى بىلەن ئادەمگە قارايدىغان بولساق، ھەممە جايدا قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىقلارنى بايقاشقا بولىدۇ».

بىر مۇخبىر ئۇنىڭدىن:

- سىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ يۈز يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك ئىدىيىسىنى قانداق چۈشىنىسىز؟ - دەپ سورىغاندا، ئۇ ھاياسىزلا:

- بىزنىڭ بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇشلۇشيەنىمىز مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. پەقەت ئاشۇلا ئۆزگەرمىسە مىڭ خىل، ئون مىڭ خىل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىدۇ. يەنى نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق كونا كۆزقاراشلار ئۆزگىرىدۇ؛ زايا كەتكەن 20 يىللىق ۋاقىت ئۆزگىرىدۇ؛ چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان سوتسىيالىزممۇ، كاپىتالىزممۇ دېگەن كۆزقاراش ئۆزگىرىدۇ. نامراتلىقنىڭ سوتسىيالىزم ئەمەسلىكى تولىمۇ ئاددىي بىر ساۋات ئىدى. ئوقۇمۇشلۇقلار بۇنى چۈشەندۈرەلمىدى، دۆلەتلەر بولسا بىر ئاگلاپلا چۈشەندى، - دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇ زومىننىڭ نۇتۇق قابىلىيىتى يۇقىرى، سۆزلىرى راۋان. ئۇنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغان، سۆھبەتتە بىللە بولغانلىكى كىشىلەر، ئۇنىڭدىكى تۇزلۇك، سەممىيلىك، راستچىللىقنى سەزمەي قالمايدۇ. ھەر خىل چوڭ - كىچىك مەيدان، سورۇنلاردا ئۇ سۆزلىسىلا چاۋاك توختىمايدۇ. داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ رادىئو كانايلىرىدىن بۇ زومىننىڭ ئاۋازى چىقسىلا ئېكسكۇرسىيىگە كەلگەنلەرمۇ مېڭىشتىن توختايدۇ، يول مېڭىۋاتقانلارمۇ جايىدا تۇرۇپ قالىدۇ، سودا - سېتىق قىلىۋاتقانلارمۇ تىجارىتىنى توختىتىدۇ. ھەممەيلەن ئۈزلۈكىدىن رادىئو كانىيى ئالدىغا يىغىلىپ بۇ زومىننىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلايدۇ. گويا ئادەملەر تۈگۈل قۇشلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە مەھلىيا بولۇپ جىمىپ كەتكەندەك مەنزىرە پەيدا بولىدۇ. سىرتقى جايلاردىن كېلىپ، بۇ مەنزىرىنى كۆرگەنلەرنىڭ مۇنداق دېگىنىدىن ئەجەبلەنمىسىمۇ بولىدۇ:

- داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ ئېرىقلىرىدا ماي ئاقىدۇ، دېگەن گەپلەر يالغان ئەمەس ئىكەن. بۇ زومىن دېگەن راستىنلا ئەۋلىياغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ ماددىي جەھەتتىن داچيۇجۇاڭ كەنتىنى بايلىققا ئېرىشتۈرۈپ، جۇڭگودىكى 1 - كەنت قىلىپلا قالماي، ئىدىيە، كۆزقاراش جەھەتتە كاتتا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، تاغاردا بىر قائىدە بەرپا قىپتۇ ئەمەسمۇ؟

بەزى مۇخبىرلار بۇ زومىننى «سەھرالىق ئالىم»، «دېھقان مۇتەپەككۇر»، «دېھقان ناتىق» دەپ تەرىپلەشكەن. بەزىلەر تېخى بۇ «سەھرالىق پەيلاسوپ»نىڭ سۆزلىرىنى مەخسۇس تەتقىق قىلماقچىمۇ بولغان.

ئەمەلىيەتتە، بۇ زومىننىڭ نۇرغۇن سۆز - نۇتۇقلىرى تەييارلىقسىز، ئاغزىغا كەلگەننى دەپلا سۆزلەنگەن ئەمەس، ئۇ ئۇزاق ۋاقىت ئويلىنىپ، دېيدىغانلىرىنى يەتتە ئۆلچەپ، ئىچىدە پىشۇرۇۋېلىپ ئاندىن سۆزلەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ نۇتۇقنىڭ كۈچى بىلەن كىشىلەرنى ئىتائەت قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن. ئۇ بىر يىلنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم ۋاقتىنى ئىشخانىسىنىڭ بىر بۇرجىكىدە جىمجىتلىق ئىچىدە سۈكۈت قىلىپ ئۆتكۈزگەن. باشتا قانداق سۆزلەش، ئاندىن نېمىلەرنى دېيىش، ئاخىرىنى قانداق خۇلاسىلەش ئۈستىدە قايتا - قايتا، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، تەكرار - تەكرار پىششىقلىغان، بولۇپمۇ يېڭى سۆز، يېڭى مەسىلە سۆزلەش ئۈستىدە قاتتىق باش قاتۇرغان. ئۇ تام تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇپ، پىكىر يۈرگۈزۈشكە كىرىشكەن چاغلىرىدا ھېچقانداق ئادەم بىلەن كۆرۈشمەيدىكەن. ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغانلار ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئاشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قالغاندا، ئۇنىڭ پىكرىنى بۇزماسلىق، ھېسسىياتىنى داۋالغۇتماسلىق ئۈچۈن گەپ - سۆز قىلىش تۈگۈل ماگسىمۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ دەسسەپ ئاۋاز چىقارمايدىكەن.

بۇ زومىننىڭ «كاتتا سۆزلىرى» بەزىدە ئۇنىڭغا ئاۋارىچىلىقمۇ تېپىپ بەرگەن. 1985 - يىلى ئۇ كۆنسېرى باي بولۇپ سەمرىۋاتقان داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ ئاۋات زاۋۇت رايونلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، نېرى - بېرىسىنى دەڭسەپ يۈرمەيلا مۇنداق سۆزلەرنى دېگەن:

- باش كۆتۈرۈپ ئالدىڭغا قارا، باش چۆكۈرۈپ پۇلغا قارا؛ پۇلغا قارىغاندىلا ئالدىغا قارىغىلى بولىدۇ... «سىياسىي ئىقتىساد ئىلمى» دېگەن ئاتالغۇنى «ئىقتىساد سىياسىي ئىلمى» دەپ ئۆزگەرتىش لازىم. مۇكەممەل بولغان ئىقتىسادىي چېچەك بولىدىكەن، تەبىئىي ھالدا ھوسۇللۇق

سىياسىي مېۋە پىشىپ يېتىشىدۇ...

بەزىلەر يۇقىرىقى سۆزلەرگە قايىل بولماي، ئۇنى «ھەممىدە پۇلغا قارايدۇ»، «باش چۆكۈرۈپ هارۋا سۆرەيدۇ يۇ، يولغا قارىماي كاپىتالىزمغا كىرىپ قالىدۇ» دېيىشكەن. يەنە بەزىلەر ئۇنىڭغا «پۇل» ئاتالغۇسىنى «ئىقتىسادىي ئۈنۈم» دەپ، «ئالدىغا» دېگەن سۆزنى «كوممۇنىزم» ئاتالغۇسىغا ئۆزگەرتىپ ئاتاش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن، يۇ زومىن بۇ تەكلىپكە مەسخىرە قىلىپ مۇئامىلە قىلغان:

ـ سەن ماگىزىندىن كىيىم، قاسساپتىن گۆش ئالساڭ، بىر ئىشتان نەچچە پۇل، بىر جىڭ گۆش قانچە پۇل؟ دەپ سورامسەن ياكى بىر ئىشتان، بىر جىڭ گۆش قانچىلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم دەپ سورامسەن؟ شۇنچە يىللاردىن بېرى ھەممەيلەن پۇل توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشتىن قورقتى. پۇلنى ئېغىزغا ئالسىلا كاپىتالىزم بولۇپ چېرىكلىشىپ چۈشكۈنلىشىپ كېتىدىغاندەك تەسىراتتا بولۇشتى، پۇل دېگەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ قان ـ تەرىنىڭ جەۋھىرى تۇرسا، ئۇنى ئېيتىشتىن نېمىشقا قورققۇلۇق؟ پۇل بولمىسا قۇرۇلۇش قىلغىلى بولامدۇ؟ سوتسىيالىزمنىڭ پۇلى يېتىشمىسە كاپىتالىزمدىن پۇل (مەبلەغ) كىرگۈزىمىزغۇ؟ ئىدىيىۋى سىياسىي خىزمەت ئىشلەشتە چوقۇم «ئالدىغا» قاراش، ئىقتىساد بىلەن شۇغۇللىنىشتا جەزمەن «پۇلغا» قاراش كېرەك...

بىرمۇنچە كىشىلەر يۇ زومىننىڭ بۇ سۆزلىرىنى تېخىمۇ غەلىتە، دەپ قاراپ پىچىرلىشىشقا باشلىدى، ھەتتا بۇ ھەقتىكى غەۋغا يۇقىرىغىمۇ بېرىپ يەتتى. ئاخىرى مەركەزدىكى بىر رەھبەر:

ـ بەزىلەر داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكىلەرنىڭ بىر جۈملە شوئارىغا ئېسىلۋېلىپ قويۇپ بەرمەيۋېتىپتۇ. مېنىڭچە ئۇ شوئارنىڭ خاتاسى يوق. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ «ئالدىغا» قاراش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، پۇل توغرىسىدا سۆزلىگەن. ماركسنىڭ بىر ئۆمۈر دېگۈدەك سەرپ قىلىپ تەتقىق قىلغىنى كاپىتال، يەنى پۇل ئەمەسمۇ؟ دېھقان بىلىش چۆكۈرۈپ پۇلغا قارىمىسا، نامراتلىقتا قارامتى؟ ـ دېگەندىن كېيىن، ئاندىن ھېلىقىدەك تالاش ـ تارتىش بېسىقىغا چۈشۈپ قالغان.

يۇ زومىننىڭ سۆزلىرى، كۆزقاراشلىرى توغرىمۇ، خاتامۇ، بۇ توغرىسىدا باش قاتۇرۇش بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس. چۈنكى ئۇ مەركەزگە ياكى ئاخبارات ۋاستىلىرىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئەمما بىز پەقەت تۇنۇگۈنكى بۇ «سەھرا پەيلاسوپى»نىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بېقىش، تەھلىل قىلىپ بېقىش نۇقتىسىدا تۇرۇپلا بىرنەچچە مىسال كەلتۈرۈپ قويدۇق، خالاس!

**شياۋجىڭجۇاڭ كەنتىدىن ۋاڭ زوشەن، داجەيدىن گو فېڭلىيەن كەلدى. يۇ زومىن: «مەن ياردەم بېرەي، ھەممىمىز دېھقان ئەمەسمۇ؟» دېدى**

داچيۇجۇاڭ كەنتى زەي، شورلۇقتا باش كۆتۈردى، داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ ئەپسانىلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىقتىسادىي مۆجىزىسى بىرمۇنچە «قەھرىمانلارنىڭ بىلىنى ئېگىپ تەزىم قىلدۇردى».

120 دىن كۆپرەك دۆلەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن ھەر خىل ۋەكىللەر ئۆمىكى داچيۇجۇاڭغا كېلىپ كەتتى. ھەيۋەتلىك پىكاپ ـ ماشىنىلار قاتارلىشىپ بۇ تۇپراقنى كېزىپ چىقتى. ياپونىيە، ئامېرىكا، كانادا... قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەنلەر داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكى ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا توم ـ توم كىتاب، دەستە ـ دەستە ماقالىلەرنى يېزىشتى، قىسىم ـ قىسىم تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئىشلەشتى. قىسقىسى، تەشۋىقات مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆلەمدە بولدى. دۆلەتنىڭ يۇقىرىسى زۇڭلى، تۆۋىنى پۇقرالىرى، نامدار ئەربابلىرى داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ قىياپىتىنى كۆرۈپ، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان ھېكايىلەرنى بارلىققا كەلتۈردى...

70 ـ يىللاردا دەۋر سۈرگەن مەشھۇر يېزا «داجەي» كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن تېخى كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. چېن يۇڭگۈي، گو فېڭلىيەن شۇ چاغدىكى مەشھۇر ئاخبارات شەخسلىرى ئىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىنمۇ، يەنىلا جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شۇ چاغدا ج ك پ سەنشى ئۆلكىسى شياڭ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى قوشۇمچە داجەي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان گو فېڭلىيەن 1992 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى داچيۇجۇاڭ كەنتىگە يېتىپ كەلدى. قىزغىن كۆرۈشۈشلەر، ئەھۋال سورىشىشلاردىن كېيىن يۇ زومىن گو فېڭلىيەننى داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكى ئەڭ كاتتا ياسالغان «توققۇز ئەجدىھا» رېستورانىغا باشلاپ كىردى ۋە:

ـ بۇ رېستوران ياسالغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە مەن پەقەت ئىككى ئادەمنى باشلاپ كىرگەنىدىم. سىز ئۈچىنچىسى بولدىڭىز. مەن كىشىنىڭ ئەمەلگە ئەمەس، ئۆزىگە قارايمەن. ئىككىلىمىز دېھقان، دېھقانچىسىغا پاراڭلىشايلى. قېنى، ئېيتىپ بېقىڭ، داجەينىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ـ دەپ سورىدى.

گو فېڭلىيەنمۇ قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئەھۋال تونۇشتۇردى:

ـ داجەيدە ھازىر 152 ئائىلە، 540 نوپۇس بار. يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. بۇ يىل كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم مىڭ يۈەنلىك ئۆتكەلدىن ئۆتەلەيدۇ. ئائىلە بويىچە ئوتتۇرىچە ئامانەت پۇلى 5 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. ئون مىڭ يۈەنلىك

ئائىلىلەر ئومۇمىي ئائىلىلەرنىڭ 70 ــ 80 پىرسەنتىگە يېتىدۇ. داجەيدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر ھازىر كەنت باشقۇرغان كارخانىلاردا ئىشلەۋاتىدۇ. يەر تېرىيدىغانلار ئاساسەن ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلار... ھازىر بىزدە ئۈچ كارخانا، ئىككى كۆمۈر كان، بىر پوپايكا زاۋۇتى، بىر خىمىيە سانائەت زاۋۇتى بار. يەنە بىر كۆكلەك زاۋۇتى قۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتىمىز. داجەينىڭ بايلىق مەنبەسىگە، شياڭگاڭلىقلارنىڭ مەبلىغىگە تايىنىپ بىر سېمونت زاۋۇتى قۇرۇش پىلانىمىزمۇ بار. ھازىر بىزدىكى قىيىنچىلىق: كىچىك تېپتىكى خىمىيە سانائەت زاۋۇتىمىز زىيان تارتىۋاتىدۇ... ئىشتىن توختاپ قېلىشىمۇ مۇمكىن...

ــ سىلەر پۇل قەرز ئالماڭلار، ــ دېدى يۇ زومىن ئالدىراپ، ــ قانچىلىك مەبلەغ لازىم بولسا، بىزنىڭ داچيۇجۇاڭ كەنتىمىز ئۈستىگە ئالالايدۇ.

ئۇ گېپى تۈگىشى بىلەن تەڭ بوغالتىرنى چاقىرتىپ كېلىپ، داجەينىڭ بانكا نومۇرىنى سوراپ بىلىۋالغاندىن كېيىن، 500 مىڭ يۈەنلىك چەك يېزىپ گو فېڭلىيەنگە تۇتقۇزدى. گو فېڭلىيەن تەسىرلىنىپ قەرز ھۆججىتى يازدى ۋە قول قويۇپ بەرمەكچى بولۇۋىدى، يۇ زومىن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ:

ــ قول قويماڭ، بۇ مېنىڭ شياۋجىنجۇاڭغا ياردەم قىلغىنىمدەك، سىلەرگە قىلغان ياردىمىم بولۇپ قالسۇن، ئەگەر داجەي بېيىپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىپ قالسا قايتۇرارسىلەر. بۇ نىشانغا يېتەلمەي قالساڭلار قايتۇرمىساڭلارمۇ بولىدۇ، ــ دېدى.

گو فېڭلىيەن ئۇنۇماي باقتى، تالىشىپ باقتى، يۇ زومىننى قايىل قىلالمىدى. يۇ زومىنمۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، گو فېڭلىيەننى ھۆججەت يازماي 500 مىڭ يۈەننى ئېلىشقا مەجبۇرلىدى. يۇ زومىن ئاخىردا شۇنداق دېدى:

ــ مەن دېھقان بولۇپ تۇغۇلغان، ھازىرمۇ دېھقان، كەلگۈسىدىمۇ دېھقان پېتىم قالىمەن. بەزىلەر مېنى: «سەل يۇقىرى ئۆرلىسىڭىز بولمامدۇ؟» دېيىشتى. يۇقىرى دېگەن قانداق بولىدۇ؟ دېھقانلاردىن ئايرىلىش يۇقىرىلىغانلىق، ئۈسكەنلىك بولامدۇ؟ مېنىڭ قارىشىمچە، جۇڭگودا مەنسىپىڭ ھەرقانچە چوڭ، يۇقىرى بولغان بىلەن، دېھقانلار باي بولمايدىكەن، سېنىڭ چوڭ، يۇقىرى دېيىلگەن مەنسىپىڭ قۇرۇق مەنسەپ بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. دېھقانلار باي بولالمىسا جۇڭگودىنمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. ھازىر ئەمەل تۇتقان مەنسەپدارلارنىڭ تولىسى دېھقان ئائىلىسىدىن چىققان. ئەمما ھازىر كۆپىنچىسى دېھقانلارنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ تۆۋەننى كۆزدە تۇتقانلىقى ياڭغان، يۇقىرىغا ئىنتىلىدىغىنى راست. ئۇلار تۆۋەنگە مەسئۇل بولماي يۇقىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. ئۇلار تۆۋەنگە كۆز تىكمەي يۇقىرىغا قاراۋەرگەنلىكتىن كۆز ئاستى تېرىسى ئىششىپ قالغاندەك قىلىن. يۇقىرىغىلا قاراش مەنسەپ تېپىش ئۈچۈن. تۆۋەندىكى ئاممىغا قارىغان ئەمەلدارلار خەلقنى سۆيىدىغان، خەلقنى ئاسرايدىغان ئەمەلدار ھېسابلىنىدۇ. مەن داچيۇجۇاڭ كەنتىنى باي قىلىمەن دەپ ئاز جاپا چەكتىممۇ؟ مېنىڭمۇ يىقىلىدىغان بىر ۋاقتىم بولىدۇ. لېكىن قۇرغان ئىمارەتلىرىم يىقىلمايدۇ، سالغان زاۋۇتلىرىم ئۆرۈلمەيدۇ. ھاياتلىقىمدا شۇنچىۋالا ئىش قىپتىمەن، ئۆلسەم ئارمىنىم يوق. مېنىڭ تۆھپەم ــ گۇناھىم توغرۇلۇق كىم نېمە دېيىشنى خالىسا دەۋەرسۇن. چۈنكى ئېغىز دېگەن تۆۋۈكى يوق نەرسە!

ئۇ ئاشۇ گەپلەرنى دەپ بىر يىلدىن كېيىن راستىنلا «يىقىلدى»، قولىغا پارقىراق كويزا سېلىنىپ تۈرمىگە ئېلىپ كېتىلدى. شۇ چاغدا بەزىلەر: «يۇ زومىن ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە ئاغزىنى ئۈششۈتتى» دېيىشتى. ئېھتىمال ئۇ راستىنلا ئالدىنئالا ئالىنىپىلەرنى سەزگەنمىدىكىنتاڭ! دەرۋەقە بۇ كېيىنكى ئىش، بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىمىز.



شۇ قېتىمدا، يۇ زومىن گو فېڭلىيەننى بىرنەچچە كۈن ئارتۇق تۇرۇشقا، داچيۇجۇاڭنى كۆپرەك كۆرۈپ بېقىشقا خېلى تۇتقان بولسىمۇ، گو فېڭلىيەن ئۇنىمىدى.

داچيۇجۇاڭ كەنتى داجەيگىلا ئەمەس، خۇددى خۋاشى، ليۇجۇاڭغا ئوخشاش جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ ئىلغار تېپلىرىغا ئوخشاش ئاۋۋال بېيىغاندىن كېيىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، نامراتلارنى يۆلەش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي بۇرچىنى تولۇق ئورۇندىدى:

داچيۇجۇاڭ كەنتى ھۆكۈمەتكە نامراتلارنى يۆلەش

ئىئانە پۇلى تاپشۇرغان؛ گاۋشياۋۋاڭ، گۇەنكىڭ قاتارلىق كەنتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇش يولىغا مېڭىشىغا يېتەكچىلىك قىلغان؛ ياش - ئۆسمۈرلەر مائارىپىغا، مېيىپلەرگە ھەمدە «جۇڭخۇانى سۆيۈش، چاڭچېڭ سېپىلىنى رېمونت قىلىش» ئىشلىرىغا ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى خەلقنى قۇتقۇزۇشقا ئىئانە - ياردەم بەرگەن. 1991 - يىلى جەنۇبىي جۇڭگودا زور كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەندە، داچيۇجۇاڭ كەنتى بىر قېتىمدىلا بىر مىليون يۈەن ئىئانە قىلىپ، مەملىكەت بويىچە ئىئانە قىلغان پۇل سانى ئەڭ كۆپ كەنت دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، تيەنجىن شەھەرلىك پارتكوم، تيەنجىن شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن.

داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ بۇ تەرەپلەردىكى ئىشلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىدىغان بولسا بىر دەستە قەغەزگىمۇ پاتماي قالىدۇ.

# 4. داچيۇجۇاڭدىكى قان تۆكۈلۈش دېلوسى

## نامى چىققاندىن كېيىن يۈ زومىن ئۆزگىرىپ كەتتى

مەملىكەت بويىچە ياكى تيەنجىن شەھىرى بويىچە تەقدىرلەنگەن ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىسىملىكىگە كۆز يۈگۈرتۈپ باقسىڭىزلا، ئۇنىڭ قاتارىدا ئومۇمەن داچيۇجۇاڭ كەنتى بىلەن يۈ زومىننىڭ ئىسمىنى كۆرمەي قالمايسىز.

1979 - يىلى يۈ زومىن تيەنجىن شەھىرى بويىچە «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» بولۇپ باھالانغاندىن باشلىغاندا، ئۇ ئېرىشكەن ئاساسىي شان - شەرەپلەر ئىچىدە «جۇڭگودىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئون دېھقان كارخانىچى»، «مەملىكەت بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى»... دېگەندەكناملار ئاز ئەمەس. ئۇ قولغا ئېلىنىشتىن ئۈچ ئاي ئىلگىرىمۇ يەنىلا «92 - يىلدىكى جۇڭگودىكى ئون مەشھۇر ئاخبارات پېرسوناژى» بولۇپ باھالانغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، گېزىت - ژۇرناللاردا تەشۋىق قىلىنغان كەنت ۋە ئۇنىڭ باشچىلىرىنى تەشۋىق قىلغان ماقالىلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى يۈزەكىيرەك ستاتىستىكىلىغاندا، ئەڭ جىق ماختالغىنى داجەي بىلەن چېن يۇڭگۈي، ئۇنىڭدىن قالسىلا داچيۇجۇاڭ بىلەن يۈ زومىن ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇ، چېن يۇڭگۈيدەك يۇقىرى ئورۇن، كاتتا مەرتىۋىلىك بولمىسىمۇ، شان - شەرەپى جەھەتتە ئۇنىڭدىن كەم قالمىدى. جەمئىيەتتىكى داڭلىق شەخس ھېسابلانغان يۈ زومىن 7 -، 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولدى. ھەر نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنى ئېچىلغاندا، ئۇ مۇخبىرلارنىڭ تالىشىپ زىيارەت قىلىدىغان «قىزىق نۇقتا» پېرسوناژىغا ئايلاندى. 1984 - يىلدىن باشلاپ ئۇ تەكلىپ بويىچە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ دوكلات بېرىپ تۇردى. بەزى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئۇنى ئىقتىسادىي تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلدى تېخى!

ئالەمدىكى شەيئىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئەبەدىي مۇتلەقلىقتا ئىگە ئەمەس، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتى ھامان كىشىلەرنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمايدۇ. بەزىلەر شان-شەرەپ ۋە ئۇتۇقلۇق تەلەي ئالدىدا ئالغا ئۇچقۇش يەلكىنىنى كەڭ كېرىپ، غەيرىتىنى ئىشقا سېلىپ ئىلگىرىلەيدۇ. بەزىلەر بولسا ئىگەردە چىڭ ئولتۇرالماي يىقىلىپ چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ...

يۈ زومىننىڭ ئىگىلىك يارىتىشنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىنى ۋە نامدار بولغاندىن كېيىنكى ئىشلىرىنى سېلىشتۇرىدىغان بولساق، يۈ زومىننىڭ ئىسلاھاتنىڭ تۆھپىكارىدىن جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قېلىش جەريانى ناھايىتى روشەن مەلۇم بولىدۇ.

يۈ زومىن ئىش باشلىغاندا ئىسسىقنى ئىسسىق، سوغۇقنى سوغۇق دېمەي چاپاتتى. كونا، جالدىرلىۋاق ۋېلىسىپىتنى مىنىپ كەنتمۇ كەنت، يېزىمۇ يېزا چاپاتتى. باشقىلار دەم ئالايلى دېسە، ئۇ بىردەم ئىشلىۋېتىپ ئاندىن دەم ئالايلى، دەيتتى. كۆپرەك ئىشلەش ئۈچۈن تاماق ۋاقتىنىمۇ كەينىگە سۈرەيتتى. باشقىلار ئىسسىق تاماق يېسە، ئۇ ئىسسىق-سوغۇق دېمەي ئايرىمايتتى. سىرتلارغا چىققاندا، باشقىلار دەڭ - سارايلاردا ياتسا ئۇ تالادا قوناتتى. كەنت ئىچىدە بولسا، ئۆيگە قايتسا بېرىپ - كېلىشكە ۋاقىت كېتىدۇ دەپ ئوت - سامانلارنى سېلىنچا، پاخالنى يېپىنچا قىلىپ يېتىۋېرەتتى...

بۇلارنىڭ ھەممىسى داچيۇجۇاڭ كەنتى ئۈچۈن، داچيۇجۇاڭلىقلار ئۈچۈن ئىدى. بىر سائەت، بىر مىنۇت بولسىمۇ بالدۇرراق باي بولۇش، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش ئۈچۈن ئىدى...

يۈ زومىننىڭ يېتەكلىشى بىلەن داچيۇجۇاڭ كەنتى باي بولدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى داچيۇجۇاڭلىقلار كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلدى. كېسەكتە سېلىنغان ئۆيلەر بىلەن خوشلاشتى ۋە كەنت تەرىپىدىن بىر تۇتاش پىلانلاپ سېلىپ بەرگەن پىششىق خىشلىق ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى. يۈ زومىن بولسا ھەممىنىڭ كەينىدە كۆچتى.

www.uyghurkitap.com



كەنتتىكىلەر كۆزلىرىگە لىقمۇ ئىسسىق ياش ئېلىپ تەلەپ قىلسىمۇ، ئۇ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ راھەتتە كەنتداشلىرىنىڭ كەينىدە تۇردى.

1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاما يۈ زومىننىڭ يىللىق ئىش ھەققىنى باھالىدى. ئەڭ كۆپ دېگەنلىرى 500 مىڭ يۈەن، ئەڭ ئاز دېگەنلىرى 50 مىڭ يۈەن بولسۇن، دەپ تەكلىپ بەردى. ئەڭ ئاخىرى 180 مىڭ يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى. لېكىن ئۇ پەقەت 9 مىڭ 500 يۈەنلا ئېلىپ، قالغان 171 مىڭ 500 يۈەننى كەنت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بېرىۋەتتى.

ئېگىلىك تىكلەشنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا يۈ زومىن ئېسىل پەزىلەتلىك ئادەم ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇنىڭ قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە داچيۇجۇاڭ كەنتىدە ئاممىنى يېتەكلەپ ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلىدىغان زور ئۆزگىرىش ياسىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئىناۋىتىنىڭ قانچىلىك زورلۇقىنى تۆۋەندىكى بىر ئىشتىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ:

پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش پېزىلاردىكى ئەڭ قىيىن، باشقۇرماق مۇشكۈل خىزمەت. بىر قېتىم يۈ زومىن پۈتۈن كەنتتىكى پەرزەنت كۆرۈش يېشىغا توشقان 500 كىشىنى يىغىپ مۇنداق دەيدۇ:

ـ يۇقىرىدىن بىر ئەر ـ خوتۇن بىر پەرزەنت كۆرۈشنى بەلگىلەپتۇ، سىلەرچە بولامدۇ؟

ـ بولمايدۇ! ـ دەپ بىر ئېغىزدىن ۋارقىرىشىدۇ يىغىن ئەھلى.

ـ سىلەرچە بولمايدۇ ئەمەس، مېنىڭچە كاللامدىن ئۆتمەيدۇ، ـ دەيدۇ يۈ زومىن، ـ لېكىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىر ئەر ـ خوتۇن بىر پەرزەنتلىك بولۇشنى چاقىرىق قىلدى، بۇ دېگەن دۆلەتنىڭ سىياسىتى. سىلەر بالىنى جىق تاپساڭلار دۆلەتنىڭ سىياسىتىنى ياخشى ئىجرا قىلمىغان مەندەك شۇجىنى يۇقىرىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ...

يىغىن ئەھلى بىرپەس جىمىپ كېتىدۇ. كېيىن يۈ زومىن ئەملىدىن ئېلىنىپ كەتمىسۇن دەپ 500 كىشىنىڭ ھەممىسى بىر پەرزەنتلىك بولۇش ھەققىدە تىلخەت يېزىپ تاپشۇرىدۇ. ئارىدىن 10 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. داچيۇجۇاڭ كەنتىدە پىلانلىق تۇغۇتقا مەسئۇل كادىر يوق، شۇنداق بولسىمۇ، بىرەر بالا پىلانسىز تۇغۇلمىدى. كەنتنىڭ ھېچقانداق يېرىدە پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر بىرەر شوئارمۇ يېزىقلىق ئەمەس. بۇ كەنت يىلمۇ يىل «تيەنجىن شەھىرى بويىچە پىلانلىق تۇغۇتتا ئىلغار ئورۇن» بولۇپ باھالىنىپ كەلمەكتە.

90 ـ يىللار باشلىنىشى بىلەن شان ـ شەرەپ، ئالقىش ـ ماختاش ۋە گۈل ـ گىرەكلەرگە ئورىلىۋەرگەن يۈ زومىن ئاستا ـ ئاستا تۆھپىكارلىق ئورۇندۇقىغا چۆكۈپ ئولتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يېرىم ئۆمۈر زېمىن، شورلۇق يەر بىلەن ھەپىلىشىپ قاداقلىشىپ كەتكەن قوللىرىمۇ يۇمشاپ سىلىقلاشقىلى تۇردى. ئۇ تۇرمۇشتا غەربنىڭ كاتتا بايۋەچچىلىرىدىنمۇ بەتتەرلىشىپ كەتتى.

بۇرۇن ئۇ ئۇماچ ئىچىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئەڭ ئامراق تامىقى سۇدا پىشۇرۇپ دۇملەنگەن كىچىك بېلىق ئىدى. ئەمدى ئەتىگەن ۋە كەچلىك تامىقى ناۋاتنى ئېرىتىپ پىشۇرۇلىدىغان قارلىغاچ چاڭگىسى بولۇپ قالدى.

بۇرۇن سامانىنى سېلىنچا، پاخالنى يېپىنچا قىلىدىغان يۈ زومىن ئەمدى مەخسۇس دوختۇر بەدىنىنى ئۇۋۇلاپ قويمىسا ئۇخلىيالمايدىغان ھالغا كەلدى. ئەدىيالنىڭ ئۆرلەپ قالغان يېرىمۇ ئۇنىڭ ئۇخلىشىغا دەخلى قىلىپ، ھەرقانچە يېگى بولسىمۇ ئالدۇرۇۋېتىپ، باشقىسىنى سالدۇرىدىغان بولدى.

يۈ زومىن كۆنسېرى بېيىدى. بېيىغانسېرى ھەۋىسى كۆپىيىپ، قانائەتلىنىشنى ئۇيلىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئالدى ـ كەينى بىرنەچچە قېتىم ئۆي كۆچتى. كۆچكەن ئۆيلىرىنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن ئالىي، ھەشەمەتلىك ئىدى.

يۈ زومىننىڭ «جۇڭنەنخەي» دەپ نامى چىققان قورۇسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا مەخسۇس ئۇنىڭ ئۈچۈن دېجورنىلىق قىلىدىغانلار ئۈچۈن ئاتاپ سېلىنغان دېجورنى ئۆيى بولۇپ، بۆرە ئىت يېتىلگەن مۇھاپىزەتچىلەر بىر كېچە ـ كۈندۈز 24 سائەت ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىنى قىلىپ دېجورنى بولاتتى. قورۇغا كىرىدىغانلارنىڭ ھەرقاندىقى «مېھمان قوبۇل قىلىش كارتوچكىسى»نى تولدۇرغاندىن كېيىن، تېلېفون ئارقىلىق مەلۇم قىلىناتتى. يۈ زومىن قوشۇلسا ئاندىن كىرىشكە رۇخسەت قىلىناتتى. رەسمىيەت بېجىرىشنىڭ سۈر ـ ھەيۋىسى ھەربىي قىسىملاردىكى قوماندانلىق شتابىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. قورۇ ئىچىگە 20 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر چوڭ چىراغ مۇنارى ياسالغان بولۇپ، مۇنارنىڭ چوققىسىغا تۆت چوڭ چىراغ ئورنىتىلغان، كېچىلىرى بۇ چىراغلار ئۇن چاقىرىملىق دائىرىنى كۈندۈزدەك يوپيورۇق قىلىۋېتەتتى. بۇلار داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ باي بولۇپ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئاسمان ـ زېمىنگە ھەتتا كىشىلەرنىڭ چۈشىگىمۇ تەشۋىق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

يۈ زومىننىڭ غەربچە داچا شەكلىنى ئالغان قورغىنى ئاشۇ «جۇڭنەنخەي»نىڭ جەنۇبىغا سېلىنغان بولۇپ، چىراغ مۇنارىغا ياندىشىپ تۇراتتى. داچىنىڭ ئەتراپىنى ئۈزۈم بەدىشلىرى، پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر، بوك ئۆسكەن پاكار قارىغايلار ۋە نازۇك بامبۇك مايسىلىرى ئوراپ تۇراتتى. داچىنىڭ ئىچكى تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەپ

تۇرىدىغان ھاۋا تەڭشىگۈچ ماشىنىسىدىن ئۈنى بار ئىدى. ئۆيلەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى بىر يىل تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە بىر خىل، ئىللىق ئىدى. سىرت بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ئالىي دەرىجىلىك تېلېفون ئاپپاراتىدىنلا ئالتىسى بار ئىدى.

داچا بىناسى ئۈچ قەۋەتلىك بولۇپ، بىرىنچى قەۋەت ئىشىكتىن كىرگەندىلا ئائىلە مەيخانىسى كۆزگە چېلىقاتتى. دىئامېتىرى بىر مېتىر كېلىدىغان ئەينەك ئاسما چىراغلارنىڭ لامپۇچكىلىرى ئەتراپىدا زۇمرەت، قەھرىۋانى ئەسكە سالىدىغان ھەر خىل رەڭلىك شىشە مۇنچاقلار ساڭگىلاپ تۇراتتى. كۆز چاقنىتىدىغان چىراغ نۇرلىرى تاملارغا ئويۇپ چىقىرىلغان ئىشكاپلارغا تىزىلغان خىلمۇ خىل ئالىي ھاراق بوتۇلكىلىرى ئۈستىدە جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. قىپقىزىل گىلەملەر ئۈستىگە ئالىي دەرىجىلىك يۇمشاق خۇرۇم سافالار تىزىلغانىدى.

مەيخانىنىڭ ئىككى تەرىپى ئارامگاھ ۋە زىياپەت زالى ئىدى. داچىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتى ئۆتۈشمە قىلىپ سېلىنغان پرېزىدېنت ھۇجرىسى ۋە ئىشخانا. ئۈچىنچى قەۋىتى ياتاق بولۇپ، ھەممىسى 780 كۋادرات مېتىر كېلەتتى. 38 دىيۇملۇق چوڭ تېلېۋىزور، ھەشەمەتلىك ياتاق كارىۋات، زامانىۋى خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى، ئېسىل تازىلىق ئۆيلىرى... بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ زومىنىڭ ئىدى.

ئادەم ئۆز ئەكسىنى كۆرگىلى بولىدىغان پول، پولىغا سېلىنغان ۋە تامغا ئېسىلغان ساپ قوي يۇڭىدىن توقۇلغان گىلەملەر، تاملارغا ئېسىلغان دۇنياۋى داڭلىق رەسىملەر... ھەممىسى بۇ زومىنىڭ ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ پرېزىدېنت ھۇجرىسىدا راستىنلا ھەقىقىي چەت ئەللىك پرېزىدېنتنى مېھمان قىلغان ۋە قوندۇرۇۋالغانىدى. ئۇ ھىندىستاننىڭ مۇئاۋىن پرېزىدېنتى قوشۇمچە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى داۋىد لاھىر ئىدى. بۇ مۇئاۋىن پرېزىدېنت داچيۇجۇاڭ كەنتىدە مېھمان بولغىنىدىن ناھايىتى تەسىرلەنگەن، كەنتتە داچا بىناسىدىنلا 150 دىن ئارتۇقى بارلىقىنى بىلگىنىدە، بۇ زومىدىن داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ خەرىتىسىدىن بىرنى سىزدۇرۇپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن ۋە ھىندىستاندىمۇ مۇشۇنداق كەنت بەرپا قىلىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

بۇ زومىن ناھايىتى خۇشال بولغانىدى، ھەشەمەتچىلىك ۋە كۆز - كۆز قىلىشنىڭ تەمىنى تېتىپ قالغانلىقتىن 54 دۆلەتنىڭ جۇڭگودىكى ئەلچىلىرى داچيۇجۇاڭ كەنتىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ كەلگىنىدە، 100 دىن ئارتۇق ئەڭ ئېسىل پىكاپ چىقىرىپ داغدۇغىلىق كۈتۈۋالغانىدى. چەت ئەل ئەلچىلىرى بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ:

— بۇ يەرنى قانداقمۇ جۇڭگودىكى بىر يېزا دېگىلى بولسۇن؟ بۇ يەردە بىزنىڭ كۆرۈۋاتقىنىمىز دۆلەت باشلىقلىرىنى كۈتۈۋالىدىغان مۇراسىم مەيدانىغۇ؟ — دېيىشكەندە، بۇ زومىن تارتىنماستىن لاپ ئۇرغان:

— بىز چەت ئەلدىن ئەڭ چىرايلىق قىزدىن 100 نى تاللاپ تەكلىپ قىلىپ، كەنتىمىزدىكى ئەڭ ئەقىللىق 100 يىگىت بىلەن توينى قىلىپ قويماقچىمىز. شۇ چاغدا كەنتىمىزنىڭ چەت ئەللىك 100 تۇغقىنى بولىدۇ، يەنى چەت ئەل بىلەن تەڭ مەبلەغ چىقارغان، شېرىكلەشكەن 100 كارخانىمۇ بولىدۇ...

داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ۋە كۆز ئالدىدىكى ھەيكەللىكلاردىن سۆيۈنگەن چەت ئەل ئەلچىلىرى بۇ زومىنىڭ ھېلىقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قوشۇملىرىنى تۈرگەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىن قەتئىي كۆلۈپ باقمىغان.

زەي، شورلۇقتا پاتقاق كېچىپ كۆنۈپ كەتكەن بۇ زومىنىڭ پۇتلىرىمۇ مانا ئەمدى ئەتىۋارلىشىپ يول مېڭىش دېگەننى ئۇنتۇپ قالغان. ئۇنىڭ داچىسى بىلەن ئىشخانىسىنىڭ ئارىلىقى ئاران 40 مېتىر كەلسىمۇ، ئۇ ئەزەلدىن بۇ ئارىلىققا مېڭىپ بارغان ئەمەس، ماشىنىدا بېرىپ كەلگەن. ماشىنىسىمۇ پات - پات ئالماشتۇرۇپ تۇرغان. ئالماشتۇرغانلىرىمۇ پۈتۈنلەي «بېنتىس» ماركىلىق پىكاپلار بولغان.

بىر مۇخبىر ئۇنىڭدىن:

— سىز مۇشۇنچىۋالا ئېسىل پىكاپتا ئولتۇرسىڭىز، باشقىلار قانداق قارار؟ — دەپ سورىغاندا، ئۇ:

— بۇنداق سوراش بازار ئىگىلىكىنى چۈشەنمىگەنلىك!— دەپ جاۋاب بەرگەن، — «كادىلاك»، «بېنتىس» ماركىلىق پىكاپتا ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل مەبلەغ سېلىش مۇھىتى. بىز ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن 30 نەچچە شېرىك كارخانا قۇردۇق. ئەگەر بۇرۇنقىدەك ئېشەك مىنىپ، بېلىمىزگە غاڭزا بىلەن تاماكا خالتىسىنى ئېسىپ، بېشىمىزغا ئاق لۆڭگە چىگىپ يۈرسەك، چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىلەن شېرىكلەشكىلى بولارمىدى؟

خىزمەتتىكى بىر باشلىق كىشى ئۇنىڭغا ئاچچىق قىلىپ شۇنداق دېگەن:

— مەركەزدىكى ھەرقايسى مىنىستىرلىقلار مىنىستىرلىرىمۇ سىز ئولتۇرغان بۇنداق ئېسىل «بېنتىس» ماشىنىدا ئولتۇرمايدۇيۇ، سىز ئولتۇرسىز، دەرىجىڭىز قانچىلىك؟

— بىز دېھقان خەقتە دەرىجە بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەرگەن بۇ زومىن پەرۋاسىزلىق بىلەن، — مېنى «دەرىجە»لىكلەر بىلەن سېلىشتۇرماڭ!

بۇ زومىنىڭ بۇ «نەزەرىيە»سىنىڭ قانچىلىك توغرىلىقىنى كىتابخانلار ئايرىپ ئالالايدۇ، مۇئەللىپنىڭ باھا بېرىشى ئوشۇقچە...

www.uyghurkitap.com



ئۇنىڭ ئىشلىتىدىغىنى جىيەكلىرى ئالتۇندىن ياسىلىپ ياقۇت كۆز قويۇلغان، كەركىدان تېرىسىدىن ئىشلەنگەن بىر كەمىرى بار بولۇپ، قىممىتى 16 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. بۇنىمۇ ئۇ «مەبلەغ سېلىش مۇھىتى» دەپ چۈشەندۈرەرمۇ؟

بۇ زومىنىڭ يەنە مۇنداق سۆزلىرىمۇ بار:

— بىر كارخانىنىڭ رەھبىرىنىڭ ئالدىن باي بولۇشقا جۈرئەت قىلىشى، شۇ كارخانىدىكى قابىلىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئالدىن باي بولۇشى ئۈچۈن سىياسىي خەۋپ - خەتەرنى ئۈستىگە ئالغانلىق بولىدۇ. داچيۇجۇاڭ كەنتىدە باي بولغىنى مەن بىر بۇ زومىن ئەمەس، بىراق ئەڭ باي بولغىنى يەنىلا مەن. ئەگەر كىم «باي بولغاننى ئۆلتۈرۈپ كەمبەغەللىنى قۇتقۇزىمەن» دېسە، ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرگىنى تۈزۈك!

داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكى بەزىلەر ئىنتايىن ئېچىنغان هالدا:

— بۇ زومىنىڭ ئۆزگىرىپ بۇزۇلۇشىنى مۇنچە تېز، مۇنچە ھەيران قالارلىق بولار دەپ ئويلىمىغانىكەنمىز. ئۇنىڭ جاپا-مۇشەققەتلەر تامغا باسقان قورۇق چىرايى ئۆزگەرمىگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ھەممە يېرى ئۆزگىرىپ كەتتى، — دېيىشتى.

## «كىم بىر كۈندە 500 يۈەن خەجلىيەلىسە، شۇ نانقىپى...»

— داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ شۇجىسى بۇ زومىنىڭ ئاكىسىنىڭ بالىسى يۇ شاۋتۇڭ پويىز ئاستىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋاپتۇ...

— پويىز ئۇنى بېسىپ ئۆتۈپ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىپتۇ...

— پۈتۈن بەدىنى كۆرگۈسىز لەختە - لەختە بولۇپ كېتىپتۇ...

— ...

بۇ خەۋەر بىردەمدىلا قانات ياساپ داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ ئىچى - تېشى ۋە ئەتراپلارغا تاراپ كەتتى.

بۇ زومىنىڭ چوڭ ئاكىسى يۇ زوجې يۈرەك باغرى پارە-پارە بولۇپ، گۆش - ئۇستىخانلىرى تىتىلىپ كەتكەن ئوغلىنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى.

— جېنىم ئوغلۇم، نېمىشقا شۇنچە ئاسانلا ئۆلۈۋالدىڭ؟ مەن بۇ قىسمەتنى ئالماي قويمايمەن،— ئۇ پانۇستەك قىپقىزىل بولۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى بۇ زومىنغا تىكىپ، ئۇنى يەۋەتكۇدەك ئەلپازدا ۋارقىرىدى، — ئۈچىنچى ئىنىم، قايسى جەھەتتىن مەن ساڭا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلىپ قويدۇم؟ سەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدا خىيانەتچىلىك بار دەپ تۇرۇۋالىسەن؟ ياچېيكا ھەيئىتىدىن ئىككىنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ھېسابىنى تەكشۈرتۈۋېدىڭ، ھېچقانداق مەسىلە تاپالمىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنى يەنە قويۇپ بەرمىدىڭ. بۇنداق قىلىشىڭ ئۇنى ئۆلۈۋېلىشقا قىستىغانلىق ئەمەسمۇ؟ بۇ ھېساب - كىتابنى مەن سەن بىلەن قىلىشمەن. سەن مېنىڭ ئوغلۇمنى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلدىڭ، قاراپ تۇر، سەنمۇ ياخشى كۈن كۆرمەيسەن!

يۈرىكىگە پىچاق تىقىلغاندەك ئىچى ئېچىشىۋاتقان يۇ زومىنمۇ ياش، پوتىلىرىنى ئېقىتىپ شۇنداق دېدى:

— ئاكا، بىزنىڭ يۇ ئائىلىسىنىڭ قايسى ئەجدادى گۇناھنى جىق ئۆتكۈزۈپتىكەن، ماڭا كەلگەندە بۇ نەس باسقان شۇجىلىققا ئېرىشىپ قاپتىمەن. شۇجى بولغانىكەنمەن، ياخشى ئىشلىشىم، شەخسىي ھېسسىيات بىلەن تۇغقاندارچىلىق قىلماسلىقىم، ئۆز ئائىلىمىزدىكىلەرنى ياخشى باشقۇرۇشۇم كېرەكتە؟! شۇ چاغدىلا خەق كەينىمدىن سۆز - چۆچەك قىلالمايدۇ... ئۇ خۇمدانىنىڭ بوغالتىرى بولغاندىن تارتىپ يېيىش - ئىچىشكە بېرىلىپ كەتتى. پۇلنى سۇدەك خەجلەيدۇ. خىيانەت قىلمىسا نەدىن كەلگەن پۇل ئۇ؟ دەسلەپ سۆزلەشسەم ئىقرار قىلمىدى، ئىككىنچى قېتىم سۆھبەتلەشسەم يەنىلا ئىقرار قىلمىدى. ياچېيكىنىڭ ئىككى ھەيئىتىنى ئەۋەتىپ تەكشۈرتسەم، سەن دېگەندەك مەسىلە تاپالمىدى. ئەگەر ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى دېسەم كارىم بولمىسا بولۇۋېرەتتى. بىراق مەن بۇ فامىلىلىكلەرنىڭ ئەمەس، داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكى نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ شۇجىسى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھېساب دەپتىرىگە ئىشلەتكەن نەيرىڭىنى باشقىلار سېزەلمىگىنى بىلەن مەن سېزەلمەمتىم؟ ئۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى قېتىم سۆھبەتلىشىۋېدىم، دۇدۇقلاپ بولسىمۇ ئاز - تولا ئىقرار قىلدى. شۇ چاغدىلا ياچېيكا يىغىنى ئېچىپ ئۇنى تەكشۈرۈشنى قارار قىلدۇق. بىر تەرەپتىن ھېسابنى تەكشۈرگەچ ئۆزىنىڭمۇ ئىقرار قىلىپ تاپشۇرۇشنى ئېيتتۇق. دەسلەپكى تەكشۈرۈشتە بىرنەچچە يۈز يۈەن ئاشكارىلاندى. كىم بىلسۇن، قايسى يۈزۈم بىلەن خەققە قارايمەن دەپ ئويلىغان چېغى، ئاشۇنداق ئەقىلسىزلىق قىپتۇ... جىيەنىم بۇ نېمە قىلغىنىڭ ھە؟...

بۇ زومىن گېپىنى تۈگىتىپلا جىيەنىنىڭ جەسىتىگە ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئانىسىدىن باشلاپ ھەممە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنى ئەيىبلەپ ئارام بەرمىدى. ئۇنىسى تىللىسا، بۇنىسى كايىدى؛ بىرى قولىنى شىلتىسا، يەنە بىرى مۇشتىنى كۆرسەتتى. بىراقتىكىرەكى ئىتتەرسە، بېقىنراقتىكىسى دۈشكۈشلىدى. بۇ زومىن چىڭراق تۇرمىسا

ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئارىسىدىلا باش كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئورنىدىن شاققىدە تۇردى:

- كوممۇنىستىك پارتىيە بۇ فامىلىلىكلەرنىڭ مەزھىپى ئەمەس، - دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن، - سىلەر مېنى قانداق قىلغۇڭلار كەلسە شۇنداق قىلماقچىمۇ؟ مەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ شۇجىسى. بۇ شاۋتۇڭ خىيانەت قىلغانىكەن، مېنىڭ سۆزلىشىش، ئادىم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ھوقۇقۇم بار. بۇ داچيۇجۇاڭ كەنتى كوللېكتىپىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن. بۇ شاۋتۇڭ يۇزۇمنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيمەن دەپ ئۆلۈۋالغان بولسا، بۇ ئۆزىنىڭ ئىشى. سىلەر يەنە غەۋغا قىلىۋەرسەڭلار ياخشىسى سوتقا مەلۇم قىلايلى، شۇلار ھۆكۈم چىقارسۇن...

بۇ فامىلىلىك ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۇنىڭ سۆزىدىن قوسۇر تاپالماي بېسىقىپ قېلىشتى.

بۇ ئىگىلىك تىكلەشنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى ئىش. ئۇ چاغلاردا بۇ زومىن بالا - ۋاقا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، چىڭ باشقۇرۇپ ناھايىتى زور ئابروي ۋە ئىناۋەتكە ئىگە بولغانىدى. بارا - بارا ئۇ شۇنى كۆردىكى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەپ، ئىگىلىك تىكلەشكە تۆھپە قوشقان بىرمۇنچە تۆھپىكارلار بارغانسېرى ئۇنى باشتىكىدەك ھىمايە قىلمايدىغان، نىمە دېسە خوپ دېمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇنى ئاز دەپ تېخى ئۇنىڭ بايۋەچچىلىك، ھەشەمەتچىلىك، ئاچكۆزلۈك، راھەتپەرەسلىك قىلمىشلىرىغا قاتتىق تەنقىدىي پىكىر بېرىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ زومىن بۇنداق ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەندە مەسىلىنى ئۆزىدىن ئىزدىمەي، ھېلىقىلاردىن ئاغرىندى، مەن بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىمىدى دەپ قارىدى ۋە بارغانچە ئۆزىنى يالغۇز قېلىۋاتقاندەك، يېتىم بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق كۆزقارىشى بويىچە ئىش قىلىشقا بەل باغلاپ، قولىنى ئىچىگىلا ئېگىپ، 24 ياشلىق كەنجى ئوغلى يۇ شاۋجېڭنى داچيۇجۇاڭ كەنتى يېزا ئىگىلىك - سانائەت - سودا باش شىركىتىنىڭ بىلش لېدىرلىقىغا تەيىنلىدى ھەمدە ھۆججەت چۈشۈرۈپ، باش لېدىردا ئالتە ھوقۇق بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەرقايسى شىركەتلەرنىڭ باشلىقلىرىنى تەيىنلەش - قالدۇرۇش، باش شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش لېدىرىنى تولۇقلاپ تەيىنلەش ياكى قالدۇرۇۋېتىش، مەبلەغ يۆتكەش ھوقۇقى... بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ زومىننىڭ مۇنداق قىلىشى بالا ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشنى مۇقىملاشتۇرىدىغان فېئوداللىق ئۇسۇل بولسىمۇ، ئۇ: «بۇ يەردە 300 سەر كۆمۈش يوق» دېگەندەك، مۇنداق تەشۋىقات يۈرگۈزدى:

- تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، ياشلارنى بىرىنچى سەپكە ئەكىلىپ چېنىقتۇرۇش لازىم... 2000 - يىلىغا بارغىچە ئىز باسار يېتىشتۈرۈش ئىشىنى تىلغا ئېلىشقا بولمايدۇ. ئىز باسارلار ئىسلاھات ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆزلۈكىدىن يېتىشىپ چىقىدۇ...

كىشىلەر شۇنى ھېس قىلدىكى، داچيۇجۇاڭ كەنتىدە پۈت دەسسەپ تۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم بۇ زومىنغا يېقىنلىش، بۇ زومىندىن پايدىلىنىش كېرەك. بۇ زومىنمۇ بىگانە - يالغۇز ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يېقىنلىرىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇشقا موھتاج ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى ئېھتىياج جىپسىلىشىپ كەتتى. بۇ زومىن شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭغا ياخشىچاق بولغانلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئۇ شۇنداق دەيدۇ:

- مەن بۇ زومىننى 80 - يىللاردا سىرتنىڭ كىشىلىرى ئەدەپلىمەكچى بولغان، ئۇ چاغدا بېسىم سىرتتىن كېلەتتى. 90 - يىللار باشلىنىشى بىلەن بېسىم ئىچكى قىسىمدىن كېلىۋاتىدۇ. بەزىلەر قانىتى قاتماي تۇرۇپ ئۇچۇشقا تەمشىلىۋاتىدۇ، گەپ ئاڭلىمايۋاتىدۇ... ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرگەندىلا، باشقا ھەممە ئىشنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا ھەرقانداق كىشىنىڭ قايىل بولماي ھەددى ئەمەس، ھېچقانداق ئادەم مېنى ئاغدۇرۇۋېتەلمەيدۇ. سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ بىگىسى بولسا شىركەت قۇرۇڭلار، مەبلەغ كۆپ سېلىنسا مەھسۇلات كۆپ چىقىدۇ. كىم مەبلەغنى كۆپ توپلىيالىسا شۇ باتۇر ھېسابلىنىدۇ. كىم پۇلنى كۆپ تاپالىسا، شۇ خەجلەشنىمۇ بىلەلەيدۇ. كىم كۆپ خەجلىيەلىسە، شۇ ئەزىمەت سانىلىدۇ. ئەگەر بىر كۈندە 500 يۈەن خەجلىيەلمىسە، ئۇنداق ئادەمنى نانقېپى دېيىش كېرەك...

بۇ زومىن يۆلىگەن كىشىلەر نانقېپى بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، بېيجىڭ، تيەنجىن قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردىكى ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانىلاردىن مەخسۇس ياتاق كۆتۈرە ئالغان. بەزىلەر نەچچە ئايغىچە بىرەر قېتىم بېرىپ بىر ئاخشام ياتمىسىمۇ، ياتاق پۇلىنى تۆلەۋەرگەن. نەتىجىدە، بەزىلەرنىڭ بىر يىلدا تاپقىنى ئۈچ مىليون، خەجلىگىنى بەش مىليون، بەزىلىرىنىڭ تاپقىنى بەش مىليون، سورۇۋەتكىنى يەتتە مىليون يۈەن بولۇپ چىققان.

بۇ زومىن تەلۋىلەشسە، ئۇ يۆلىگەن بىرمۇنچىلار ساراڭ بولغان.

ئۇنىڭ كىم مەبلەغنى كۆپ توپلىيالىسا، شۇ باتۇر بولىدۇ، دېگەن تەشۋىقاتى بىلەن بەزىلەر 30 %، بەزىلەر 40 % ئۆسۈم بېرىش شەرتى بىلەن بىراقلا نەچچە يۈز مىليون يۈەن مەبلەغ توپلاپ چوڭ - چوڭ تۈرلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىشلەتكەن، نەتىجىدە خادىملار يېتىشمەسلىك، ئۈنۈم بولماسلىق ھالەتلىرىمۇ يۈز بەرگەن. ئاتا - ئانىسىنىمۇ تونۇمايدىغان بەزى لۈكچەكلەر، جەمئىيەتنىڭ داشقاللىرىمۇ بۇ زومىنىڭ «كىم پۇل خەجلىيەلىسە شۇ باتۇر» دېگەن چاقىرىقىنىڭ ئىلھامى بىلەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سوقۇنۇپ كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ «قابىلىيىتى»نى نامايان قىلغان. داچيۈجۇاڭ كەنتىنىڭ خام ئەشيا سېتىۋېلىش پۇلىنى ئالداپ قولغا كەلتۈرۈۋالغان بىر نائەھلى نەچچە مىليون يۈەن پۇل خەجلەپ سىرتلاردىن «ئالىي دەرىجىلىك» جالاپلارنى ياللاپ ئېلىپ كەلگەن. بەزى ئالىقاناتلار ياغلىما سۆزلەر بىلەن داچيۈجۇاڭ كەنتىگە سوقۇنۇپ كىرىپ «ئىختىساسلىق خادىم» بولۇۋالغان ۋە كەنتنىڭ ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدىكى ئەمەلىي ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، داچيۈجۇاڭ كەنت خەلقىنىڭ قان - تەر بەدىلىگە تاپقان پۇللىرىنى توپا سورىغاندەك خەجلىۋالغان. ئاشۇنداق مۇتتەھەمدىن بىرى ياپياش قىزلاردىن ئۈچىنى بىراقلا «ئىجارە»گە ئېلىپ، بىر قىزنى ئۆزىنىڭ كىيىم-كېچەك كىيىشىگە مەسئۇل قىلغان. يەنە بىر قىز مەخسۇس ئۇنىڭ يېمەك - ئىچمىكىگە مەسئۇل بولغان. يەنە بىر قىز ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى ئۇۋۇلاش، سىلاپ - سىپاش ئىشىنى قىلغان. ئۇ، بۇ ئۈچ قىزنىڭ قايسىسىنى خالىسا، شۇنىڭ بىلەن زىنا قىلغان.

ئاشۇنداق بىرنەچچە ئەبلەخ 70 - 80 مىليون يۈەندىن ئارتۇق زىيان ئۇرغاندىن كېيىن، بۇ زىياننى ياۋشۇن، ۋەنچۈەن، جىنمېي، جىنخەي تۆت شىركەت بۆلۈپ تۆلەشكە مەجبۇر بولغان. بىر ياۋشۇن شىركىتىلا 40 مىليون يۈەندىن ئارتۇق زىياننى تۆلەشنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ زومىن بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، غەزەپلەنگىنىدىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ھېلىقى ئەبلەخلەرنى تىرىك تۇرغۇزۇپ غاجىلىۋەتكۈدەك ئەلپازغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ ئالدامچىلار ئاللىقاچان تىكىۋەتكەن.

## «داچيۈجۇاڭ كەنتىنى مەن باي قىلغان، داچيۈجۇاڭ كەنتى مېنىڭ ئىلكىمدە...»

1990 - يىلى 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدا، كۆزنىگە قىزىلچىلىق تىقىلىپ، ئەقلىدىن ئازغان بىر بۆلۈك ئەرلەر قوللىرىغا كەمەر، تۆمۈر گەيكىلىك سولياۋ تۇرۇبا ھەم ناھاللىق پەتنىكىلەرنى كىيىپ چاچلىرى قاردەك ئاقارغان بىر بوۋاينى ئۇرماقتا ئىدى. بوۋاي يالۋۇراتتى، باش ئۇرۇپ گۇناھىنى تىلەيتتى. تاماشا كۆرۈۋاتقان 300 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ بەزىلىرى بولدى قىلىشنى تەشەببۇس قىلسا، بەزىلىرى: «ئۇرۇڭلار، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار»، «ئۆلسە خۇنىنى مەن تۆلەيمەن...» دەپ ۋارقىرايتتى. بىر چاغدا بوۋاي مەدىرلىماي يېتىپ قالدى. قاتىللار شۇ ۋاقىتتا ئاندىن ئۇرۇشنى توختىتىپ تاراپ كېتىشتى.

بوۋاي داچيۈجۇاڭ كەنت دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىلدى. ئەمما قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي چۈشتىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى.

بۇ ئىشنىڭ ئۆتمۈشى مۇنداق ئىدى:

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى داچيۈجۇاڭ كەنتى ئائىلە جاھازلىرى زاۋۇتىنىڭ باشلىقى ليۇ جىنخۇي بۇ زومىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى يۇ زوشياڭنىڭ قىزىغا بەتقىلىق قىلغانلىقتىن، داچيۈجۇاڭ كەنت ساقچىخانىسى ليۇ جىنخۇينى تۇتۇپ كەتكەن. بۇ ئىشنى ئاڭلىغان يۇ زوشياڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن بىرنەچچە كىشىنى باشلاپ بېرىپ، تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ليۇ جىنخۇينى پۇخادىن چىققىچە ئۇرغان. ئەمما يۇ زوشياڭنىڭ غەزىپى بېسىلماي، ئاچچىقى يانمىغانلىقتىن، ئۇ يۇ زومىننى تېپىپ، ئوغلىنى ئوبدان تەربىيىلىمىگەن ليۇ يۈتيەننى ئەدەپلەپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان. ئەگەر بۇ زومىندا ئىگىلىك يارىتىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى كۆڭلى - قارنى كەڭلىك ۋە مەسىلىنى سوغۇققانلىق بىلەن تەھلىل قىلىش خىسلىتى ھېلىغىچە ساقلانغىنىدا ئىدى، ئۇنىڭ ئابرويى، تەسىرى بىلەن ئىككى-ئۈچ ئېغىز نەسىھەت قىلسا، بۇ زىددىيەت پەسەيگەن، ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىك چىقمىغان بولار ئىدى. بىراق ھازىرقى يۇ زومىن باشقىچە يۇ زومىن، ئۆزگىرىپ كەتكەن يۇ زومىن ئىدى. ئۇ تەرىنى تۈرۈپ، لەۋلىرىنى ھىمىرىپ، غەزەپ بىلەن:

- داچيۈجۇاڭ كەنتىنى مەن باي قىلغان، ئۇنىڭ قەددىنى مەن كۆتۈرگەن، ئەگەر ليۇ فامىلىلىكلەر بىز يۇ فامىلىلىكلەرنىڭ كۆزىگە توپا چاچقىلى تۇرسا جاھاننىڭ ئۆزگەرگىنى شۇ دە! ئۇ قېرىنى كوچىغا سۆرەپ چىقىپ، سوغۇق ھاۋادا شامالدىتىپ قويۇڭلار! - دېگەن.

«شامالدىتىش» ھېلىقىدەك بولۇپ، ليۇ يۈتيەن بوۋاي ئۆلۈپ قالغان.

دېلو سادىر بولغاندا يۇ زومىن نەق مەيداندا بولمىسىمۇ، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇ بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر قاتناشقان چوڭ يىغىن ئېچىپ مۇنداق دېگەن:

- ليۇ يۈتيەننىڭ ئۆلگىنى ئوبدان بولدى. ئەسلى ئۇ بالدۇرلا ئۆلۈشى كېرەك ئىدى. مەدەنىيەت سەۋىيىسى بارلار سەھنىگە چىقىپ ئۇنى پاش قىلىڭلار، سەۋىيىسى يوقلار كوچىمۇ كوچا تىللاڭلار...

ليۇ يۈتيەن ئۆلۈپ جەستى كۆيدۈرۈلگىچە بولغان ئالتە كۈن ئىچىدە يۇ زومىن ئادەم ئەۋەتىپ دوختۇرخانىنى قامال قىلىپ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ جەسەت بىلەن

ۋىدالىشىشىغا يول قويمىغان. 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ ۋە 13 ـ كۈنلىرى داچيۇجۇاڭ كەنتىدىن نەچچە مىڭ ئادەم سەپ تۈزۈپ قوشۇن بولۇپ نامايىش قىلىپ، «يوقالسۇن لىيۇ يۈتيەن!»، «لىيۇ يۈتيەننىڭ ئۆلگىنى خوپ بولدى!» دەپ توۋلاشقان.

4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى يۈ زومىن يەنە «جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايىتىنى تونۇپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىش چوڭ يىغىنى» ئېچىپ، ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى سەھنە ئالدىدا توختىتىپ قويۇپ، بېشىنى پەس قىلىپ، بېلىنى ئېگىپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان. لىيۇ يۈتيەننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىللار بولسا سەھنە ئۈستىدە چاي ئىچىپ بەھۇزۇر ئولتۇرغان.

4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تيەنجىن شەھەرلىك ۋە جىڭخەي ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىلىرى داچيۇجۇاڭ كەنتىگە ئادەم ئەۋەتىپ، قاتىللارنى تۇتماقچى بولغان. ھالبۇكى، بەزىلەر ئۇلار بىلەن تاقابىلىشىپ تۇتقىلى قويمىغاننىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنى داچيۇجۇاڭ كەنتىدە قىپقىلىپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلغان.

5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى يۈ زومىن كەنتتىن ماشىنا چىقىرىپ، قاتىللارنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا ئاپىرىپ بەرگەن.

1991 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، تيەنجىن شەھەرلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى يۈ زومىننىڭ نەۋرە ئىنىسى، جيەنى قاتارلىق يەتتە جىنايەتچىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسىدىن تارتىپ توققۇز يىلدىن يۇقىرىغىچە جازا كېسىمى چىقارغان.

خورىكى ئۆسۈپ، ئالەمگە پاتماي قالغان يۈ زومىن: «ئەدلىيە ئورگانلىرى مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكتى، غەرەزلىك ھالدا يۈ ئائىلىسىدىكىلەرگە زەربە بەردى» دەپ قاراپ، داچيۇجۇاڭ كەنتىدە تەپتارتماستىن بىرقاتار قانۇنغا خىلاپ ئىشلار ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىغا قارشى تۇرىدىغان پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇ پۈتكۈل كەنت بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىپ: «داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكى ھەر 200 ئائىلە بىر ئائىلە جىنايەتچىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى بېقىشى، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە يېتىپ ـ قوپۇشىغىچە مەسئۇل بولۇشى كېرەك» دەپ جاكارلىغان ھەمدە 100 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ، قاتىللارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن. ئەكسى ھالدا لىيۇ فامىلىلىكلەر ئىچىدىن يەتتە ئادەمنىڭ داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكى كارخانىلاردا خىزمەت قىلىشىنى چەكلەپ، يول قويمىغان. لىيۇ يۈتيەننىڭ تۇغقانلىرىنىڭ تۇرالغۇلىرىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ كەنتتىن سىرتقا چىقىشىنى، باشقىلارغا يېقىنلىشىشىنى چەكلىگەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا لىيۇ يۈتيەننىڭ ئۈچ ئوغلى ئاي قاراڭغۇسى بولغان بورانلىق بىر كېچىدە يەتتە ئەجدادىدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن داچيۇجۇاڭ كەنتىدىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. لىيۇ يۈتيەننىڭ قىزى ئۈچ يىلغا يېقىن رېجىم ئاستىدا ياشىغان، تەرەتخانىغا بارسىمۇ، ئەر پايلاقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا تەرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

1991 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ۋە 26 ـ كۈنى، يۈ زومىن تەلۋىلىك بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى داچيۇجۇاڭ كەنت كومىتېتى نامىدا، جەمئىيەتكە «ھەرقايسى رەھبەرلەرگە، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارغا، مۇناسىۋەتلىك يولداشلارغا ۋە ئاخبارات ساھەسىدىكى دوستلارغا»، «ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلىرىغا، ئاخبارات، نەزەرىيە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، كارخانا ساھەلىرىدىكى ئىسلاھاتچى يولداشلار ۋە دوستلارغا» ماۋزۇلۇق ئىككى پارچە ماتېرىيالنى كەڭ كۆلەمدە تارقاتقان.

ئۇ، بۇ ماتېرىياللاردا يەتتە تۇغقىنىنىڭ قولغا ئېلىنىپ جازاغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈپ، «ئىسلاھات ئېلىپ بارغانلار زەربە يەپ كەتتى» دەپ ۋايسىغان. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئىسلاھاتنى ياخشى ئېلىپ بارسا ئىقتىسادنى تېز تەرەققىي قىلدۇرسىلا، ئادەم ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ خۇن تۆلىمەسمىش!

شۇنىڭدىن باشلاپ يۈ زومىن بىلەن ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ تىركىشىشىنىڭ پەردىسى ئېچىلدى. شۇندىن باشلاپ، يۈ زومىن تۈرمىگە بېرىشنىڭ يول خېتىنى كەستۈردى!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## يۇ زومىننىڭ قىساس ئېلىشى

1992 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، بېيجىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىدارىسى كادىرلار مەكتىپىنىڭ 27 ئوقۇغۇچىسى سىنىپ مەسئۇلى چېڭ گاڭنىڭ باشلامچىلىقىدا داچيۇجۇاڭ كەنتىگە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشكە كەلگەن.

ئوقۇغۇچىلار داچيۇجۇاڭ كەنتى شياڭگاڭ كوچىسىدىكى بىر ماگىزىنغا كىرىپ تاۋار مەنبەسى، باھاسى ۋە پايدا نىسبىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەپسىلىي سورىغان. ماگىزىننىڭ ئايال باشلىقى ئۇلارنىڭ مال ئالمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتىن زېرىكىپ مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار ۋە ئايال باشلىق ئوتتۇرىسىدا غىژ ـ غىژ چىققان. ئايال باشلىق ئاچچىقىدا داچيۇجۇاڭ كەنت ئامانلىق خادىملىرىنى چاقىرتقان. ئامانلىق خادىملار ئېرى ـ بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ئوقۇغۇچىلارنى مۇشتلاپ، تېپىپ قاماپ قويغان. ئوقۇغۇچىلار كىنىشكا ۋە ئىسپاتلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىغان بولسىمۇ، ئامانلىق خادىملىرى غەزەپ بىلەن:

ـ بىزنىڭ ئۇرىدىغىنىمىز دەل سەندەك جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى! ـ دەپ ۋارقىراشقان.

ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى ئوقۇغۇچىلارنى ئۇرۇپ، تىللاپ تويغاندىن كېيىن، چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە ئوقۇغۇچى جاڭ شىنزې بىلەن سىنىپ مۇدىرى چېڭ گاڭنى بىر كىچىك مەجلىسخانىغا ئېلىپ بارغان. لەۋلىرىگە تاماكا قىستۇرۇۋالغان بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئارىغا ئېلىشى بىلەن سۆلەتلىك مىڭىپ كىرگەن يۇ زومىن، چېڭ گاڭ بىلەن جاڭ شىنزېنى «لۈكچەكلىك قىلدۇق» دەپ ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلىغان. رەت قىلىنغاندىن كېيىن، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

ـ سىلەر ھازىر ئىقرار قىلمايۋاتسىلەر، مەن كەتكەندىن كېيىن ياخشى بولماسمىكىن... ـ دەپ تەھدىت سالغان.

يۇ زومىن كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ باياتىنقى گېپىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن كالتەكچىلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئىككىيلەننى ئۇرۇپ، دۇمبالاپ ئاغزى ـ بۇرنىنى قان قىلىۋەتكەن.

بىرپەس ئۆتكەندىن كېيىن يۇ زومىن يەنە كەلگەن ۋە:

ـ تېخىچە ئىقرار قىلىشمىدىڭمۇ؟ سەنلەر تېخى ئەينەك پوكەيلەرنىمۇ سۇندۇرۇۋېتىشىپسەنغۇ؟ ـ دېگەن.

يۇ زومىن ئۆزىنىڭ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈشكە ئۇرۇنىۋاتقىنىنى بىلەتتى. لېكىن ئۇ دۆلەت ئەدلىيە خادىملىرىنى ئورۇنسىز ئۇرۇپ ـ تىللىغانلىقىنى بىپىش ئۈچۈن ساختا مەيدان، يالغان پاكىت ياساۋاتاتتى. ئۇ چېڭ گاڭ قاتارلىقلارنى ئاتالمىش «نەق مەيدان»غا ئېلىپ كەلدى. بۇ يەردە چېڭ گاڭلارنىڭ كۆرگىنى باشقىچە بىر مەنزىرە بولدى؛ چېقىلغان ئەينەكلەر ماگىزىننىڭ ئىچىنى بىر ئالغانىدى. سېتىلىدىغان تاۋار ماللار ھەممە يەردە چېچىلىپ ياتاتتى.

ـ قانداق، كۆرۈشتۈڭمۇ؟ سەنلەر جىنازىنى كۆرمىگىچە كۆزۈڭدىن ياش چىقارمايدىغان ئاغزى چىڭ نېمىلەركەنسەن، ـ دېگەن يۇ زومىن ساختا كۆرەڭلىك بىلەن، ـ سەنلەر شۇنداقلا كېتىپ قالمىز، دەپ ئويلىماڭلار،« ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئاياللارغا بەتقىلىقلىق قىلىپ ساپتۇق، ئۈچ نەپەر ئامانلىق ساقلىغۇچى خادىمنى ئۇرۇپ يارىدار قىلىپ، پوكەينىڭ بىر پارچە ئەينىكىنى چېقىۋەتتۇق» دەپ تۇۋانامە يېزىڭلار...

چېڭ گاڭ يازغىلى ئۇنىمىغانلىقتىن قاتتىق تاياق يېگەن. شۇنداق قىلىپ، بېيجىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى كادىرلار مەكتىپىنىڭ 27 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىسى داچيۇجۇاڭ كەنتىدە يەتتە سائەت قانۇنسىز ھالدا تۇتۇپ تۇرۇلغان. 21 كىشى تاياق يېگەن، بېيجىڭغا قايتقاندىن كېيىن بەشەيلەن دوختۇرخانىدا ياتقان.

يۇ زومىننىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرى «يۈزىنى تۆككەن»لىكى ئۈچۈن قارشىلىشىش ۋە قىساس ئېلىش ھەرىكىتى «قەغەز يۈزىدە سۆزلەش»تىن تەرەققىي قىلىپ «مۇشتلاش ۋە تېپىش»كىچە يەتكەن. ئۇ بۇنداق قارشىلىشىش ۋە قىساس ئېلىشنى شۇندىن كېيىن تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرغان.

## يۇ زومىن قان تۆكۈشتىن توختىمىدى

1992 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، داچيۇجۇاڭ كەنتى ۋەنچۈەن گۇرۇھ شىركىتى تىجارەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ يۈنجاڭ ۋېي فۇخېي ئىسىملىك بىرسىنى شىركەتنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە چاقىرىپ كېلىپ سوراق قىلدى:

ـ سەن باقمىچىلىق مەيدانىنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولغان چېغىڭدا قانچىلىق خىيانەت قىلدىڭ؟ ئىقرار قىلىۋەت، بالدۇر ئىقرار قىلغىنىڭ كېيىن ئىقرار قىلغاندىن ياخشىراق!

ـ مەن خىيانەت قىلمىدىم، ـ دېدى ۋېي فۇخېي.

ـ قارىغاندا سەن تيەن يىجېڭنىڭ يولىدا ماڭىدىغان ئوخشايسەن، ـ دېدى ليۇ يۈنجاڭ دەرغەزەپكە كېلىپ ـ تاياق كۆرمىگىچە ئىقرار قىلماسسەن؟

بۇرۇن يۇ زومىن ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ، داچيۇجۇاڭ كەنتى كىسلاروت زاۋۇتىنىڭ باشلىقى تيەن

يىجېڭنى سوراق قىلغانىدى ۋە 61 ياشلىق تېخى يىجېڭنى «ئىقتىسادىي مەسىلەم بار» دەپ ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ، ئۇنى نەچچە چوماقچىسنى بۇيرۇپ ئۇرۇپ، مۇشتلاپ ئىقرار قىلغۇزغان، بۇ زومىن ئۇرۇشتا كۆچ چىقارغانلارنىڭ ئالدىغا 8500 يۈەن، كېيىنكىگە 5 مىڭ يۈەندىن مۇكاپات بەرگەنىدى.

ۋېي فۇخې بۇ ئىشنى بىلەتتى. لېكىن ئۇ تېخى يىجېڭدىن چىڭراق بولۇپ چىقتى ۋە ئىقرار قىلغىلى ئۇنىمىدى، شۇنىڭ بىلەن لىۇ يۈنجاڭ چوماقچىلىرىنى بۇيرۇپ ۋېي فۇخېنى دۇمبالاتقۇزدى.

بۇ ئىشلار بۇ زومىن داچيۇجۇاڭ كەنتىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان «ئىدىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىقتىسادنى ئىنقىلاش ھەرىكىتى» جەريانىدا يۈز بېرىۋاتاتتى. ئۇ نېمىنى ئويلىۋېدىكى، بۇ «ھەرىكەت» جەريانىدىكى ھەرخىل «دېلو»لارنىڭ ئېنىقلىنىش، سوراق... جەريانلىرىنى ئۇنىئالغۇ، سىنئالغۇلارغا ئېلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ نېمە مەقسەتتە شۇنداق قىلغانلىقى تازا ئېنىق ئەمەس. ئېھتىمال، ئۇ بېجىرگەن دېلولار مەڭگۈ ئاغدۇرغىلى بولمايدىغان دېلو بولۇپ قالىدۇ دەپ ئىشەنگەن بولغىيدى. ئەمما ئۇنئالغۇ، سىنئالغۇدىكى پاكىتلار كېيىن ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ بۇ زومىن باشچىلىقىدىكى دېلو بېجىرگۈچىلەرنىڭ جىنايىتىنى بېكىتىشتە پولاتتەك پاكىت بولۇش رولىنى ئوينىدى.

ئەسلى گەپكە كەلسەك، 18 چوماقچى توك كالتىكى، ئۆچ بۇرجەك توقا بېكىتىلگەن تاسما قامچا بىلەن ۋېي فۇخېنى نۆۋەتلىشىپ يەتتە سائەت ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدى. قانۇن دوختۇرى جەسەتنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، «ئۆلگۈچىنىڭ بەدىنىنىڭ 380 يېرىدە تاياقتىن زەخىملەنگەن ئىز بار، ئۇ ئېغىر دەرىجىدە يارىلىنىش كەلتۈرۈپ چىقارغان شوك بىلەن ئۆلگەن» دەپ دىئاگنوز قويىدى.

داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ بىر تەرىپىدە شامالالار داد - پەرياد ئاۋازلىرىنى ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى. قانلار يامغۇر بولۇپ تۆكۈلمەكتە ئىدى. يەنە بىر تەرىپىدە بولسا گۈل - چېچەكلەر خۇشپۇراق چېچىپ، ناخشا - ئۇسسۇللار باش قايدۇرۇپ تۇراتتى. باللار باغچىسىدىكى كىچىك دوستلار بۇدرۇق، ئۇماق ئالىقانلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ، تەبىئىي، يېقىملىق ئاۋاز بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قوشىقىنى ئوقۇۋاتاتتى:

ئاسماندا بىر قۇياش بار،
زېمىندە بىر داچيۇجۇاڭ.
داچيۇجۇاڭدا يۇ بوۋا،
ئۇلۇغ ئىشلارنى ياراتقان.
ئۇ بىزنىڭ ئۆز بوۋىمىز،
ئۇنى مەڭگۈگە سۆيىمىز.

... ... ...

داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ رادىئو كانايلىرى توختىماي مۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بېرەتتى:

- ياشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ياشلارنى تەربىيىلەش، ياشلارنى چوڭ يۈرەكلىك بىلەن ئىشلىتىش - بىزنىڭ قەدىردان پارتكوم شۇجىمىز يۇ زومىننىڭ ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىدىيىسى ۋە ئۇسۇلى. بىز داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكى ياشلار بۇنىڭدىن شان - شەرەپ ھەم بەخت - سائادەت ھېس قىلىمىز...

داچيۇجۇاڭ كەنتىدە شەخسكە چوقۇنۇش، زامانىۋى خۇراپاتلىق تىياترى ئەنە شۇ يوسۇندا ئوينالماقتا ئىدى.

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرى داچيۇجۇاڭ كەنتى توغرىسىدا يەنىلا بومباردىمان قىلىش شەكلى بىلەن تەشۋىقات يۈرگۈزمەكتە ئىدى!

## 5. ئۆزىنى چاغلىمىغانلىقنىڭ ئاقىۋىتى قېچىپ كەتسىلا تۈگىمىدىمۇ؟

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كېچە سائەت 12 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، يۇ زومىن ۋېي فۇخېنىڭ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جىڭخەي ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە خۇشياقمىغان ھالدا تېلېفون بەردى:

- بىزنىڭ بۇ يەردە بىرسى ئۆلۈپ قاپتۇ. شىركەتتىكىلەر ئۇنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، بىر بۆلۈك ئاما تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كىرىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ، سىلەر كېلەلەمسىلەر قانداق؟

ئۇ تېلېفون تورۇپكىسىنى قويۇپ قويۇپ، ئاشۇ ئەھۋالنى دوكلات قىلغان ۋەنچۈەن گۇرۇھ شىركىتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى لىۇ يۈخۇا بىلەن يۇ شاۋجىڭغا يەنە مۇنداق دېدى:

- شۇنچىۋالا جىق ئادەمنىڭ «سوراق»قا قاتناشقانلىقى، دائىرىنىڭ كەڭ بولۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈردۇ. ئىشەنچلىك بىرنەچچە ئادەم بۇ ئىشنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى.

لىۇ يۈخۇا ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، شۇئان شىركەتكە قايتىپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى.

جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى داچيۇجۇاڭ كەنتىگە كەلگەندە، ئۇلارغا ئەھۋال مۇنداق تونۇشتۇرۇلدى: ۋەنچۈەن گۇرۇھ شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىۇ

شاۋشىن، ئىشخانا مۇدىرى لىۇ يۇنجاڭ، قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى چېن شياڭچى ۋە خىزمەت خادىمى لى جېنبياۋ تۆت كىشى ۋېي فۇخېڭنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسىنى تەكشۈرگەن. كېيىن ئالدىنقى ئۈچەيلەن تاماققا كېتىپ، داچيۇجۇاڭ كەنتىگە كەلگىلى ئۇزاق بولمىغان لى جېنبياۋ ۋېي فۇخېنى نازارەت قىلىشقا قېپقالغان. تۇساتتىن لى جېنبياۋ تونۇمايدىغان 20 نەچچە ئادەم باستۇرۇپ كىرىپ، ۋېي فۇخېنى ئۇرۇپ كەتكەن ۋە يۇخادىن چىققاندىن كېيىن غىپپىدە تىكىۋېتىشكەن.

ئەپلەپ توقۇلغان چۆچەككە ئوخشايدىغان بۇ «مەلۇمات» جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنىڭ تېخىمۇ ئىشەنمەسلىكىگە سەۋەب بولغان. ئۇلار نەق مەيداندا 20 نەچچە ئادەم باستۇرۇپ كىرىپ ـ چىققانلىقىغا ئائىت ئىز تاپالمىغان، ئۆلگۈچىنىڭ بەدىنىدە قېتىپ قالغان قانلار ۋە يارا ئىزلىرى بىر قېتىملىق تاياق زەربىسىدىن پەيدا بولغان بولماي، ئۇزاق مۇددەت، ئارقا-ئارقىدىن ئۇرۇلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت بولغان. يەنىمۇ مۇھىمى، تۆت گۇماندار جىنايەتچىنىڭ ئاياغ ئىزىدىن ئېلىنغان ئەۋرىشكە، بۇ تۆت كىشىنىڭ قاتىل ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدىغان بەلگە بولغان.

بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان يۇ زومىن لىۇ يۈگخۋا قاتارلىقلارنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ بىر قۇر پاراڭلاشقاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن:

ـ جۇگگو پېزىلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ بىر مەشھۇر سۆزى بار: چىققان ئىش چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، قېچىپ كەتسىلا تۈگمىدىمۇ؟

لىۇ يۈگخۋا ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، دەرھال شىركەتكە قايتقان ۋە مالىيىدىن 80 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، تۆتەيلەنگە ئۆلەشتۈرۈپ بېرىپ، ئۇلارنى قاچۇرۇۋەتكەن.

شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، يۇ زومىن يەنە ۋېي فۇخېنىڭ يۇرتىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ۋېي فۇخېنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى داچيۇجۇاڭ كەنتىگە ئېلىپ كەلگەن ۋە 65 مىڭ يۈەننى نەپەقە پۇلى دەپ بېرىپ ئالداپ، جەسەتنى يۇرتىغا قايتۇرۇپ كېتىپ كۆيدۈرۈۋېتىش، كېيىن داچيۇجۇاڭ كەنتىگە ئاياغ باسماسلىق توغرىسىدا كاپالەت ئالغان.

12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كەچتە، تيەنجىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى دېلونى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈش ئۈچۈن بەش نەپەر جىنايى ئىشلار تېخنىك كادىر-ساقچىلىرىنى ساقچى بەلگىسى بار ماشىنا بىلەن داچيۇجۇاڭ كەنتىگە ئەۋەتكەن. يېرىم كېچە بولغاندا ئەپلىزى بۇزۇق 20 نەچچە ئادەم ساقچىلار ئولتۇرغان بىناغا باستۇرۇپ كىرىپ:

ـ سىلەر نېمىشقا كەلدىڭلار، نېمە قىلىدىغان ئادەملەر سىلەر؟ ـ دەپ ۋارقىرىغان ۋە ئىشكىنى قۇلۇپلىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈۋەتكەن، بىنانىڭ كارىدورلىرىنى توسۇۋېلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنى قورشاۋغا ئالغان.

تالادىكى ماشىنىدا قالغان شوپۇر يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى چۈشىنىپ، قوللىرىغا تاش ـ كېسەك ئېلىپ يول توسۇپ تۇرغان كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قورشاۋىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ قاچقان ۋە ئەھۋالنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا مەلۇم قىلغان.

12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت توققۇزدا، يۇ زومىن ناھايىتى كۆرەڭلىگەن ھالدا خاس ئادەملىرىنى باشلاپ، ھەشەمەتلىك بېزەلگەن يېغىن زالىغا كېلىپ، ئىككى تېلېگراما ۋە تولۇق يۇرۇشلۇك ئۈنئالغۇ ئۈسكۈنىلىرىنى ئورنىتىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنى ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇغان.

تەلۋىلىشىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان يۇ زومىن ئېلىپ كىرىلگەنلەرنىڭ تيەنجىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، تېخىمۇ غالجىرلاشقان. ئۇ:

ـ سىلەرنى كىم ئەۋەتتى؟ ـ دەپ سورىغان، ـ بىز ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا دېلو مەلۇم قىلغان تۇرساق، سىلەر شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكىلەر نېمىشقا قىستۇرۇلۇپ يۈرىسىلەر؟

ـ سىلەر نېمە قىلماقچى؟ ـ دېيىشكەن يۇ زومىننىڭ باشقا ئادەملىرىمۇ، ـ ئادەم ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان شۇنچىكى بىر دېلوغۇ شۇ...

ـ سىلەر ئەدلىيە ئورگانلىرىدىكىلەر نېمىگە كىرەككە كېلىسىلەر؟ سىلەر ئىسلاھاتقا مۇشۇنداق خىزمەت قىلامسىلەر؟

ـ ... ...

شۇ كۈنى تيەنجىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئالتە نەپەر ئادىمىنىڭ داچيۇجۇاڭ كەنتىدە تۇتۇپ قېلىنغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئىچى ناھايىتى تىت ـ تىت بولغان. ئۇلار يۇ زومىننىڭ بۇنچە تەلۋىلىكىنى، يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنىمۇ تەپتارتماستىن تۇتۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغاچ، كاللىسى جايىدا ئەمەستەك بىلىنىدىغان بۇ ئادەمنىڭ ئەخمىقانە ئىش تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن. يەنە بىر جەھەتتىن داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ ئالاھىدە ئورنى ۋە يۇ زومىننىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇشتەك سالاھىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەھۋالنى تيەنجىن شەھەرلىك پارتكوم ۋە

شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلغان.

تيەنجىن شەھىرىنىڭ باشلىقى دەرھال: «ئادەمنى قويۇپ بېرىڭلار، سەۋەنلىك كۆرۈلمىسۇن» دەپ داچيۇجۇاڭ كەنتىگە بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

بۇ زومىن جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنى «سەگىدىتىپ» بولالمىدىم، ھەيۋەمنى تېخى نامايان قىلىپ تۈگىتەلمىدىم، دەپ ئويلاپ، بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلىشنى سائەت 11 يېرىمگىچە داۋاملاشتۇرغان. شۇنداق قىلىپ دېلو بېجىرگۈچى جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى داچيۇجۇاڭ كەنتىدە قانۇنسىز 12 سائەت تۇتۇپ تۇرۇلغان.

بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يۈ زومىن كۆڭلىدە «تيەنجىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىمۇ چاغلىق بىر يەر ئىكەن، شەھەر باشلىقى ئالدىمغا بېرىپ، ئادەملىرىنى قويۇپ بېرىشىم ئۈچۈن يالۋۇرىدىكەن» دەپ ئويلاپ، تۆت نەپەر قاچقۇن جىنايەت گۇماندارىنىڭ كەنتكە قايتىپ كېلىپ، يوشۇرۇنۇپراق تۇرۇشى ئۈچۈن «كەسكىن» قارار چىقارغان ۋە ئۇلارغا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئەۋەتىپ بەرگەن.

1993 - يىلى 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى باھار بايرىمى بولغاندا «كەنت خوجايىنى» يۈ زومىن «ساخاۋەتلىك قولى»نى سۇنۇپ، «مېھرىبانلىق» بىلەن ئاشۇ تۆت قاتىلنىڭ يوشۇرۇنۇۋەرمەي ئائىلىسىگە قايتىپ، بالا - چاقىلىرى بىلەن بىرلىكتە چاغان ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ، دەپ قارار چىقارغان.

## داچيۇجۇاڭ كەنتى «ئۇرۇش ھالىتى»گە كىردى

يېرىم كېچە، ئىنتايىن تىنجىق.


ئۆلۈم ئالدىدىكى تىنجىق ئەمەس، پارتلاش ئالدىدىكى تىنجىق. داچيۇجۇاڭ كەنت پارتكومى دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان يۈ زومىننىڭ چىرايى پۈرۈشكەن، بىر - بىرىگە ئۇلاپ تاماكا چېكىشنى داۋاملاشتۇرغان ھالدا پارتكوم ئەزالىرىنىڭ پىكىر بېرىشىنى كۈتمەكتە. ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن قويۇق قاش، چوڭ كۆز، بەستلىك جاڭ يەنجۈن ئىسمىلىك بىر ياش سۆز ئالدى:

- ۋەزىيەتنىڭ جىددىي ئۆزگىرىشى بىزنىڭ بۇيەردە ئولتۇرۇپ ئاللىقانداق تاقابىل تۇرۇش تەدبىرىنى مۇزاكىرە قىلىشىمىزغا يول قويمايدۇ. بىز شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە ئەستايىدىل تەكشۈرۈشنامە يازايلى. داچيۇجۇاڭ كەنتى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش ۋە سوت مەھكىمىسى ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىششنى توختىتايلى، مانا بۇ بىز ئۈچۈن بىردىنبىر تاللاش!

- شۇنداق قىلىش كېرەك، ئۇندىن باشقا ياخشى چارە يوق، - دېيىشتى يۈ زوياۋ، جاۋشۇجۇڭ قاتارلىق كىشىلەر.

- نېمە ئۈچۈن تەكشۈرۈشنامە يازىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ باقە جاڭ يەنجۈن، - دېدى چۆرىسى قارىداپ خۇنى قاچقان كۆزلىرىنى جاڭ يەنجۈنگە تىككەن يۈ زومىن.

- ۋېي فۇخېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش دېلوسى يۈز بەرگەندىن بۇيان، تيەنجىن شەھىرىدىكى ئەدلىيە ئورگانلىرى كۆپ قېتىم سىز بىلەن سۆھبەتلىشىپ، داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ ئۇلارنىڭ دېلو بېجىرىشىگە ھەمكارلىشىپ، قوللاپ قۇۋۋەتلىشىنى تەلەپ قىلدى، - دېدى جاڭ يەنجۈن سالماقلىق بىلەن، - تيەنجىن شەھىرىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ سىز بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشىشكە ئادەم ئەۋەتتى. جىڭخەي ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتمۇ سىز بىلەن سۆھبەتلىشىپ نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى. سىزمۇ ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىنى قوللايدىغانلىقىڭىزنى ئاغزاكى بىلدۈردىڭىز، يۇقىرىقى ئىشلار يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ سىزگە كۆيۈنىدىغانلىقىنى، داچيۇجۇاڭ كەنت پارتكومىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى، داچيۇجۇاڭ كەنتى خەلقىنىڭ مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىككى كۈن ئىلگىرى تيەنجىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پۈتۈن مەملىكەتكە تۆت نەپەر ئاساسلىق قاتىلنى تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق تارقاتتى. «قانۇنچىلىق گېزىتى»، «خەلق جامائەت خەۋپسىزلىكى گېزىتى»مۇ بۇ بۇيرۇقنى بېسىپ ئېلان قىلدى. دېمەك، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئاسماندا تور،



يەردە قاپقان بار، سىز ئۇلارنى قوغداپمۇ قوغداپ بولالمايسىز. شۇڭا، ئۇلارنى ئۆزىنى مەلۇم قىلىشقا بۇيرۇپ، كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىشنى كۈتۈشكە نەسىھەت قىلغان تۈزۈك. يەنە بىر جەھەتتىن تيەنجىن ئەدلىيە ئورگانلىرى بۇ يەرگە بىر قىسىم جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىنى جىنايەتچىلەرنى ئاختۇرۇپ تۇتۇشقا ئەۋەتىدىكەن. ئەگەر سىزنىڭ ھازىرقى پوزىتسىيىڭىزچە بولغاندا، ئۇلار كېلىپ كەنتتىكى پۇقرالار بىلەن توقۇنۇش يۈز بېرىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ قان تۆكۈلىدىغان ۋەقە چىقىپ قالسا، بىز داچيۇجۇاڭ كەنتىدە ئىگىلىك تىكلىگەنلەر ئەمەس، داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ گۇناھكارلىرىدىن بولۇپ قالىمىز. شۇڭا، گۇناھى بار تۆت ئادەمنى دەپ داچيۇجۇاڭ كەنتىنى خاراب قىلماسلىقىمىز كېرەك، كەنت پارتكومى نامىدا تيەنجىن شەھەرلىك پارتكومغا تەكشۈرۈشنامە يېزىپ، تۆت ئادەمنى تاپشۇرۇپ بەرسەك، ھېلىمۇ تۈيۈق يولدىن قايتقىلى بولىدۇ.

— جاڭ يەنجۇننىڭ ئېيتقانلىرى داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ ھازىرقى پاسسىپ ھالىتىنى ئۆزگەرتىشتىكى ئوبدان تەدبىر بولىدى، شۇ بويىچە قىلايلى، — دېيىشتى يىغىن قاتناشچىلىرى.

— تەكشۈرۈشنامىنى كىم يازىدۇ؟ — دەپ سورىدى يۈ زومىن كۆزلىرىنى ئالايتىپ.

— بۇ تەكلىپنى مەن بېرىپتىمەن، — دېدى جاڭ يەنجۇن، — ئەگەر كۆپچىلىك ئىشەنسە، تەكشۈرۈشنامىنى مەن يېزىپ چىقاي.

— يازغۇڭ بولسا سەن ياز، — دېدى يۈ زومىن قولىنى سىلكىپ، — يىغىن تۈگىدى، تارقىلىڭلار...

ئەتىسى ئەتىگەندە يۈ زومىن ناۋات سۈيىگە چىلانغان قارلىغاچ چاڭگىسى بىلەن ناشتا قىلىپ «بىنتىس 600» ماركىلىق ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، 40 مېتىر يىراقلىقتىكى ئىشخانىسىغا يېرىم مىنۇتتا بېرىپ ئاڭلىغىنى مۇنۇ مەلۇمات بولدى:

— تيەنجىن شەھىرى، جىڭخەي ناھىيىسىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش ئورگانلىرىدىن ۋە ناھىيە رەھبەرلىرىدىن بولۇپ بىرمۇنچە كىشىلەر سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ. ئۇلارنى مەجلىسخانىغا باشلاپ قويدۇق. يۈ زومىن مەجلىسخانىغا كىرگەندىن كېيىن:

— قانچىلىك ساقچى ئېلىپ كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— 400 ساقچى كەلدى، ئۇلار كەنتكە ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىن كەلگەنلەر.

— نېمانچە نۇرغۇن ساقچى ئۇ؟ — دېدى ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىگەن يۈ زومىن ئۈستەلگە مۇشتلاپ، — سىلەرنىڭ بۇنداق قىلىشىڭلارغا كەنتىمىزدىكى ئاممىا قانداق قارايدۇ؟

— بىز ئەدلىيە ئورگانلىرى سىلەرنىڭ كەنتىڭلاردىكى ئامانلىقنى ساقلاش ساقچىخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن يۇقىرىغا تاپشۇرۇشنى رەت قىلغان 15 مىلتىق، 2 مىڭ پاي ئوق ۋە يەنە بىر چەت ئەللىك شىركەت بىلەن بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان كارخانىڭلاردا چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئۈچۈن ئىش قوشۇپ ياساپ بېرىۋاتقان خېلى زور تۈركۈمدىكى بەشئاتار ئوۋ مىلتىقى بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەنتىڭلاردا قانۇن - ئىنتىزامنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئىشلارنىڭ ھەدەپ سادىر بولۇۋاتقانلىقىدەك ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، 400 نەپەر جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنى ئېلىپ كەلدۇق. بۇ ئىشنى تيەنجىن شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت مەركەزگە يوللاپ تەستىقلاتقان. ئۇلار يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرىدۇ. تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەن جىنايەتچىلەرنىڭ سىرتقا قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ھازىرچە كەنتكە كىرگىنى سانى ئاز جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى تۇتۇش بۇيرۇقى چاپلاش، جىنايەت گۇماندارلىرىنى ئاختۇرۇپ تۇتۇش. بىز داچيۇجۇاڭ كەنت پارتكومىنىڭ ۋە سىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە ئاكتىپ ماسلىشىپ، ئاممىغا ئىدىيىۋى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەپ، بىزنىڭ ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزدە زىددىيەت چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ياردەملىشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

— سىلەر كىمگە تاقابىل تۇرماقچى؟ — يۈ زومىن يەنىلا ئۆز گېپىنى يورغىلاتتى. يۇقىرىدىن كەلگەن ئەدلىيە ئورگانلىرى خادىملىرىغا ئالىيىپ قاراپ، — كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بېرەمدۇ - بەرمەمدۇ، زىددىيەت - توقۇنۇش چىقىپ قالامدۇ - قالمامدۇ، بۇنىڭغا سىلەر ھۆددە قىلالمايۋاتقان يەردە، مەن تېخىمۇ ھۆددە قىلالمايمەن. ئامما قانۇننى بىلمەيدۇ، مەنمۇ بىلمەيمەن. شۇڭا، ھەرقانداق بىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالالمايمەن. سىلەرنىڭ شۇنچىۋالا نۇرغۇن جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىڭلار، داچيۇجۇاڭ كەنت پارتكومىغا، داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكى ئاممىغا ئىشەنمىگەنلىكىڭلار. بۇ ئىش سىرتقا پۇرىلىپ كەتسە، باشقىلار داچيۇجۇاڭ كەنتىدەك ئىسلاھاتنىڭ تىپىگە قانداق قارايدۇ؟ بۇرۇن سۇڭ جياڭ جۇ جەمەتى قورۇقىغا ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىپتىكەن، ھازىر سىلەر جامائەت

خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرى داچيۇجۇاڭ كەنتىگە ئىككى قېتىم كېلىپ بولۇپ، بۇ ئۇچىنچى قېتىم ھۇجۇم بىلەن كىرمەكچى بولۇۋاتىسلەر... سىلەر بىزگە ئىشەنمىگەندىكىن، مەن خىزمىتىمدىن ۋاقىتىنچە ئىستىپا بەردىم. بارلىق ئاقىۋەتكە ئۆزۈڭلار مەسئۇل!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، خىڭىلدىغان ھالدا قولىنى كەينىگە قىلىپ چىقىپ كەتتى. شۇئان مەجلىسخانىغا ئون نەچچە ئادەم كىرىپ، ۋەزىيەت ئىجرا قىلىشقا كەلگەن شەھەرلىك، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى ۋە رەھبىرىي يولداشلارغا ئورۇنسىز سوئاللارنى بېرىپ، قورشىۋېلىپ پاراكەندە قىلدى.

بۇ زومىن ۋە يەنە بەزى غەيرىي نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىشى بىلەن، داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ ئىچى-تېشىدا پىتنە ـ ئىغۋا قايناپ كەتتى:

ـ چاتاق بولدى! جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى داچيۇجۇاڭ كەنتىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى!

بەزىلەرنىڭ قوماندانلىق قىلىشى بىلەن، داچيۇجۇاڭ كەنتى دەرھال «ئۇرۇش ھالىتى»گە كىردى. تۈركۈم ـ تۈركۈم كەنت پۇقرالىرى ۋە سىرتقى جايلاردىن كېلىپ ئىشلەۋاتقان ئىشچى-خىزمەتچىلەر كەنتنىڭ تۆت تەرىپىگە يىغىلىپ، ئېھتىيات دائىرىسى ئايرىپ، ھەرقايسى قاتناش ئېغىزلىرىغا پوست قويۇپ چىقتى؛ تونىنا ـ تونىنا پولات كالتەكلەر بىر مېتىردىن سەل ئۇزۇنراق كېسىپ، ھەرىلىنىپ، داچيۇجۇاڭ كەنتىنى «قوغدايدىغان»لارنىڭ قورالىغا ئايلاندى. يول چىڭدايدىغان بىرمۇنچە ماشىنىلار، لىپمۇ لىق بېنزىن قاچىلانغان ماي ماشىنىلىرى، پىرتىسپ چېتىلغان يۈك ئاپتوموبىللىرى، تراكتورلار ۋە ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئىشلىتىلمەي تاشلىنىپ قالغان ئات ـ ئۇلاغ ھارۋىلىرى ھەم باشقا بىيزا ئىگىلىك ئەسۋابلىرى كەنتكە كىرىپ ـ چىقىدىغان يول ئېغىزلىرىغا ئاپىرىلىپ سوئىنىي بارىكادا ـ توساق ياسالدى. كەنتتىكىلەرگە يول يۇرۇش كارتوچكىسى تارقىتىلدى. بۇنداق كارتوچكىسى يوقلار سوئال ـ سوراق ۋە تەكشۈرۈشكە قالدى.

داچيۇجۇاڭ كەنتىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋاقتىدىكى ئەلەم كۆرشى قىلىنىۋاتقان مەنزىرە پەيدا بولدى.

## «سىز نەسەھەتكە كۆنمىسىڭىز، ئالدىڭىزدىلا ئۆلۈپ بېرىمەن»

جاڭ يەنجۇن ئۆزى تەكلىپ قىلغان ۋە كېيىن بىزنىشنى ئۆزى تەلەپ قىلغان داچيۇجۇاڭ كەنت پارتكومىنىڭ تيەنجىن شەھەرلىك پارتكومغا ئەۋەتىدىغان تەكشۈرۈشنامىسىنى بىزىپ بولدى. ئۇ «شەھەرلىك پارتكوم چوڭقۇر، ئەستايىدىل بولماپتۇ» دەپ قالمىسۇن، دەپ قورقسا يەنە بىر تەرەپتىن بۇ زومىنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەچكە، تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق ۋە يەنە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يېزىپ چىقتى.

ئۇ يازغانلىرىنى بىر قۇر ئوقۇپ تۈرۈشىغا، ئۇنى يىغىنغا چاقىرىپ تېلېفون كەلدى. يىغىن قاتناشچىلىرى يەنىلا ئالدىنقى قېتىمدىكى ئاشۇ كىشىلەر ئىدى.

كەچ سائەت يەتتە يېرىمدە بۇ زومىن يىغىنىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ئارقىدىنلا تيەنجىن شەھىرى، جىڭخەي ناھىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ داچيۇجۇاڭ كەنتىگە كىرگەنلىكىنى، بىر بۆلۈك جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر-ساقچىلىرىنىڭ كەنت سىرتىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، كەنت ئىچىدە توساق ياسالغانلىقى... قاتارلىق ئەھۋاللارنى بىر قۇر تونۇشتۇردى ۋە كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش، داچيۇجۇاڭ كەنتى قانداق ئۇسۇل بىلەن تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا پىكىر سورىدى.

يىغىن مەيدانى جىمىپ كەتتى. خېلى ئۇزاققىچە ھېچكىم ھېچنېمە دېمىدى. ھەتتا تىرىق قىلغان ئاۋازمۇ ئاڭلانمىدى. بۇ كۆپچىلىكنىڭ دېمىدىغان گېپى يوقلۇقىدىن ئەمەس، گېپىنىڭ بەك جىقلىقىدىن ئىدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى كۆرگىلى بولسا، مۇنداق غوم بارلىقىنى بىلگىلى بولاتتى: سەن بۇ زومىن داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ پۇقرالىرى ۋە سىرتتىن كەلگەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە فېئودال ئائىلە باشلىقلىق ھۆكۈمرانلىقىڭنى يۈرگۈزدىڭ، ئۆزۈڭنى فېئوداللىق قورۇقنىڭ خوجايىنى ئورنىغا قويۇۋالدىڭ. پارتىيە ئىچىدە مۇستەبىتلىكنى يولغا قويۇپ، پارتكوم ئەزالىرىنىڭ تەنقىد پىكىرلىرى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ساڭا قىلىنغان تەتۈرلۈك، قارشى يول تۇتقانلىق... دەپ قارىدىڭ، نەتىجە ۋە شان ـ شەرەپ ئالدىدا ھۇزۇرلىنىپ، ئۆزۈڭنى كاتتا ھېسابلاپ، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمىدىڭ، ئۇچۇشنى بىلدىڭ چۈشۈش كېرەكلىكىنى ئويلاپ قويمىدىڭ، قانۇن ـ نىزام، ئىنتىزام، قائىدە دېگەنلەرنى ئېسىڭگە ئېلىپمۇ قويمىدىڭ. سەن ھەممىنى ئۆزۈڭنىڭ شەخسىي ئىرادىسى ۋە تايىنى يوق تۆتىرۇقسىز پىسخىك ھالىتىڭ بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتتىڭ. ئاشۇنداق تۇرۇپ، ئەمدىلىكتە بىزدىن پىكىر سوراۋاتىسەن، بۇ ئۇستاتلىق قىلىۋاتقىنىڭمۇ ياكى كېيىنچە جاۋابكارلىقنى خەققە ئىتتىرىش ئۈچۈنمۇ؟...

يەنە بىرپەس جىملىقتىن كېيىن جاڭ يەنجۇن پىكىر قىلدى:

ـ يەنە قانداق «تاقابىل تۇرۇش»نى مۇزاكىرە قىلىمىز؟

www.uyghurkitap.com



تۈنۈگۈن سىز ماڭا تيەنجىن شەھەرلىك پارتكومغا تەكشۈرۈشنامە يېزىشنى بۇيرۇغاندىڭىزغۇ؟ مەن يېزىپ بولغاندىم...

– ئۇقۇپ باقە قېنى... – دېدى يۇ زومىن سوغۇققا.

جاڭ يەنجۇن ئوقۇشقا باشلىدى:

– جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تيەنجىن شەھەرلىك كومىتېتقا:

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، پارتىيىنىڭ خەلقنى باي قىلىش سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، داچيۇجۇاڭ كەنتى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا ماڭدى... 90 ـ يىللارغا قەدەم قويغاندىن بۇيان، كەنتىمىزدە جىنايى ئىشلار دېلولىرى كەينى ـ كەينىدىن سادىر بولدى. بۇ ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنسىلا، مەنىۋى مەدەنىيەت تەبىئىي ھالدا ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ... بىزنى پارتكوم چوقۇم ساۋاقلارنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلىپ، شەھەرلىك پارتكومنىڭ ۋېي فۇخېنى ئورۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشگە يېقىندىن ماسلىشىمىز...

جاڭ يەنجۇن بېرىلىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئوقۇدى، يۇ زومىن بولسا مۈگدەپ، ئەسنەپ ئولتۇردى. جاڭ يەنجۇن ئوقۇشتىن توختىغاندىن كېيىنلا كۆزىنى ئېچىپ:

– يازغانلىرىڭنى ماڭا بەر، ئۇنىڭ نامۇۋاپىق جايلىرى بارمۇ يوق، مەن تەپسىلىيرەك بىر كۆرۈپ چىقاي، – دېدى.

جاڭ يەنجۇن يۇ زومىن تەكشۈرۈشنامىنى ئاڭلاپ، خاتا يولدىن ياندىغان تونۇشقا كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، يازمىلىرىنى قوش قوللاپ ئۇزاتتى. يۇ زومىن قەغەزلەرنى شارتتىدە تارتىۋېلىپ، غەزەپ بىلەن:

– تەكشۈرۈشنامە يېزىشقا توغرا كەلگەندىمۇ ساڭا ئاشمايدۇ، – دېدى چالۋاقاپ، – مەن سېنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرمىگەن بولسام، سېنىڭ بۈگۈنكى كۈنۈڭ بولارمىدى؟ سەن نېمىنىڭ نومۇس ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ تيەنجىن شەھىرىدىكى ئەدلىيە ئورگانلىرى مېنىڭ چوڭ ـ كىچىك يەتتە تۇغقىنىمغا جازا ھۆكۈم قىلىشۋەتتى. مەن بۇ قىساسىمنى قانداق ئېلىش، بۇ ئاچچىقىمنى نەدىن چىقىرىشنى بىلەلمەيۋاتقىنىمدا، كەنتىمىزگە يەنە شۇنچىۋالا كادىر ـ ساقچىلار كەپتۇ. بۇ قېتىم مەن ئۇلار بىلەن بىر قەپەس ئېلىشماي قويمايمەن، قېنى ئۇلار مېنى نېمە قىلالايدىكىن؟!

يۇ زومىن سۆزلىگەنسېرى ئەلپازى بۇزۇلۇپ، تەكشۈرۈشنامە يېزىلغان قەغەزلەرنى يىرتىپ تىتىۋەتتى.

جاڭ يەنجۇن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ گويىدە تاشلىنىپ يۈكۈندى ۋە يالۋۇرغان ئاھاڭدا مۇنداق دېدى:


– دېمىسىمۇ مېنى سىز ئۆز قولىڭىز بىلەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈردىڭىز، مەنمۇ سىزنى ئەزەلدىن ئۇستاز سۈپىتىدە كۆرۈپ، ھۆرمىتىڭىزنى قىلىپ كەلدىم. لېكىن بىز كومپارتىيە ئەزالىرى ئىكەنمىز، ھېسسىياتىمىزنى پارتىيىنىڭ پرىنسىپلىرى ئورنىغا دەسسەتمەسلىكىمىز لازىم. ئەگەر سىز شەھەرلىك پارتكومغا تەكشۈرۈشنامە يېزىشنى رەت قىلىپ، يەنىلا ئەدلىيە ئورگانلىرى بىلەن تاقارىشىپ كېتىۋەرسىڭىز، داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكى ئىگىلىك تىكلەش باشچىسىدىن داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ گۇناھكارىغا ھەتتا خەلقنىڭ جىنايەتچىسىگە ئايلىنىپ قالىسىز! مۇنداق كېتىۋەرمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن...

يۇ زومىن تېخىمۇ غەزەپلەندى ۋە: «سەن جاڭ يەنجۇننى خاتا تونۇپ قالغانىكەنمەن، بىكار تەربىيىلەپتىمەن...» دەپ تىللاپ كەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن يۇ زوياۋمۇ چوكۇلىنىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يالۋۇردى:

– ئاكا، جاھىللىق قىلىۋەرمەڭ، ئالدىنقى قېتىم يەتتە تۇغقىنىمىزنىڭ قاماققا چۈشۈپ قېلىشىدا سىزنىڭ جاۋابكارلىقىڭىز بار. سىز بۇ فامىلىلىكلەرنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىشكە بېشارەت بەرمىسىڭىز، ئۇ ئىش يۈز بەرمەيتتى. سىز سەۋەبىنى ئۆزىڭىزدىن ئىزلىمەي، ئەدلىيە ئورگانلىرى بىلەن قارشىلىشىۋەرسىڭىز ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ... سىز ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان تۆت ئادەمنى قوغداپ قالمىسام «نامەرد» بولۇپ قالىمەن، دەپ ئويلاۋاتىسىز. لېكىن ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئېلىپ داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ نامەردگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى يادىڭىزغا ئالمايۋاتىسىز... مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، ئەدلىيە ئورگانلىرى بىلەن تۇتۇشۇۋەرسەك، كەنتىمىزدە جىنايەت ئۆتكۈزىدىغانلار كۆپىيىدۇ، تۇتۇلىدىغانلارمۇ كۆپىيىدۇ، بۇ يەنە بىر تۈركۈم ئادەمنى جىنايەت پاتقىقىغا ئىتتىرگەنلىك بولمامدۇ؟... سىز داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ جۇڭگودىكى 800 مىڭدىن ئارتۇق كەنتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسىز، ئۆزىڭىزنىڭمۇ پەقەت بىر دېھقان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسىز! سىزنىڭ ئىجرا قىلغىنىڭىز پارتىيىنىڭ دېھقانلارنى باي قىلىش سىياسىتى، پارتىيە سىزگە خېلى يۇقىرى شان ـ شەرەپ ۋە مەرتىۋە بەرگەن تۇرسا. كومپارتىيە بىلەن قارشىلاشسىڭىز ئاقىۋىتىڭىز قانداق بولماقچى؟

يۇ زومىن يۇ زوياۋنىمۇ تىللىدى:

– مەن سەن يۇ زوياۋنىمۇ خاتا كۆرگەنىكەنمەن، بىكار تەربىيىلىگەنىكەنمەن. سەن بىلەن جاڭ يەنجۇن ئىككىڭ ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ۋېي يەندەك ئاسىيلىق قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان نېمىلەركەنسەن، ئاچقۇچلۇق پەيتتە مەن بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىمىغانلىقىڭلار نېمىسى؟ تىزلىنىپ-



يۈكىنىپ ئۇلتۇرۇۋېلىشساڭ ئۇلتۇرۇۋېلىشۇر، كارىم يوق...

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا، جاڭ يەنجۈن كۆلدانىنى كۆتۈرۈپ يۇ زومىننىڭ ئالدىغا تېزى بىلەن يەر سىلاپ كەلدى.

— جاڭ يەنجۈن سەن نېمە قىلماقچى؟ — دېدى يۇ زومىن ھەيران بولۇپ.

— سىز داچيۇجۇاڭ كەنتىدە قان تۆكۈلۈشنى ئارزۇ قىلمىغاندەك تۇرىسىز... — دېدى جاڭ يەنجۈن، — ئاۋۋال مېنىڭ قېنىم تۆكۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ قېلىڭ، يەنىلا نەسىھەتكە قۇلاق سالمىسىڭىز، ئالدىڭىزدىلا ئۆلۈپ بېرىمەن!

جاڭ يەنجۈن كۆلدان بىلەن ئۆزىنىڭ ماڭلىيىغا ئۇرۇشقا باشلىدى. قىپقىزىل قان ئۇنىڭ چېكە چاچلىرىنى قىزىلغا بويىدى، قىپقىزىل قان ئۇنىڭ زىناقلىرىدىن يالاپ ئېگىكىگىچە چۈشتى.

يىغىن مەيدانىدىكى باشقا پارتكوم ئەزالىرىمۇ جاڭ يەنجۈن تەرەپ بولۇپ يۇ زومىنگە نەسىھەت قىلىشتى. ئەمما يۇ زومىن قايتىلىغا ئالماي:

— سىلەر ھەممىڭلار ماڭا ئاسىيلىق قىلىپ يۈز ئۆرىدىڭلار! — دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

يۇ زومىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يۇ زوياۋ جاڭ يەنجۈنگە:

— سەن دوختۇرخانىغا بېرىپ پېشانەڭنى تاڭدۇر، شۇندىن كېيىن باشقىلىرىمىز ئەمدى قانداق قىلساق قىلىشىپ ياخشى بولىدىغانلىقىنى مەسلىھەتلىشىپ باقايلى، — دېدى.

— بولىدى، تاڭدۇرمايلا قوياي، ئاۋۋال مەسلىھەتلىشىپ باقايلى، — دېدى جاڭ يەنجۈن.

— بىز ئۇنىڭغا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ نەسىھەت قىلساقمۇ ئاڭلىمىدى، — دېدى يۇ زوياۋمۇ، — بۇنىڭدىنلا ئۇنى مۇستەبىتلىكتە قايسى دەرىجىگە بارغانلىقىنى، ئۆزۈمچىلىك، تەلۋىلىكتە ھېچنېمە كار قىلمايدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئەتە يەنە يار لېۋىدىن ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتماي، شەھەرلىك پارتكوم ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرى بىلەن قارشىلىشىۋەرسە، بىز داچيۇجۇاڭ كەنتىدىن قېچىپ كېتەيلى!

پارتكومنىڭ نەق مەيداندا بار ئەزالىرى يۇ زوياۋنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلۇشتى.

شۇ كېچىسى، تيەنجىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئەھۋالدىن خەۋەرى يوق ئامما بىلەن توقۇنۇش چىقىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 30 نەپەر جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىنى كەنتكە كىرىپ جىنايەتچىلەرنى ئاختۇرۇپ تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا قالدۇرۇپ، قالغان ھەممە كادىرلار ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى ۋە بۇ قارارنى يۇ زومىنگە ئۇقتۇردى.

ئەمما، يۇ زومىن ئەتىسى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ نەسىھەتى ۋە قۇتقۇزۇۋېلىش تىرىشچانلىقىنى كۆزگە ئىلماي، چۈشتىن كېيىن ئۆز ئالدىغا پۈتۈن كەنت بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىپ، يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانايلىرى ئارقىلىق قۇتراتقۇلۇق قىلدى:

— شەھەر داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ تۆت ئەتراپىغا مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر ئورۇنلاشتۇردى، ئۇلاردا يەنە كىچىك زەمبىرەك، ياش ئاققۇزۇش بومبىسى، ساقچى ئىتلىرىمۇ بار. ئۇلار كەنتكە كىرىپ ئاختۇرۇش ئېلىپ بارماقچى، مەن ئۇلارنىڭ كەنتكە دېلو ئېنىقلاش ئۈچۈن كەلگەنلىكىدىن گۇمانلىنىمەن. ئۇلار داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ ئىسلاھاتىنى باستۇرغىلى، داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكى ئىسلاھاتچىلارغا زەربە بەرگىلى كەلگەن. بىز تولۇق تەييارلىق قىلىپ قويۇشىمىز لازىم... جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنىڭ قولىدا «رەسمىيىتى» بولسا، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك. «رەسمىيىتى» بولمىسا بىردەك كەنتكە كىرگۈزمەڭلار... داچيۇجۇاڭ كەنتىدە پۇل بار، پارتكومدا پۇل بار، كادىرلاردا

پۇل بار، مەندىمۇ پۇل بار. مەن ئامانەت قويغان پۇللىرىمنى ئېلىپمۇ بولسا ئىش ھەققىڭلارنى بېرىمەن... زاۋۇتلار ئىش توختاتسۇن، مەكتەپلەردە دەرس ئۆتۈلمىسۇن، پۈتۈن كەنت بويىچە بىر ئايلىق دىم ئېلىش بېرىلىدۇ. ئىش ھەققى تولۇق تارقىتىلىدۇ...

چوڭ يىغىندىن كېيىن داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. كەنتنىڭ ئىچى - سىرتىدا بەش قاتار مۇداپىئە لىنىيىسى ياسىلىپ، ھەممە ئېغىز، يول، ئاچاللارغا توساقلار قۇرۇلدى. داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ 400 دىن ئارتۇق ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى «داچيۇجۇاڭ كەنتىنى قوغداش كۆرىشى»گە ئاتلاندى. كەنت ئاھالىلىرى ۋە سىرتتىن كەلگەن ئىشلەمچىلەرمۇ قوللىرىغا تۆمۈر كالتەك ئېلىپ، كوچا-رەستىلەرنى ئايلاپ، كۆزەتتە تۇردى.

يۈ زومىننىڭ ئىدىيىسىدىكى قالاق دېھقان ئېڭى ئۇنى مۇشۇ دەرىجىگە ئېلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. پېئىر كاردېن ماركىلىق ئېسىل كاستۇم - بۇرۇلكىلار ئۇنىڭ بەدىنىنى ياپالىغىنى بىلەن، روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا چۆكمە ھاسىل قىلىپ تۇرغىنى يەنىلا فېئوداللىق دېھقان ئېڭى ئىدى.

جىنايەتچىلەرنى ئاختۇرۇپ تۇتقۇچى جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا كەنت ئىچىدە ئوت قويىرۇقلۇق قىلىپ، ھەيۋە كۆرسىتىپ، بىر مەيدان ئۇرۇش - يىغىت ئۇرۇشى قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ شامالغا مۇشت ئاتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. تەلۋىلىك بىلەن ئەخمەقلىق ئارىلاشسا ئاشۇنداق بولىدۇ.

## يۈ زومىن يېتىم - يېگانە قالدى

يۈ زومىننىڭ تەرسا، جاھىللىقىنى، خاتا يولدىن قايتىش نىيىتى يوقلۇقىنى كۆرگەن يۈ زوياۋ «36 تەدبىر ئىچىدە پەشنى قېقىپ كېتىپ قېلىش ھەممىدىن ياخشى» دېگەن تەمسىلنى يادىغا ئېلىپ ياۋشۇن گۇرۇھ شىركىتىدىكى بىرنەچچە مۇئاۋىنلىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئاچتى. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

- يۈ زومىننىڭ تىزگىنلىشىدىن قۇتۇلۇش، داچيۇجۇاڭ كەنتىدە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ بېسىقىشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، مەن شىركەتتىن مەلۇم ۋاقىت ئايرىلماقچى، بۇنداق قىلىش يۈ زومىننىڭ پسىخىك ھالىتىگىمۇ زەربە بولىدۇ. مەن كەتكەندىن كېيىن، سىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماڭلار، ئادەم، مەبلەغ، ئەشيا يۆتكەيمەن دېسە، باشلىقىمىز يۈ زوياۋ يوق دەپ ماڭا ئىتتىرىپ قويۇڭلار. نېمە ئىش يۈز بېرىشىدىن

قەتئىينەزەر زاۋۇت ئىش توختاتمىسۇن، كەسىپ يۈرۈشۈۋەرسۇن، ئاتا - ئانام، خوتۇن - بالىلىرىمغا قاراپ قويارسىلەر...

نېرى - بېرى گەپ - سۆزلەردىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇئاۋىنلىرى ماقۇل بولدى ۋە تاپىلىغاندەك ئىش قىلىشقا ۋەدە بەردى. يۈ زوياۋ بىر كېچىسى غىپپىدە كېتىپ قالدى. ئۇ كەتكەن كېچىسى جاڭ يەنجۇن، جاۋ شۇجۇڭلارمۇ كەتتى. بۇ ئۈچەيلەن داچيۇجۇاڭ كەنتى ياۋشۇن، جىنمېي، جىنخەي ئۈچ چوڭ سانائەت گۇرۇھى شىركەتلىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ تەسىرى زور كىشىلەر ئىدى.

يۈ زومىن بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چۈشىن يەۋالغاندەك خامۇش بولۇپ قالدى. يۈرىكىنى بىرسى ئامبۇردا قىسقاندەك سانجىپ ئاغرىدى. يېگىنى تەمسىز بىلىندى، ئۇ ئۆزىنى توساتتىن يەككە - يېگانە يېتىم بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ ناھايىتى ئازابلاندى. ئەمما بۇ ئادەم كەمچىلىكىنى تونۇيدىغان، ئۆزىنى ئۆزى باھالاپ باقىدىغان، بۇرۇنقىسى ۋە كەلگۈسى ئۈستىدە ئويلىنىپ باقىدىغان خىسلەتنى يوقاتقانىدى. ئۇ ئۈچ چوڭ شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ بىر - بىرلەپ سوراق قىلدى. لېكىن ئېرىشكەن جاۋابى باشلىقلىرىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى «بىلمەيمىز» دېگەن بىرلا سۆز بولدى. قىستاش، پوپوزا قىلىش، قورقىتىشلارمۇ كار كەلمىدى.

يۈ زوياۋ، جاۋ شۇجۇاڭ، جاڭ يەنجۇنلەر داچيۇجۇاڭ كەنتىدىن كەتكىنى بىلەن ئۆز شىركەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا يىراقتىن تۇرۇپ تېلېفون ئارقىلىق قوماندانلىق قىلىۋەردى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ دىسلەپكى ئايدىكى تېلېفون ھەققى 8 مىڭ يۈەندىن بولغان بولسا، ئىككىنچى ئېيىدا 10 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى.

يۈ زومىن ئىچكى - تاشقى بېسىم ئاستىدا نائىلاج يول توساقلىرىنى ئېلىپ تاشلاشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىنىڭ كەنتكە كىرىپ تۇتۇش بۇيرۇقى چاپلىشىغا، جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ تۇرالغۇلىرىنى ئاختۇرۇشىغا ماقۇل بولدى. لېكىن بۇ «كەنت خوجايىنى» ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالماي، «ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمىدى». ئۇ قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنى «سەگىدىتىپ» قويۇشنى تاپىلىدى.

قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ساقچى ماشىنىلىرى كەنتكە كىرىشى بىلەنلا، يۈ زومىننىڭ «قارشى ئېلىش»قا چىقارغان ئون نەچچە پىكاپلىرىنىڭ ئارىسىدا قىستىلىپ قالدى. كەنت كوچىلىرىنىڭ ئىككى ياقىسىغا يىغىلغان

نەچچە مىڭ ئامما «قارشى ئېلىش» ئۈچۈن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، نورمال ۋەزىپە ئۆتەشكە توسقۇنلۇق قىلدى. يۇ زومىن بولسا بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسىنى سىنئالغۇغا ئالدى.

جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى ئىككى نەپەر تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغانلارنىڭ تۇرالغۇسىنى ئاختۇرماقچى بولۇپ بارغاندا، ئىشىك قۇلۇپلاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، كەنت ئامانلىق ساقلاش خادىملىرىنىڭ كاتىپۋاشلىرىغا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى چاقىرىپ ئەكىلىپ بېرىشنى تاپىلىغاندا، بۇ كاتىپۋاشلار تاپالمىدۇق، دەپ ئاختۇرۇشنىڭ نورمال يۈرۈشۈشگە توسقۇنلۇق قىلدى. ئەمەلىيەتتە شۇ چاغدا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغان ئىككى جىنايەتچى كەنت ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. باشقا ئىككىسى باشقا جايدا بولسىمۇ ئۇرنىنى يەڭگۈشلىۋالغاندى.

يۇ زومىن بىر تەرەپتىن ئاممىنى ئەخمەق قىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىغا كاشىلا پەيدا قىلغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئۆز - ئۆزىنى كاچاتلاپ يۈزىنى سەمرىتىۋالغاندەك ئىش قىلىپ، «تيەنجىن شەھىرىنىڭ مىڭدىن ئارتۇق قوراللىق ساقچى چىقىرىپ، داچيۇجۇاڭ كەنتىنى قورشىۋالغانلىقىنىڭ جەريانى» دېگەن ماتېرىيالنى قۇراشتۇرۇپ چىقىپ، داچيۇجۇاڭ كەنت پارتكومىنىڭ نامىدا كەڭ كۆلەمدە تارقاتتى. بۇ ماتېرىيال پاكىتلارنى بۇرمىلاپ، «ۋېي فۇخې بىر تۇركۇم ئامما تەرىپىدىن تويۇقسىز تاياق يېيىش تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەن» دەپ يالغان سۆزلەپلا قالماي، يەنە تېخى ئېغۋا تارقىتىپ، «زور تۇركۇمدىكى قوراللىق ساقچىلار داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ ئەتراپىغا ئېلىپ كېلىندى، كۆرگەن ئاممىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار زەمبىرەك، ساقچى ئىتلىرى، ياش ئاققۇزىدىغان ئوقلار ۋە ئۇزۇن - قىسقا قوراللار بىلەن قوراللانغان»، ئۇلارنىڭ «داچيۇجۇاڭ كەنتىگە كېلىشى ھەرگىز بىرنەچچە گۇمانلىق جىنايەتچىنى تۇتۇش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكەتتىكى بىرىنچى كەنت بولغان داچيۇجۇاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن»، «ئىسلاھات ئىشلىرىنى تونجۇقتۇرۇش ئۈچۈن»، شۇڭا «پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئادالەتنى ياقلىشىنى تەلەپ قىلىمىز» دەپ جۆيلىدى. بۇ ئارقىلىق ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ نورمال قانۇن ئىجرا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش، ئاممىنى قۇترىتىپ ۋەقە پەيدا قىلغانلىقىنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتىنى ئەدلىيە ئورگانلىرى بىلەن ھۆكۈمەتكە دۆڭگەپ قويماقچى بولدى.

تيەنجىن شەھەرلىك پارتكوم بۇ ئەھۋالنى سەزگەندىن كېيىن، جىڭخەي ناھىيىلىك پارتكوم ئارقىلىق يۇ زومىننىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى ھەمدە ئۇنداق قىلمىشلارنى دەرھال توختىتىشنى، تارقاتقان ماتېرىيالنى يىغىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. يۇ زومىن بولسا ئۆز سەنىمگە دەسسەپ يۈرۈۋەردى. تيەنجىن شەھەرلىك پارتكوم داچيۇجۇاڭ كەنتىگە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپىنى تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ دېلونى تېزرەك تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىغا ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى.

ئالاقىدار پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىمۇ «داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىغا ئوچۇق خەت» ئېلان قىلدى. «ئوچۇق خەت»تە جايىغا تەگكۈزۈلۈپ مۇنداق دېيىلگەن:

«كەنتىڭلاردىكى ۋېي فۇخېنىڭ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلۈش دېلوسىنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈش مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى. لېكىن سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى تەكشۈرۈش داۋامىدا ئارقا - ئارقىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى... بۇ ئىش پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا غەزەپ - نەپرەت قوزغىدى. مەركەز ۋە شەھەرلىك پارتكوم بىزگە ھەرخىل قوچۇۋېتىشلەرنى بېكىتىپ، قەتئىي قانۇن بويىچە دېلو بېجىرىشكە يوليورۇق بەردى. بىز ھەرقانچە چوڭ توسقۇنلۇق بولسىمۇ قەتئىي بوشاشماي، ۋېي فۇخېنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش دېلوسىنى ئېنىقلاپ چىقىمىز، مەقسەتكە يەتمىگىچە بولدى قىلمايمىز».

تيەنجىن شەھەرلىك پارتكوم ئەۋەتكەن خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەتراپلىق، ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەپ 800 دىن ئارتۇق يىپ ئۇچىنى تېپىپ چىقىپ، ئادەم ئەۋەتىش ۋە جايلاردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنى ياردەملەشتۈرۈش ئارقىلىق جىنايەتچىلەرنى بىر - بىرلەپ قولغا چۈشۈردى.

1993 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 1 - يىغىنى بېيجىڭدە ئېچىلدى، بۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا داۋاملىق تەيىنلەنگەن يۇ زومىن يىغىنغا قاتناشتى. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، كاتىپى يىغىن مەيدانىغا كىرەلەيتتى. بۇ قېتىم ئۇ بۇرۇنقى شان - شەرەپلىرىدىن مەھرۇم بولغان ھالدا ئۆزى يالغۇز يېتىمسىرەپ يۈردى. بۇرۇن ئۇ مۇخبىرلار ئورىۋالىدىغان «قىزىق نۇقتا» ئەرباب ئىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىش سۇسلاشمىغان بولسىمۇ، ئەھۋال بۇرۇنقىدەك بولمىدى.

ئۇ بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئالاقىزادىلىك ئىچىدە بىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك بىئارام بولۇپ، بىر كۈنى بىر يىلدەك تۇيۇلدى. ئۇ شەھەرلىك پارتكوم

www.uyghurkitap.com



ئەمەتكەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنىڭ ئۇنىڭ تېگىنى ئېچىۋېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

دەل ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ شەھەر رەھبەرلىرىنىڭ ئۇنى سۆھبەتلىشىشكە چاقىرغان ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ «بارسام بولارمۇ، بارمىسام بولارمۇ؟ ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ؟» دەپ خېلى ئىككىلەندى، ئۆزى بىر قارارغا كېلەلمىدى.

1993 - يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كېچىدە، بۇ زومىگەر كەنتتە بار كادىرلارنىڭ يىغىنىنى ئاچتى ۋە شەھەر رەھبەرلىرىنىڭ سۆھبەتلىشىشكە چاقىرغان ئۇقتۇرۇشىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، بېرىش كېرەكمۇ ياكى بارماسلىق دېگەن مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى.

- سىز خېلىدىن بېرى شەھەر رەھبەرلىرى بىلەن سۆزلەشمەن، دەپ يۈرمەمتىڭىزغۇ؟ - دېدى بىرەيلەن، - بارمىسىڭىز نېمىدەپ چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ؟

- بارسا «خۇڭمىن زىياپىتى» دەك تۇزاق بولۇپ يۈرمىسۇن! - دېدى يەنە بىرەيلەن قارشى چىقىپ.

- مېنىڭچە ئۇنداق بولماس، - دېدى باشقا بىرەيلەن، - سىز تېخى يېقىندا 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا داۋاملىق تەيىنلەندىڭىز، يىغىنغىمۇ قاتنىشىپ كەلدىڭىز، مېنىڭچە ھېچ ئىش بولمايدۇ...

- «خۇڭمىن زىياپىتى» بولغاندىمۇ بېرىش كېرەك. لىيۇ باڭ ئاشۇ «خۇڭمىن زىياپىتى»گە بېرىپ خەتەرلىك ئەھۋالنى ئۆتكۈزگەن ئەمەسمىدى؟ شەھەر باشلىقلىرى بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇلارغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەنمۇ ياخشى، خاتالىقىڭ بار دېسە، خاتالىقنى تونۇپ، ئۆزۈڭنى تەكشۈر دېسە، تەكشۈرۈپ شەھەر رەھبەرلىرىنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك...

## قانۇن باش ئەگدۈردى

### ئۇ بىر كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى

ئەتىسى ئەتىگەندە بۇ زومىگەر ناۋات سۈيىگە چىلاپ پىشۇرۇلغان قارلىغاچ چاڭگىسى بىلەن ناشتا قىلىپ، رەتلىك كىيىنىپ، كاتىپ، قوغدىغۇچىلىرى بىلەن تۆت «بىنتىس» پىكاپقا ئولتۇرۇپ تيەنجىن شەھىرىگە ئاتلاندى.

يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇ ئۆزىگە يېقىندىن ئەگىشىپ كەلگەن كىشىلىرىگە:

- سىلەر مەجلىسخانىدا مېنى ساقلاڭلار، تەخمىنەن ئۈچ سائەتلەردىن كېيىن قايتىپ كېلەلەيمەن، ئاندىن رەھبەرلەر بىلەن سۆزلەشكەن مەزمۇنلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىمەن.

ئۇنىڭ سالەكلىرى مەجلىسخانىدا ئولتۇرۇپ، بىئاراملىق ئىچىدە كۈتتى، كۈتتى، ئۇ قايتىپ كەلمىدى. ئارقا - ئارقىدىن ئۇلاپ چېكىلگەن تاماكىلارنىڭ كۆتەكلىرى كۈلدانلارغا پاتماي كەتتى، ئۇ يەنىلا قايتىپ كەلمىدى. ئۇ بەلگە بەرگەن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، بۇ يەردە ساقلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ سەۋر قاچىسى توشۇپ تاشتى. ئۇلار بىئاراملىق، ئېسەنكىرەش، ئالاقزادىلىك ئىچىگە چۆكتى. كىمدۇر بىرى ھودۇقۇپ تەكلىپ بەردى:

- قورۇقتىن قورۇق ساقلاۋەرمەيلى، كەنت بېشىغا بېرىپ قاراپ باقمايلىمۇ؟

زېرىكىپ ئاران تۇرغانلارغا بۇ تەكلىپ ياغدەك ياقتى. ئۇلار كەنتنىڭ غەربىي شىمالىدىكى تيەنجىنگە بېرىپ - كېلىدىغان يول ئېغىزىغا بېرىپ، تيەنجىن تەرەپكە قاراپ تۇرۇشتى. ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندە بىرەيلەن:

- قايتىپ كەلدى، قايتىپ كەلدى! - دەپ توۋلىۋەتتى.

باشقىلار بويۇنداپ قاراشتى. ئاسمان - پەلەك توپا توزىتىپ تۆت دانە «بىنتىس» پىكاپ كېلىۋاتاتتى. ساقلاپ تۇرغانلار پىكاپنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتمەيلا، ئۆزلىرىنى پىكاپ تەرەپكە ئېتىشتى.

بۇ زومىگەر ئولتۇرىدىغان «بىنتىس 600» تېخى توختىمايلا، قارشى ئالغۇچىلار پىكاپنى ئورىۋالدى. ئىككى تەرەپتىكى ئىشىكنى تەڭ ئېچىپ قاراشتى. پىكاپ ئىچىدە شوپۇر بىلەن كاتىپلا ئولتۇراتتى. بۇ زومىگەر كۆرۈنمەيتتى. باشتىكى پىكاپنىڭ توختىشى بىلەن كەينىدىكى ئۈچ پىكاپمۇ توختاپ، ئۇنىڭدىن باشلىرى چۈشۈپ كەتكەن قوغدىغۇچىلار چىقىپ كېلىشتى.

ئۇلار بۇ زومىگەرنىڭ سۆھبەتلىشىشكە كىرىپ كەتكەنچە قايتىپ چىقمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ سۆھبەت مەيدانىغا كىرگۈزۈلمىگەنلىكىنى، ساقلاۋېرىپ چۈشتىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشتى.

ئۇلار داچيۇجۇاڭ كەنتى يېزا ئىگىلىك - سانائەت سودا باش شىركىتىنىڭ مەجلىسخانىسىغا قايتىپ كېلىپ بۇ زومىگەرنىڭ قايتىپ كېلىشىنى داۋاملىق ساقلىدى. كۈن چۈشتىن قايرىلدى، قايتىپ كەلمىدى. كەچ بولدى، قايتىپ كەلمىدى، كېچىچىمۇ قايتىپ كەلمىدى...

ئەتىسى ئۇلار ئۇنىڭ ھەيۋىسى ئاتوم بومبىسى پارتىلىغاندىن تۆۋەن تۇرمايدىغان شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرى مەملىكەت ئىچى - سىرتىغا تارقالدى:

**جىنايەتچىلەرنى قانات ئاستىغا ئېلىپ يوشۇرغان، ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلغان بۇ زومىگەر جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقتىن توختىتىپ قويۇلدى**

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى بېيجىڭ 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى خەۋىرى: مۇخبىرنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىدىن ئۇقۇشىچە، تيەنجىن شەھىرى جىنخەي ناھىيىسى داچيۇجۇاڭ كەنتى يېزا ئىگىلىك سانائەت ـ سودا باش شىركىتىنىڭ لىدىرى يۈ زومىن 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تيەنجىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى تەرىپىدىن جىنايى ئىشلار بويىچە قانۇن بويىچە توختىتىپ قويۇلغان.**

**ئۆتكەن يىلى 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى داچيۇجۇاڭ كەنتىدە خىزمەتچى ۋېي فۇخېنى قانۇنسىز تۇتۇپ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش دېلوسى يۈز بەرگەن. بۇ دېلونى رازۋېتكا قىلىش جەريانىدا، يۈ زومىننىڭ جىنايەتچىلەرنى قانات ئاستىغا ئالغانلىقى، يوشۇرۇپ قويغانلىقى ۋە قانۇنسىز ۋاسىتىلەر بىلەن ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش قاتارلىق جىنايى قىلمىشلارنى سادىر قىلىپ، جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى سېزىلگەن. ئەدلىيە ئورگانلىرى بۇنى قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلماقچى.**

بۇ خەۋەر ئاڭلانغاندىن كېيىن، يۈ زومىننىڭ سالەكلىرىنىڭ يىلى چىقىپ كەتكەن توپتەك سولىشىپ كەتكەنلىكىنى دېمەيلا قويايلى، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بېغىشلىرىنىمۇ پارقىراپ تۇرىدىغان كويزا سېلىندى.

ئۇلار شۇنى بىلمەيتتىكى، يۈ زومىن تيەنجىنگە بارغان كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە تيەنجىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ تەييارلىق سوراقخانىسىغا كىرىپ بولغانىدى. بۇ شەھەرنىڭ يۈ زومىن ۋە «داچيۇجۇاڭ ۋەقەسى»نىڭ ئالاھىدە ئەھۋال ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇرۇنقى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، مەركەزنىڭ «تۆت كىشىلىك گورۇھ»نى تارمار قىلغىنىغا ئوخشاش تاكتىكا قوللىنىپ، «يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىش» ئارقىلىق ھەم مەسىلىنى پاك ـ پاكىز ھەل قىلىش، ھەم توقۇنۇش ياكى زوراۋانلىق يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ...

يۈ زومىن تەييارلىق سوراقخانىسىغا كىرىپ، ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مېھمان قاتارىدا كۈتۈلىدىغان ھەشەمەتنى كۆرمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەرگە ... سافاغا ئولتۇرۇپ، پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ، بىلەكلىرىنى سافانىڭ يان يۆلەنچۈكىگە ئېغىر تاشلاپ، ھاكاۋۇرلارچە سوراقچىغا تىكىلدى.

ـ ئولتۇرىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇڭ، ـ دېدى سوراقچى خېلى ئەدەپ بىلەن. چۈنكى ئۇ بۇ يەرلىك «خاقان»نىڭ تېخىچە نەگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيۋاتقىنىغا كۈلگىسى كېلىۋاتاتتى.

ـ قانداق گېپىڭىز بولسا ئېيتىۋېرىڭ، ـ يۈ زومىن يەنىلا سافادا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ پېتىدىن چۈشمەي سۆز قايتۇردى.

ـ سوراققا تارتىلغان ئادەم سوراقخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ، ـ دېدى سوراقچى يەنىلا قوپاللىق قىلماي چۈشەندۈرۈپ، ـ بۇ بىر قائىدە، ئەگەر سوراققا جاۋاب بېرىۋېتىپ چارچاپ كەتسىڭىز، بىردەم ـ بىردەم سافادا ئولتۇرۇپ دەم ئالسىڭىز بولىدۇ.

يۈ زومىن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئەمدى چۈشەندى. ئۇ ئۆزى بىلەن بولىدىغان «سۆھبەت»نىڭ ئادەتتىكى سۆھبەت ئەمەس، بەلكى سوراق ئىكەنلىكىنى؛ بۇرۇن ھەردەك ئولىشىۋالىدىغان مۇخبىرلارنىڭ زىيارەت قىلىش ئوبيېكتىدىن ئەمدىلىكتە سوراققا تارتىلىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى؛ سەن ئەمەس مەن دەپ يۈرگەن داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ «خوجايىنى»نىڭ ئەمدىلىكتە جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشەندى.

سوراقچى ئېيتقان ھېلىقى «بۇ بىر قائىدە» ئىككىلىنىڭ بىرنەچچە ئايغا سوزۇلغان ئىلىشىشىدا ئىزچىل ئۆزگەرمىدى. يۈ زومىن سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىۋېتىپ چارچىسا، سافاغا بېرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ ئارام ئالاتتى. سوراقچى لۇ جېنلىك ئاشۇنداق بولغىنى ياخشى، بىر جەھەتتىن يۈ زومىن ئارام ئېلىپ، يېڭى سوراققا تەييارلىنىدۇ، يەنە بىر جەھەتتىن ئولتۇرىدىغان ئورۇننىڭ ئۆزگىرىشى قارمۇ قارشى ئىككى تەرەپنىڭ ئارىلىقىنى كىچىكلىتىپ، ئاز ـ تولا بولسىمۇ سەمىمىيلىكنى پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارايتتى.

يۈ زومىن تەلەپ بويىچە ئۆز تەرجىمىھالىنى ۋە ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

لۇ جېنلىك توختىتىپ قويۇش گۇۋاھنامىسىنى قولىغا ئېلىپ:

ـ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قولغا ئېلىش، توختىتىپ قويۇش نىزامىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، سىز جىنايى ئىشلار جىنايىتى بىلەن قانۇن بويىچە توختىتىلىسىز. بۇنىڭغا قول قويۇڭ! ـ دېدى.

ـ قول قويمايمەن! ـ يۈ زومىن رەت قىلدى.

ـ قول قويۇش ـ بىر قانۇنىي رەسمىيەت. توختىتىپ قويۇش گۇۋاھنامىسىنىڭ قانۇنىي كۈچى بولىدۇ، ـ دېدى لۇ جېنلىك، ـ سىز قول قويمىغاندىمۇ ئەمدى داچيۇجۇاڭ كەنتىگە كېتەلمەيسىز.

www.uyghurkitap.com



– مېنى نېمىشقا توختىتىپ قويىسلەر، سىلەرنىڭ نېمە پاكىتىڭلار بار؟

– پاكىت ئەلۋەتتە بار، بۇ سىزگىمۇ ھەممىدىن بەك چۈشىنىشلىك. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ھېچقانداق سەۋەبسىزلا سىزنى توختىتىپ قويمايدۇ. مەيلى سىز مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇڭ ياكى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇڭ، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەن قائىدىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك. مەسىلىلەرنى راستچىللىق بىلەن تاپشۇرۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ خىزمىتىگە ماسلىشىپ بېرىشىڭىز لازىم. مانا بۇ باياتىنقى سوراقنىڭ خاتىرىسى، كۆرۈپ بېقىڭ. ئەگەر پاكىتلارغا ئۇيغۇن بولسا، قول قويۇڭ.

– كۆزۈم تورلىشىدۇ، ئېنىق كۆرەلمەيمەن.

– ئەمىسە مەن ئوقۇپ بېرەي.

– ئاڭلىمايمەن.

– ئاڭلىمىسىڭىز توغرا خاتىرىلەنگەن – خاتىرىلەنمىگەنلىكىنى بىلەلمەيسىز، ئۇنداقتا قانداق قول قويىسىز؟

– قول قويمايمەن!

## قانۇن ئالدىدا ئۇ تەكەببۇر بېشىنى ئەگدى

تۆت ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، يۈ زومىن 38 قېتىم سوراققا تارتىلدى. سوراق خاتىرىسى قاچىلانغان قەغەز خالتا 86 گە يەتتى. ئۇ جاۋاب بېرىشنى رەت قىلىشتىن خالار – خالىماس جاۋاب بېرىشكە، كېيىنچە خېلى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، پاكىتلارنى ئېنىقلاشقا تىرىشىش مەۋقەسىگە ئۆتتى. بۇ سوراقچى لۇ جېنلىڭ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ قانۇن، بەلگىلىمىلەر يول قويغان دائىرىدە يۈ زومىننىڭ خاتالىقىنى تونۇشقا سەمىمىي ياردەم بەرگەنلىكىدىن ئايرىلمايدۇ، ئەلۋەتتە.

1993 – يىلى 8 – ئاينىڭ 22 – كۈنى كېچىدە، تيەنجىن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسىدە، يۈ زومىن خەت چوڭايتقۇچى ئەينەك تاقاپ، ئۆزى ئۈستىدىكى ئەيىبنامىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى ئوقۇپ ياتاتتى. ئۇ، بۇ ئەيىبنامىنى ئالتە قېتىم تەكرار ئوقۇپ، خەتلەر ئارىسىدىن، قۇرلار ئارىلىقىدىن ئۆزى پايدىلىنالايدىغان يوچۇق، ئېسىلۋالغىلى بولىدىغان شال پاخلى چىقىپ قالار دەپ ئىزدەيتتى. ئەمما ئەيىبنامىدە كۆرسىتىلگەن جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسى راست، پاكىتلىق بولۇپ، كۆپتۈرۈۋېتىلمىگەن ياكى كىچىكلىتىۋېتىلمىگەنىدى. تەھلىللىرى توغرا، ئىسپاتلىرى تولۇق ئىدى. ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتتى ۋە پىشانىسىغا تەپچىپ چىققان مۇزدەك تەرنى سۈرتۈپ بېشىنى ئەگدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكىلەرنى باشلاپ ئىگىلىك تىكلەپ ئۆتكەن جاپالىق كۈنلەر كەلدى. ئۇ ئۈچ يىلدىن بۇرۇن يۈز بەرگەن لىيۇ يۈتيەننى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش ۋەقەسىنى يادىغا ئالدى. ئۇ جاڭ يەنچۈن، يۈ زوياۋ، جاۋ شۇجۇڭلارنىڭ يۈكىنىپ – تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يالۋۇرۇپ نەسىھەت قىلغان چاغدىكى سۆزلىرىنى ئەسلىدى.

لىيۇ يۈتيەن ئۆلگەن چاغدا يۈ فامىلىلىك ئۇرۇق – تۇغقانلاردىن يەتتىسى قولغا ئېلىنغانىدى. ساۋاق ئېلىشقا تېگىشلىك بۇ دېلودىن ئۇ ساۋاق ئالمىدى. جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى داۋاملىق قانات ئاستىغا ئېلىۋەردى. بۇ قېتىم يەنە نەچچە ئادەم قولغا ئېلىنار؟ يەتتە ئادەم ئۈچ قېتىم قاتلانغاندا چىقىدىغان خۇلاسە سان بىلەن تۈگەرمۇ ياكى...

سوت ئوچۇق سوراق قىلغاندا، مەسىلىگە ياۋاشلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ، جىنايىتىگە باش ئېگىپ ئىقرار قىلسا، جازا كېسىمى يەڭگىللەرمۇ بولارمۇ؟ ئەمدى يەنە پەرۋانە ئوتقا ئۆزىنى ئۇرغاندەك نادانلىق ۋە ئەخمەقلىق قىلىۋەرگىلى بولمىغۇدەك...

يۈ زومىن ئۇزاق ئويلىدى، ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى.

تيەنجىن شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئوچۇق سوت ئاچتى. بىر قاتاردا ئۇنىڭ قولچوماقلىرىدىن يەتتىسى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە سوراقنى قوبۇل قىلدى. تيەنجىن شەھىرىنىڭ ھەر ساھەلىرىدىن كەلگەن 200 دىن ئارتۇق كادىر ۋە ئامما سوتنى چەتتىن ئاڭلىدى. يۈ زومىن سوراق سەھنىسىدە تۇرغاندا، زېمىننىڭ پېرىمىنى زىلزىلىگە سالغان بۇ ئاتاقلىق ئىسلاھاتچى كۆزلىرىنى چەتتىن ئاڭلىغۇچىلارغا دادىل تىكىپ قارىيالمىدى. چۈنكى ئۇ يەردىكى بىرمۇنچە چىرايلار ئۇنىڭغا ناھايىتى تونۇش ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ 3 – ئايدىكى شاپتۇل چېچەكلىرىدەك بىر مەزگىللا قىزىل بولۇپ تۇرۇپ، كېيىن مېۋە بېرەلمەي يېگىلەپ توزۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندى.

ئىككى كۈنلۈك ئوچۇق سوت جەريانىدا يۈ زومىن ئاغزىدىمۇ، دىلىدىمۇ قايىل بولغان ھالدا جىنايەتلىرىگە ئۇزۈل – كېسىل ئىقرار قىلدى. ئۇ مۇقەددەس قانۇن ئالدىدا تەكەببۇر بېشىنى ئەگدى، ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىكىگە قايىل بولدى. بىرېم يىل ئىلگىرى بۇنداق بولۇشنى كۆرۈش تۈگۈل، تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ بولمايتتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، تيەنجىن شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئوچۇق ھۆكۈم ئېلان قىلدى:

– يۈ زومىنگە جىنايەتچىلەرنى يوشۇرغان جىنايىتى، ۋەزىپە ئۆتەشكە توسقۇنلۇق قىلىش جىنايىتى، پارا بېرىش جىنايىتى، قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرۇش جىنايىتى ۋە قانۇنسىز رىجىمگە ئېلىش جىنايىتى ئۈچۈن، ھەممىسىگە قوشۇپ 20 يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلدى، سىياسىي

هوقۇقىدىن ئىككى يىل مەھرۇم قىلىندۇ.

— ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى يۇ شاۋجېڭمۇ پارا بېرىش جىنايىتى، قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرۇش جىنايىتى ئۈچۈن ئون يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

— ئوخشاش دېلودىكى قالغان ئالتە جىنايەتچىگىمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىر يىلدىن بەش يىللىقىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى.

ۋېي فۇخېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن 18 جىنايەتچىگىمۇ ئايرىم - ئايرىم ھۆكۈم چىقىرىلدى:

— باش جىنايەتچى لىيۇ يۇنجاڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىش، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش ھۆكۈم قىلىندى.

— ئاساسلىق جىنايەتچى لى جېنبياۋ، لو دېيۇمىلەرگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىپ، سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش ھۆكۈم قىلىندى.

— ئوخشاش دېلودىكى ئەگەشكۈچى 15 جىنايەتچىگە ئايرىم-ئايرىم ھالدا بەش يىلدىن 15 يىلغىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىندى.

يۇ زومىنگە، داچيۇجۇاڭ كەنتىگە قانداق باھا بېرىش، داچيۇجۇاڭ ۋەقەسىدىن قانداق ساۋاق ئېلىش، ئۇنىڭ بۇرۇنقى تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىش ياكى ئىنكار قىلىش ئېنىقلىۋېلىشقا تېگىشلىك تېما بولۇپ قالدى. داچيۇجۇاڭ كەنتىدىكىلەرمۇ زور روھىي ۋە پسىخىك بېسىم ئاستىدا قالدى. دەل شۇنداق چاغدا، ئىنتايىن ئۆز پەيتىدە «خەلق گېزىتى» باش ماقالە ئېلان قىلدى.

باش ماقالىدە: بۇ كەنتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان مەيدانغا چىققان يېزىلارنىڭ ئىلغار تىپى ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئېلىمىزدە ئالدىن بېيىغان يېزىلارنىڭ تىپى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ھەمدە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىدىكى ئايرىم ئادەملەرنىڭ خاتالىقى بىلەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۇلۇغ تەدبىرىنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى.

باش ماقالىدە تۆۋەندىكى تۆت ساۋاقنى قوبۇل قىلىش تەكىتلەندى: 1) ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدىكى تونۇشنى تىكلەش لازىم؛ 2) ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش لازىم؛ 3) بىر ئادەمنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى ھەرقانچە زور بولغاندىمۇ، ئۇ شەخس بىلەن تەشكىل، شەخس بىلەن ئامما، شەخس بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئورۇنغا قويۇش لازىم؛ 4) پارتىيە قۇرۇلۇشىنى بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشىنى چوقۇم ياخشى تۇتۇش لازىم.

«خەلق گېزىتى»نىڭ باش ماقالىسى ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا، داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ رادىئو كانايلىرىدا كېيىنى - كەينىدىن تەكرار ئاڭلىتىلدى.

داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ كىشىلىرى مەركەزنىڭ ئاۋازىنى يەتكۈزىدىغان «خەلق گېزىتى»نىڭ باش ماقالىسىنىڭ تولۇق تېكىستىنى تېپىپ تۇرۇشۇپ، زوق بىلەن ئاڭلاشتى. ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن ئىسسىق ياشلىرى تاراملاپ ئاقتى، ئۇلار يېنىك تىن ئالدى.

## 7 - داچيۇجۇاڭ كەنتى قايتا جانلاندى

داچيۇجۇاڭ كەنتى يېڭى پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى ئىقتىسادىي يۇقىرى چوققىغا چىقىش ئۈچۈن بەل باغلىدى. ئۇلار مېتاللورگىيە سانائىتىنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى دەل ۋاقتىدا تەرتىپكە سېلىپ تەڭشەپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە ئۈچىنچى كەسىپكە سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىپ، قوشنا يېزا - بازارلاردىن ۋە ئىچكى موڭغۇلنىڭ توقتۇ ناھىيىسىدىن 14 مىڭ مو يەر ئىجارە ئالدى، قايتا تېرىدى ۋە بوز يەر ئاچتى. پەقەت بىر خىللا كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكنى پەيدىنپەي ئىسلاھ قىلىپ، كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پاي قوشقان پاي ھەسسىدارلىق توختام تۈزۈمى تۇرغۇزۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى. 1996 - يىلى ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 10 مىليون 400 مىڭ جىڭ بولۇپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى 10 مىليارد 630 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى. بۇ يۇ زومىن ھوقۇق تۇتۇپ يۈرگەن 1992 - يىلدىكىدىن بىر قاتلىنىشتىن جىقراقتا توغرا كېلىدۇ. 1996 - يىلى ئۇلار يەنە پايدا، باج ئومۇمىي كۆرسەتكۈچىنى 760 مىليون يۈەنگە يەتكۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتكە تاپشۇرغان باجلا 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدۇ.

داچيۇجۇاڭ كەنتى يەنە «ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش، ئىككىنچى قېتىملىق ئىگىلىك يارىتىش توغرىسىدا بىرىنچىچە پىكىر» تۈزۈپ چىقىپ، 2010 - يىلىغا بارغاندا داچيۇجۇاڭ كەنتىنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنى 72 مىليارد يۈەنگە يەتكۈزۈش؛ مۇقىم نوپۇسنى 30 مىڭ ھېسابلىغاندا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 2 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە، ساپ پايدا نىسبىتىنى 4 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈشنى؛ خەلق تۇرمۇشىدا ھازىرقى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سەۋىيىسىگە يېتىشۋېلىشنى؛ داچيۇجۇاڭ كەنتىنى ئىقتىسادىي گۈللەنگەن، جەمئىيەت تەرەققىي تاپقان، پەن - تېخنىكىدا يۈكسەلگەن، مۇھىتى گۈزەللەشكەن زامانىۋى كىچىك شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدى.

1993 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى داچيۇجۇاڭ كەنتى تيەنجىن شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي تەستىقلىشى بىلەن كەنتتىن بازار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى.

1995 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى يەنە مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك بازار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ داچيۇجۇاڭنىڭ يېزىلارنى سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەرلەشتۈرۈش، زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا چوڭ بىر قەدەم تاشلىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

داچيۇجۇاڭ 2010 - يىلغىچە بولغان تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پارتوملىڭ رەھبەرلىكىدە ماس قەدەملىك بىرقاتار تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى. «مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر» ئوتتۇرىغا قويۇپ، «ئىككىنچى قېتىملىق ئىگىلىك تىكلەش جەريانىدا، داچيۇجۇاڭنىڭ شان - شەرىپىنى قايتا تىكلەش، داچيۇجۇاڭنىڭ بىر پۈتۈن ئوبرازىنى يېڭىۋاشتىن تىكلەش، رايون ئىگىلىكى بىلەن جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن گۈللىنىشىدەك يېڭى زېمىن يارىتىش»نى تەلەپ قىلدى. بىر پۈتۈن ئوبراز پەرقلەشتۈرۈش سىستېمىسى (IC) پىلانىنى كېڭەيتىش ۋە قوللىنىشنى كۈچەيتىپ، داچيۇجۇاڭنىڭ بىر پۈتۈن ئوبراز قۇرۇلۇشى سىستېمىسى ۋە ئۇنى قوغداش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، خەلقئارا ماس قەدەملىككە ئۇيغۇنلىشىپ، دۇنيانىڭ داچيۇجۇاڭنى تونۇش، داچيۇجۇاڭنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىش مۇساپىسىنى تېزلەتتى.

ياۋشۇن، جىنخەي، ۋەنچۇەن، جىنمېي تۆت چوڭ گۇرۇھ «يولغا قويۇش پىكرى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆز سىستېمىسىدىكى كارخانا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى كارخانا باشقۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى سۈپىتىدە چىڭ تۇتتى ۋە كارخانا روھىنى يېتىلدۈرۈشنى يادرو، كارخانا ئوبرازىنى تىكلەپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتىشنى مەزمۇن، كارخانا باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلغان كارخانا مەدەنىيىتىنى باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى. ھەرقايسى چوڭ گۇرۇھ شىركەتلەر ئۆز ئالدىغا رادىئو ئىستانسىلىرىنى قۇردى. داچيۇجۇاڭ بازارلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن باشقا يەنە ياۋشۇن گۇرۇھى شىركىتى 2 مىليون يۈەن چىقىرىپ، ياۋشۇن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇپ چىقتى. جىنخەي گۇرۇھى شىركىتى ناھايىتى نەپىس لايىھىلەنگەن «جىنخەي كىشىلىرى» ناملىق يېرىم ئايلىق ژۇرنال، داچيۇجۇاڭ ئىقتىسادىي كومىتېتى بىلەن بىرلىشىپ «داچيۇجۇاڭ ئۇچۇرلىرى گېزىتى» نەشر قىلدى. كارخانىلارنىڭ بۇنداق مەدەنىيىتى ۋە تەشۋىقاتى تەدبىر تۈزۈش قاتلىمىنىڭ تىجارەت ئىدىيىسى ۋە تەدبىرىنى، كارخانا روھى قاتارلىق ئىدېئولوگىيىلىك پائالىيەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە يەتكۈزۈشتىن تاشقىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۈچۈنمۇ تەكلىپ، تەدبىر ئوتتۇرىغا قويىدىغان، مەدەنىي تۇرمۇشنى جانلاندۇرىدىغان سورۇن بىلەن تەمىن ئەتتى.

داچيۇجۇاڭ كەنتىدە مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ، بالىلار يەسلىسى بار ئىدى. بازار بولۇپ دەرىجىسى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، 16 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، دۆلەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتكەن، ئۈنۋېرسال ئەسلىھەلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن، ئىقتىدارى تولۇق، ھەيۋەتلىك قالتىس، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بالىلار باغچىسىدىن ئىككىنى يېڭىدىن قۇردى. جىنخەي، ياۋشۇن، ۋەنچۇەن، جىنمېي تۆت چوڭ گۇرۇھ شىركەت يېڭىدىن يەنە تۆت باشلانغۇچ مەكتەپ سالدى. بۇ مەكتەپلەرگە تەبىئەت تەجرىبىخانىسى، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ئۆيى، تىل ئۆگىنىش ئورنى قاتارلىق ياردەمچى ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى ھەمدە مەخسۇس ئوقۇتۇش سىنىپلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەممە سىنىپ ۋە ئىشخانىلارغا ھاۋا تەڭشىگۈچ بېكىتىلدى. ئوقۇغۇچىلارنى ئەكىلىپ - ئاپىرىپ قويۇشقا ئاپتوبۇسلار سەپلەپ بېرىلدى. مائارىپ خىراجىتى ئۈچۈن قانچە پۇل كېرەك بولسا، شۇنچىلىك پۇل ئاجرىتىلدى. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر پۈتۈنلەي تيەنجىن شەھىرىدىكى ئەڭ ئىلغار مەكتەپلەرنى ئۆلچەم قىلىپ باشقۇرۇلدى.

داچيۇجۇاڭنىڭ مائارىپ باشقۇرۇش مەقسىتى: بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز مەملىكەت ئىچىدە ئەڭ ئىلغار مائارىپ تەربىيىسى ئېلىپلا قالماي، چەت ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇپ، خەلقئارادا بىرىنچى دەرىجىلىك تەربىيە ئالسۇن!

داچيۇجۇاڭ رەڭگارەڭ شەپەق نۇرىغا كۆمۈلگەن دەۋر مۇزىكىسىغا ماسلاشقان ياڭراق ناخشا - ئۇسسۇلى بىلەن جەڭگىۋارلىق ھەم شاد - خۇراملىقنى ھەمراھ قىلىپ، 21 - ئەسىرگە قاراپ چاپماقتا...

(خەنزۇچە«كونا - يېڭى ھېكايەتلەر» ژۇرنىلىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى)


# مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى



مۇھەررىرلەر ژۇرنال خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلماقتا



بۆلۈم مۇدىرى ياسىن ھاۋازى



بۆلۈم مۇئاۋىن مۇدىرى خەمىت نىغمەت



مۇھەررىر ئەركىن ئەبەيدۇللا


مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر
ۇمى باشقارما دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ ، 1988 - يىلى قۇرۇلغان .
ىر تەھرىر بۆلۈمدە 3 خادىم بار ، بۇنىڭ ئىچىدە كاندىدات ئالىي
ەررىر 1نەپەر ، مۇھەررىر 2 نەپەر .


تەھرىر بۆلۈمدىكى بارلىق خادىملار ئۇيغۇرچە « مىللەتلەر
تىپاقى » ژۇرنىلىنى رېئاللىقتا يۇزلەندۇرۇپ ، مىللەت ساپاسى-
يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇنبەرگە ئايلاندۇرۇپ ، بىلىم - ساۋات
اكتېرى كۈچلۈك ، جەلپ قىلارلىق قىلىپ چىقىرىپ يۇز مىڭ-
ان ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى . تەھرىر بۆلۈمدىكى
ىملار پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ، ئاز-
لىق مىللەتلەرنىڭ تۇرلۇك ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىنى ۋە تەرەق-
ات يۇزلىنىشلىرىنى تەشۋىق قىلىش ، خەلقىمىزنىڭ قەلب
ياسىنى ئىلىم - پەن نۇرى بىلەن يورۇتۇپ ، ئۇلارنى پەن - مەدە-
ەت بىلىملىرىنى ئىگىلەشكە ۋە شۇ ئارقىلىق مىللەت ساپاسىنى
ىرى كۆتۈرۈشكە يېتەكلەشتىن ئىبارەت تەشۋىقات سېپىدە پە-
ارلىق بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە .


بۇ ژۇرنالنىڭ « مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ » ، « مىللەت ساپاسى
ققىدە سۆھبەت » ، « گۈلدەستە » قاتارلىق داڭدار سەھىپىلىرى
.


« مىللەتلەر ئىتتىپاقى » ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى
غىن قارشى ئالىمىز .

ئالاقىلىشىش تېلېفونى : 2837021 ، 2308564 ( 0991 )










كومپيۇتېر تەھرىرى باھارگۈل خىزمەت ئۈستىدە



كومپيۇتېر تەھرىرى بۇھەجەر خىزمەت ئۈستىدە





كومپيۇتېر تەھرىرى ئابلىمىت خىزمەت ئۈستىدە

# مىللەتلەر ئىشپاقى ژۇرناللىرى نەشرىيا
# شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئۈنۈم كومپيۇتېر بۆ

بۇ بۆلۈم ئامېرىكىنىڭ « ئالما » ماركىلىق ئىلغار سۈرەت ئىشلەش كومپيۇتېرى ، يۇقىرى دەرىجىلىك سۈرەت كىرگۈزۈش ماشىنىسى ، رەڭلىك پۈركۈپ بېسىش ماشىنىسى قاتارلىق ئەڭ ئىلغار ئۈسكۈنىلەر بىلەن قوراللاندۇرۇلغان بولۇپ ، كىتاب - ژۇرناللارنىڭ رەڭلىك مۇقاۋىلىرىنى ، ئاتكىرىتكا ، سۈرەت كىرگۈزۈلگەن رەڭلىك كالېندار ، رەڭلىك سۈرەتلىك ئىسىم كارتوچكىسى قاتارلىقلارنى لايىھىلەپ ياسايدۇ ، ھەر ساھە خېرىدارلىرىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى قارشى ئالىدۇ .

ئالاقىلىشىش تېلېفونى : 2308564 ، 2837021





标准刊号 ISSN1004 - 1745　国内统一刊号 CN65 - 1012/1　邮发代号 58 - 83　零售价 4. 40 元